# تارىم

5

1991

# پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز



پېشقەدەم شائىر ئەلقەم ئەختەم

ئىجادىيەت ئۈستىدە . ( 1990 ـ يىل 8 ـ ئاي )

ئەلقەم ئەختەم مەرھۇم ياسىن ھاجى خۇدابەردى

ۋە ئابلىز نازىرى بىلەن بىللە . ( 1986 ـ يىل 9 ـ ئاي )




باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : ئارسلان

مەسلىھەتچىلەر: ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

---

تەھرىر ھەيئەتلەر ( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ):

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن . ئارسلان . ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر . ئابلىكىم باقى ، تۇرغان شاۋدۇن ، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن . قەييۇم تۇردى . مەھەممەت شاۋۇدۇن ، مەھەممەت زۇنۇن . مەھمۇد زەيدى . ئىمىن تۇرسۇن . ئىمىن ئەخمىدى ، زوردۇن سابىر .

# تارىم

## (ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

**5**

41 -يىل نەشرى

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


م. لىتىپ ........ قەبرە بېشىدىكى ئۇچرىشىش (ھېكايە)........ 4

ز. تاھىر ........ مۆرسمەس (ھېكايە)........ 19

ئە. ئۆمەر ........ تۆتەك ئارىسىدىكى ئاي (ھېكايە)........ 38

ق. ھاپىز ........ «كەشمىر ھالقا» (ھېكايە)........ 50

ز. قېيۇم ........ مېنىڭ ئانام (نەسىر)........ 58


## شېئىرلار


م. روزى ........ ئىتتىپاقلىق ھەققىدە غەزەل........ 13

ئى. كېرەم ........ قەدىرلەيمىز ئىناقلىقنى........ 13

ن. قاسىم ........ ئىناقلىق ئەلا........ 15

ئى. داۋۇت ........ ئىتتىپاقلىق كۈيى........ 16

ئى. ئابلىز ........ ئانا ........ 16

ر. نىياز ........ نۇر بولۇپ سىڭىمەن قوچاقلىرىڭغا........ 18

ئا. ساۋۇت ........ ئىككى غەزەل........ 60

ئا. سۇلايمان ........ كۈيلەيمىز مىسرا تىزىپ ئانا تۇپراق........ 62

ئا. تۇنىياز ........ قىش جىلۋىسى، زۇمرەت يۇلتۇزلار........ 64

ت. قادىر ........ زەرەپشاندا دولقۇنلىغان خىياللار........ 65

م. ئەھەت ........ ئىككى شېئىر........ 67

غ. غوپۇرى ........ باھارنىڭ باغرىدا ھەر بىر ئەسنالار........ 69

م. بارى ........ خۇشاللىقنىڭ خۇشاللىقىم مېنىڭكى........ 69

ك. ھۈسەيىن ........ جانان، بىر قېتىم........ 71

ئە. ياسىن ........ دۆپپۇلدەيدۇ يۈرىكىڭ، ئانا........ 72

ر. ھۈسەيىن ........ بار ئېسىمدە ئاشۇ بىر چاغلار........ 73

ت. ئوبۇلقاسىم ........ غەزەللەر ........ 74


## بالىلار ئەدەبىياتى


ن. توختى ........ چۆل ئوغلى (پوۋېست)........ 76

س. ھاشىم ............ سىرلىق يېشىل نۇر (ھېكايە)............ 104

ئې. ئۆمەر ............ دادا دېگەن ـ ھە! (ھېكايە)............ 111

پ. مامۇت ............ جاپاكەش (ھېكايە)............ 116


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


جالا گۆيتمك ............ جەنۇب شېئىرلىرى............ 118

ق. ئاخۇنباي ............ پامىرىم، شۇ ھالدا گۈزەلسەن شۇنچە............ 121


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئى. ئىمزاقى ............ شېئىرىيەت لوگىكىسى............ 124

م. زايىت ............ ئىجادىي قابىلىيەت، ئىرىشچانلىق ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇم............ 131


## كىتابخانىلاردىن خەت


ئا. ئوبۇلھەسەنھاجى............ «پەتىنچى» دېكى چىنلىق مەنزىرىسى............ 139

ئا. مەتقۇربان............ يەنە «سىزنى سۆيەتتىم» ھېكايىسى ھەققىدە............ 140

ئى. نىياز............ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئىككى ئەسەر............ 142


## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


ن. ماتۇيېۋنا ............ ئىرەن شېخى (ھېكايە)............ 144


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


............ 153


* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئابلىكىم ئەمەت ئىشلىگەن.

ئىشتىياقلىق ئاپتىپىدىن ياشنىدى بۈگۈنكى دىيار،
رەڭمۇرەڭ گۈللەر چېچىپ قوزغىدى زوق نەۋباھار

مۇھەممەت لىتىپ

# قەبرە بېشىدىكى ئۇچرىشىش

(ھېكايە)

ئۇمىدجان بولتۇر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانىدى، ئۇ يازلىق تەتىلدە ساۋاقداشلىرىنى تولىمۇ سېغىندى، شۇڭا تەتىلنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى، ئاخىرى كۈتكەن كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. 30 - ئاۋغۇست ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى مەكتەپكە يىغىلىدىغان كۈن. ئۇمىدجان بۈگۈن خۇددى ھەجدىن يانغان دادىسىنىڭ ئالدىغا چىقىدىغاندەك خۇشال ئىدى. ئۇ ئادەتتىكىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى. ئۆيگە كىرىپلا ئانىسىنىڭ پوشكال سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۈگۈن پەيشەنبە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇمىدجان ئېسىگە كەلگەندىن بۇيان ھەر پەيشەنبە كۈنى ئانىسىنىڭ ئەرۋاھلارنى يوقلاپ پوشكال سالىدىغانلىقىنى، بوۋىسى ئىبراھىم ئاكىنىڭ ئۆزىنى يېتىلەپ قەبرىستانلىققا چىقىپ، مەھەممەتجاننىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ يانىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۈگۈن ئۇ مەكتەپكە پاتراق بېرىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئالدىراۋاتاتتى. لېكىن ھەر قانچە ئالدىرىسىمۇ، ئائىلىنىڭ بۇ ئەنئەنىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

شۇ تاپتا ئىبراھىم بوۋاي ياستۇققا يۆلەنگىنىچە، تەسۋىيسىنى سىرىپ ئايەت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئوغلى مەھەممەتجاننى ئەسلەيتتى. ئۇنىڭ مەھەممەتجانغا ئىچى كۆيەتتى. ئۇنىڭدىن سۆيۈنەتتى. خۇش خۇي كىشىلەرگە ھەممە ئادەم ئامراق بولىدۇ. مەھەممەتجان خۇش خۇي، يوغان قوي كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق يېغىپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىق يىگىت ئىدى. ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرمەي، پەقەت ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ يىلىنىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىنى ھېس قىلالايتتى. مەھەممەتجان شوپۇر ئىدى، ئىدارىسىنىڭ «ئازاد» ماركىلىق تۇرمۇش ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى. ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى خادىدىن كۆمۈر توشۇش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا كېلىپ، تۇيۇقسىزلا ئارىدىن كېتىپ

قالدى. بوۋاي ئۇنىڭ قانداق ئۆلگىنىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇ «ئاللا تائالانىڭ كۆزى كور بولۇپ قالدىمىكىن، بۇ ئالەمگە يۈك بولۇپ قالغان مەندەك قېرىغا كۆز قىرىنى سېلىپ يېنىغا تارتماي، ياش ئوغلۇمنى ئەپكەتتىمۇ تاڭ» دەپ خورسىناتتى. ئىبراھىم بوۋاي ئىنتايىن قاۋۇل، ئىدىتلىق، مەزمۇت يۈرىدىغان، پاكىز قېرىغان خۇش چاقچاق كىشى ئىدى. مەھەممەتجاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ بەللىرى خۇددى بوران ئېگىۋەتكەن دەرەختەك ئېگىلىپ، ھاسىغا چۈشۈپ قالدى، جىمغۇر، تەقۋادار بولۇۋالدى. ئۇ مەھەممەتجاننى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالسىلا، ئۆزىگە تەسەللى تاپماقچى بولغاندەك قەبرە بېشىغا قاراپ ماڭاتتى. كېيىنچە ھەر پەيشەنبە كۈنى ئۆيدە ماي پۇرىتىلغاندىن كېيىن، نەۋرىسى — مەھەممەتجاننىڭ بىردىنبىر تەۋەررۈكى ئۈمىدجاننى ئەگەشتۈرۈپ قەبرە بېشىغا كېلىپ، ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىدىغان بولدى. لېكىن قېرىلىق يامان ئىكەن. بۈگۈن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشىشىپ، بامدات نامىزىنىمۇ چىقالمىدى، قەبرە بېشىغا بېرىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن يول مېڭىش كېرەك. ئۇ ئەمدى پىيادە چىقالمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدا غىلدە ياش ئەگىدى، ئۇ ئۈمىدجاننىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ تىترەك ئاۋازى بىلەن:

— ئوغلۇم، مەن ھازىر ماڭالمايدىغاندەك تۇرىمەن. تۇپراق بېشىغا چۈشتىن كېيىن ...— بوۋاينىڭ تامىقى قورۇپ كېتىۋاتقاندەك سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.

ئۈمىدجان دادىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:


— دادا، مەن سىلىنى ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ ئېلىپ چىقاي، پىكاپتەك سىيلىق ماڭغۇزىمەن، بولامدۇ؟ — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

بوۋاي نەۋرىسىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا سىنچىلاپ سەپسالدى. ئۇنىڭ چىراي-شەكلى، گەپ-سۆز، قىلىقلىرىدىن مەھەممەتجاننىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى ۋە نەۋرىسىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئۈمىدجان بوۋايىنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ قەبرىستانلىققا قاراپ يولغا چىققاندا، قۇياش تىك ئۆرلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سېخى نۇرلىرى جاھاننى يىللىتىپ تۇراتتى. چىقىۋاتقان مەيىن شامال بوۋايىنى راھەتلەندۈرۈۋەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، قەبرىستانلىققا بارغىچە نەۋرىسىگە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

شۇ تاپتا قەبرىستانلىق بىر خىل سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۈمىدجان ۋېلىسىپىتنى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كونا قەبرىلەر ئارىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىگە تولىمۇ تونۇش بولۇپ كەتكەن قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دادىسىنى يۆلەپ، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈردى. ئاندىن جەينامازنى يەرگە سېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. ئىبراھىم بوۋاي پەس ئاۋازدا ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئەمدىلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشكە كەينىدە كىمدۇر بىرىنىڭ ئىچ-ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۈمىدجان دۇئا ياندۇرۇپ بولۇپلا،



ئىتتىك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى - دە، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۈچ نەپەر خەنزۇ ياش تۈكۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇمىدجان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ساۋاقدىشى چېن گۇاڭشىننى كۆرۈپ، تېخىمۇ تېڭىرقاپ قالدى.

— چېن گۇاڭشىن، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ بۇ يەرنىڭ قانداق يەرلىكىنى بىلەمسەن؟ — ئۇمىدجان سوغۇق تەلەپپۇزدا ساۋاقدىشىغا سوئال قويدى.

چېن گۇاڭشىن ئالىي مەكتەپتە ئۇمىدجان بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى. ئۇلار يېقىن دوستلاردىن ئىدى. لېكىن بۈگۈن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

ساۋاقدىشىنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانىدەك چېن گۇاڭشىننىڭ بېشى سىلىنىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى بىئارام بولدى. ئۇ خۇددى گۇناھكاردەك بېشىنى سىلىپ، ساۋاقدىشىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئۇمىدجان، ئۇلار مېنىڭ ئاتا-ئانىلىرىم، بۇ قەبرىدىكى كىشى سىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن، لېكىن مەن ئۇنىڭ مېنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزغان، ماڭا ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن. مەن بۇ كىشىنى مەڭگۈ ياد ئېتىمەن، بۈگۈن مەن ئاتا - ئانام بىلەن مۇشۇ قەبرىدىكى شەپقەتچىمنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئەسلىگىلى كەلگەن، بىزنى ئەپۇ قىلىڭلار...

ئۇمىدجان چېن گۇاڭشىننىڭ سۆزلىرىدىن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەرھۇم ئاتىسىغا مۇسىبەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، ئۇنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يىغا قاپلىدى. ئىككى ساۋاقداش بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كەتتى. يىغىغا چېن گۇاڭشىننىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ قوشۇلدى.

بۇ چاغدا ئىبراھىم بوۋايمۇ دۇئا ياندۇرۇپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى - يۇ، لېكىن تۇرالمىدى، بۇنى سەزگەن چېن گۇاڭشىننىڭ ئاتىسى بوۋاينىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپلا ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۇ بوۋاينىڭ ئۆزلىرىگە سوئال نەزەرىدە قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى تېزرەك تۈگىتىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— ھۆرمەتلىك بوۋا، بىز خەنزۇلارنىڭ

ئۆرپ-ئادەتلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، مەھەممەتجاننىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ مۇسىبەتتە تۇرغانلىقىمىزنى ئەپۇ قىلغايسىز، سىز ئۇنىڭ ئاتىسى بولامسىز؟

— شۇنداق، مەن مەھەممەتجاننىڭ ئاتىسى بولىمەن، سىلەر نېمە ئادەملەر؟ مەھەممەتجاننى تونۇمسىلەر؟ — دېدى بوۋاي يىغلامسىراپ.

— بوۋا، مېنىڭ ئىسمىم-فامىلەم چېن جاڭپىڭ، ئايالىمنىڭ ئىسمى-فامىلىسى چېڭ شۇچىڭ، مەھەممەتجان ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ بىز بىر ئائىلە كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغان. بىز ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆلگىچە ئۇنۇتمايمىز!

— نېمە؟ — بوۋاينىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن يوغان ئېچىلدى، — سىلەر مەھەممەتجاننىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلەمسىلەر؟

— شۇنداق بوۋا، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەرھۇم مەھەممەتجاننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىدىن ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلالايلى دەپ ئويلىغان بولساقمۇ، زادىلا جۈرئەت قىلالمىدۇق. بۇمۇ بىزنىڭ سىلىنى تۇغرا چۈشىنەلمىگەنلىكىمىزدىن بولدى. مانا بۈگۈن بۇ تۈگۈن يېشىلىدىغان بولدى.

چېن جاڭپىڭ بوۋاينى يۆلەپ قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ چىقىپ ئاۋايلاپ ئولتۇرغۇزدى-دە، كەينى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، چوڭقۇر ئەسلىمىلەر قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى.

بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن ئۈرۈمچى-كۈچۈك تاشيولىدا مۇنداق بىر پاجىئەلىك قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى:

كېچە، ئاسمان خۇددى قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. سائەت تۆتكە يېقىنلاشقان مەزگىلدە تېجەن گودىن لەڭمۇلىق كۆمۈر بېسىپ يولغا چىققان «ئازادە» ماركىلىق ماشىنا ئۈرۈمچىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇر ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. يامغۇرنىڭ شاۋقۇنى خۇددى شوپۇرنىڭ بېشىغا تېگىۋاتقان تاياقتەك ئەنسىزلىك تۇيغۇسىنى بېرەتتى. يولنىڭ ئوي-دۆڭىنى ئىلغا قىلىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. لېكىن بۇ يول شوپۇرغا تونۇش، ئۇ تالاي قېتىم بۇ يولدا كېچىسى سەپەر قىلغان، يامغۇردا قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. ھېچقاچان ۋەقە سادىر قىلمىغانىدى، لېكىن ئۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتى. يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتقانلىقى، يولنىڭ يامغۇر سۈيى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ شوپۇرنىڭ كۆڭلى بىئاراملىق ئىچىدە قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، بىر خىل سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شوپۇر بىر مەھەللىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، تۇيۇقسىز ماشىنىنىڭ ئالدىدا بىر چېكىتتەك قارا پەيدا بولۇپ قالدى. ماشىنا ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى قارا يېغىناپ مىدىرلاۋاتقان نەرسىگە ئايلاندى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شوپۇر خۇددى سەھنىدىكى ئارتىس تاماشىبىنلارغا قاراپ قاش ئېتىۋاتقاندەك ماشىنىنىڭ چىرىغىنى بىر ياندۇرۇپ، بىر ئۆچۈرۈپ، يولنى داۋاملاشتۇردى، پەقەت يەتتە-سەككىز مېتىر ئارىلىق قالغاندىلا، بىر ئادەمنىڭ قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ، ئېغىر قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى

ئاڭقىرالىدى. مۇشۇنداق تۈن قاراڭغۇلۇقى ۋە قاتتىق يامغۇردا ھايات - مامات مۇشكۈلاتىغا دۇچ كەلمىسە كىممۇ ئىسسىق ئۆيدىن چىقىشنى خالايدۇ. شوپۇر مۇشۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ماشىنىنى قول ھارۋىسىنىڭ ئۇدۇلىغا ھەيدەپ كېلىپ توختاتتى. ھارۋىدىكى بىمارنىڭ ئەسەبىيلەرچە ئىڭراشلىرى، ئېچىنىشلىق نالىسى شوپۇرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغاندا ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. بىمارغا ياپقان يوتقانمۇ يامغۇردا چۆپ - چۆپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. شوپۇر كابىنكىنىڭ ئەينىكىنى پەسكە چۈشۈرۈپ:

— ۋوي يولداش، ھارۋىدىكى كېسەلمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھارۋىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان كىشى بىر خەنزۇ يىگىت ئىدى. ئۇ شوپۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى:

— ئايالىم تولغاق يەپ، بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ئىلاجىسىز يامغۇرغا قارىماي دوختۇرغا ئېلىپ ماڭغانىدىم....—

ئۇ يىغلامسىراپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

شۇ تاپتا شوپۇرمۇ بۇ خەنزۇ يىگىت بىلەن تەقدىرداش ئىدى. ئۇمۇ تۇنجى پەرزەنت كۆرۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە ۋاقتى - سائىتى توشۇپ قالغان ئايالىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆيىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن تۈنۈگۈن ئاخشام ئەل ياتقان مەزگىلدە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» قىلىپ قويۇلغان پېشقەدەم ئىدارە باشلىقىنى يوقلاپ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆردى: ئازادلىق ئۇرۇش يىللىرىدا دۈشمەننىڭ يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئوقلىرىغا پەرۋا قىلماي جاننى تىكىپ ھۇررا توۋلاپ ئاتاكىغا ئۆتكەن بىر جەڭچى شۇ تاپتا ئىلاجىسىز قېلىپ، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا گۇناھكار ئادەمدەك بېشىنى سېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئايالى داق يەردە يېتىپ ئاغرىق ئازابىنى چەكمەكتە ئىدى، بۇ ئائىلىدە يېقىلغۇ تۈگەپ، ئۈچ كۈندىن بۇيان قازان ئېسىلمىغان، بالىلار ئاچلىقتىن يىغا - زارە قىلىشىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شوپۇرنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. شۇڭا قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇلارغا كۆمۈر ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن يېرىم كېچىدىلا يولغا چىقتى. لېكىن شۇ كۈنلەردە كۆمۈر خاڭلىرىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىش نورمال ئەمەس ئىدى، ئۇ خاڭدىكى بىرنەچچە ئاغىنىسىگە يېلىنىپ، ئۆزىمۇ بىللە ئىشلىشىپ يۈرۈپ، سائەت ئىككىدىن ئاشقاندىلا ماشىنىغا كۆمۈر قاچىلاپ بولدى، ئۇ مۇشۇ ياخشىلىقى ئارقىلىق ئايالىنىڭ تۇغۇتىنى يەڭگىللىتەلەيدىغاندەك تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى - دە، قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرىدىن كېتىۋاتقانلىقى، ھاۋانىڭ ناچارلىقى — ئەتىگەندىن تارتىپ يامغۇرنىڭ توختىماي يېغىۋاتقانلىقى ۋە ماشىنا يولىنىڭ خەتەرلىكلىكىگە قارىماي، تۇنجى پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ تاتلىق ھۇزۇرىدىن بەختكە چۆمۈلۈپ يولغا چىققانىدى. ئۇ يولنىڭ كۆپ قىسمىنى بىخەتەر بېسىپ بولدى. مانا ئەمدى بۇ ئېغىر ئاياق ئايالنىڭ تۇغۇت ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە ياردەم بەرسە، ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ تەسەللى تاپىدىغاندەك بىلىندى - دە:

— قېنى ئاغىنە، ئايالىڭنى كابىنكىغا

سال، مەن سىلەرنى دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈپ قويای، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خەنزۇ يىگىتنىڭ مۇزلىغان تېنىگە ئىسسىق بىر ئېقىم تارالغاندەك شادلىنىپ كەتتى، ئۇ هارۋىدا ئىگىراپ ياتقان ئايالنى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا سالدى، شوپۇرنىڭ ياردىمى بىلەن هارۋىنى كۆمۈرنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ، ئۆزى ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ئاسماندىكى ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ ئۆچكەن، زېمىننى تاڭ قاراڭغۇلۇقى قاپلىغانىدى، يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئاسفالىت يولدا يامغۇر سۈيى سەلدەك ئاقاتتى. شوپۇرنىڭ ماشىنا هەيدەش تېخنىكىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىنلا يامغۇر سۇلىرى يەغىلىپ كۆلچەك بولۇپ قالغان يەرلەردىن ماشىنا ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى. يەنە بىرەر كىلومېتىر ماڭسىلا يول ئۈستىدىكى ناهىيە بازىرىغا بېرىپ قالاتتى. ماشىنىنىڭ ئالدىغا يەنە بىر سۇ كۆلچىكى ئۇچراشتى، ماشىنا ئوڭۇشلۇق هالدا كۆلچەكتىن چىقىپ دۆڭگە ئەلىبىلىك ئۆرلىدى، يەنە تۆۋەنگە ئېڭىشتى، شۇ چاغدا شوپۇر كۈتۈلمىگەن ئەهۋالغا يولۇقتى، يامغۇر سۈيى يولنىڭ سول تەرىپىنى بۇزۇپ، يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئەپكەتكەنىدى، ماشىنا پەسلەپ، بۇزۇلغان يەرگە 3 مېتىردەك قالغاندا، شوپۇر ماشىنىنى قاتتىق تورمۇز قىلدى. لېكىن تورمۇزغا سۇ كىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ماشىنىنى توختىتالمىدى. ئەمدى ماشىنىنى ئوڭغا بۇراش كېرەك! ئۇ رولنى ئەمدىلا ئوڭغا بۇرىشىغا ماشىنا يول ياقىسىدىكى يوغان تاشقا ئۇرۇلۇپ قاتتىق سىلكىندى. رول قاڭقىپ چىقىپ شوپۇرنىڭ دەل كۆكرىكىگە تىرىلىپ قالدى...

كابىنكىدىكى ئەر - ئايال ئىككىيلەن بىردەملىك قورقۇش، گاڭگىراشتىن كېيىن هوشىغا كېلىپ، شوپۇرنىڭ نەپىسى توختىغانلىقىنى كۆردى - دە، زار - زار يىغلاشتى، لېكىن يىغا بىلەن نېمىنى هەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇلار بىر هازادىن كېيىن ئەقلىگە كەلگەندەك بولۇشۇپ كابىنكىدىن چىقىشتى، خەنزۇ يىگىت ئايالنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىدىكى، ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاق تەتۈر كېلىپ قالغان بولۇپ، يەنە 20 مىنۇت كېچىكسە، بوۋاق بالىياتقۇدا تۇنجۇقۇپ قالاركەندۇق. شوپۇرنىڭ يولنى قىسقارتىشى بىلەنلا بوۋاق بۇ دۇنياغا تىرىك كۆز ئاچالىدى. ئۇنىڭ هاياتى بىر ئائىلىگە چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر ئائىلىگە قايغۇ - مۇسىبەت ياغدۇردى. خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قېرىنداش، بۇنىڭ ئىچىگە بىر ئۇنتۇلماس ئەسلىمە، دوستلۇق، قېرىنداشلىق سىڭگەن. بۇنى ئەر - ئايال ئىككىيلەن هەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. خەنزۇ يىگىت يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتىنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىشىپلا پوچتىخانىغا

يۈگۈرەردى، ئۇ تېخى يېڭىلا تونۇش- قان شوپۇرنىڭ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، ئاندىن ماشىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ ماتەم تۇتۇپ، مېيىتقا ھەمراھ بولدى. بىر ھازادىن كېيىن شو- پۇرنىڭ ئىدارىسىدىن، قاتناش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىن تەكشۈرۈشكە ئادەم كەلدى. خەنزۇ يىگىت ئۇلارغا ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلىپ، شوپۇرنىڭ قازا قىلىشىدا سەۋەنلىك ئۆزىدىن ئۆتكەندەك يىغلاپ تۇ- رۇپ، ئۆزىنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا باشلىق سۈپەت بىر خەنزۇ كادىر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بولدى ئۇقتۇق، نېمىگە شۇنچە يىغلايسەن. بۇ شوپۇر «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» غا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇ- نىڭغا كۆمۈر ئەپكېلىپ بېرىمەن، دەپ ئۆلۈپ- تۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھاڭغىرت پېيىدىنىمۇ قەدىرسىز، ئۆزىنىڭ شورى، سېنىڭ ئىشىڭ تۈگىدى، قايتقىن، — دېدى.

خەنزۇ يىگىت باشلىق سۈپەت كادىر- نىڭ شوپۇرغا بەرگەن باھاسىدىن قاتتىق رەنجىدى، لېكىن «سىنىپىي كۆرەش — تۇت- قا» قىلىنىۋاتقان ئۇ كۈنلەردە ئېھتىيات قىلمىسا، ناھەقتىن - ناھەق بالاغا قالاتتى، ئۇ شوپۇرنىڭ ئىسمىنى سورىۋالالمىغان- ىدى. شۇڭا ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇ- نىڭغا يېلىندى:

— باشلىق، خاپا بولمىساي شوپۇرنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ نېمە قىلىسەن، ئابىدە تىكلىمەكچىمىدىڭ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلىپ قېلىپ سې- نىڭدىن خۇن تەلەپ قىلسا قانداق قىلى- سەن؟ ئۇ خەققە بېرىدىغان بىر نېمەڭ بارمۇ؟ ھە، يوق بولغاندىكىن «تۆگە كۆردۈڭمۇ، كۆرمىدىم» دەپ ئۆيىڭگە كېتىۋەرگىن، — دېدى باشلىق سۈپەت كادىر.

بۇ تەكشۈرگۈچىلەر «ھاڭغىرت پې- يىدىن قەدىرسىز» جەسەتنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇشۇپ كېتىشتى. خەنزۇ يىگىت باشلىق سۈپەت كا- دىرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئىككىلىنىپ قال- غانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە ئىش تېپىۋېلىش- تىن قېچىپ كەينىگە قايتتى ۋە دوختۇرخا- نىدا خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلغان ئايالىغا يۈقىرىقى گەپلەرنى سۆزلەپ بەردى.

تۇغۇت كارىۋىتىدا ماغدۇرسىز ياتقان ئايالى يولدىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچى تىتىلداپ، ئورنىدا ياتالماي قالدى. پېشا- نىسىدىن بۇژۇرىدە تەر تەپچىدى.

— ۋوي نېمە بولدۇڭ، بىئارام بولۇ- ۋاتامسەن، دوختۇر چاقىرايمۇ؟ — خەنزۇ يىگىت ئايالىدىن ئەنسىرەپ ئورنىدىن تۇ- رۇپ كەتتى.

— ياق. مەن ھېچنېمە بولمىدىم، ساڭا گېپىم بار، — خەنزۇ يىگىت كاڭگىرى- غان ھالدا ئەنسىزلىك ئىچىدە ئورنىغا ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن ئايالى سۆ- زىنى داۋام قىلدى، — سەن تۇغۇت ئازابى- نى بىلمەيسەن، تۇغۇۋالغىچە ئايال كىشى نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىدۇ. بۇنى شو- پۇر يىگىت چۈشىنىدىكەن، شۇڭا ئۇ بىزنى ماشىنىغا سېلىۋالغان. ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل، ئېسىل يىگىت ئىكەن. سەن ئاشۇ باشلىق سۈپەت كادىرغا ئىشىنەمسەن؟ ئۇ ئاندىن ئەمەس، ھايۋاندىن تۇغۇلغان مەخلۇق ئوخشايدۇ.

سەن ھازىر ماڭا قارايمەن دېمەي ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ دەرھال شەھەرگە كىرىپ، شوپۇرنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا باش ئۇرۇپ، ماتەم بىلدۈرۈپ كەل. مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇرلار ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق كېلىدۇ. ئۇلار سېنى يەۋالمايدۇ، بىز بۇ يەرگە نېپۇسسىز كەلگەن، شۇلار بىزنى ئارىغا ئېلىپ، بېشىمىزنى سىلىمىدىمۇ...

— راست ئېيتىسەن، ئۇيغۇرلار بىزنى ئارىغا ئالدى، غەمخورلۇق قىلدى، لېكىن چوڭ شەھەردىن شوپۇرنىڭ ئۆيىنى قانداق تاپارمەن، — دېدى يىگىت ئايالىغا يېلىنغاندەك قاراپ.

— ئۇلار جەسەتنى مەسچىتكە ئەكىرىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئاندىن يەرلىككە قويىدۇ، سەن مەسچىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورامسەن، مېنى خۇشال قىلاي دېسەڭ تېز بول، بولمىسا كۆڭلۈم خاتىرجەم بولمايدۇ.

خەنزۇ يىگىت ئايالىنىڭ كەسكىن تەلەپ قىلىشى بىلەن شەھەرگە كىردى. مېيىت نامىزى چۈشۈرۈۋاتقان مەسچىتنى ئانچە قىينالمايلا تېپىۋالدى، لېكىن كىمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ بېلىگە ئاق باغلىۋالغان بىر كىشىدىن ئەدەپلا سوراي دەپ تۇرۇشىغا چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن بىرى «كىمنىڭ مېيىتىكەن بۇ» دەپ سوراپ قالدى. يەنە بىرسى: «كىمنىڭ بولاتتى، رەھمەتلىك مەھەممەتجاننىڭ ئىكەن، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارغا كۆمۈر ئەپكېلىپ بېرىمەن دەپ ئۆلۈپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولدى. نامازغا كەلگەن ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، بىرنەچچە ئادەم مېيىتنى ئېلىپ مېڭىشتى، يىگىت مۇرىتى كەلگەندە ئۇلارغا مەن خۇيزۇ دەرمەن، دېگەن نىيەت بىلەن جىنازا كۆتۈرۈشكەنلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇۋالدى، ھەتتا قەبرە بېشىغا بارغىچە ئالمىشىپ جىنازىنىمۇ كۆتۈرۈشتى، شۇنداق قىلىپ مېيىتنى كۆمگەن قەبرىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى، لېكىن مەھەممەتجاننىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنى سوراپ بىلىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى...

شۇندىن كېيىن ئەر - ئايال ئىككىيلەن شەھەرگە كىرىسىلا مەھەممەتجاننىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇردى. ئۇلار ئوغلى ئەقلىگە كەلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا ئۇ، دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقتىدىكى قىسمەتلەرنى قايتا - قايتىلاپ سۆزلەپ بېرىپ، بىرقانچە قېتىم قەبرە بېشىغا بىللە ئەپكەلگەنىدى.

بۈگۈن كۆتۈلمىگەندە مەھەممەتجاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. چېن جاڭپىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئىبراھىم ئاكىغا سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، بوۋاي خۇددى ئۇنىڭدىن ئوغلىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىدىغاندەك ئەنسىرەپ، قورقۇپ ئولتۇردى، بىرقانچە قېتىم ئىبراھىم ئاكىنىڭ چىرايىغا سەپ سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. لېكىن ئىبراھىم ئاكا كۆپنى كۆرگەن، دەرد - ئەلەم، مۇسىبەتلەرنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كۆتۈرۈشلۈكى بار كىشى ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىچكى ھېسسىياتىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئەمدى ھەم كۈلمەيدۇ، ھەم يىغلىمايدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوغلىنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» غا كۆمۈر ئەپكېلىپ بېرىمەن دەپ ئۆلدى، ئۆزىنىڭ شورى، دەپ ئىدارىسىنىڭ كارى بولمىغاندىمۇ

ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغان، ئوغلىنىڭ بىر ياخشى ئىش قىلمىغانلىقىدىن گۇمانلانمىغان. لېكىن قانداق ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدى، بۈگۈن ئوغلىنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ، ھەممىنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سەھىپىسىگە چىرايلىققىنە گۈل تىزىپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدى، ئىبراھىم ئاكا ئوغلى مەھەممەتجان بىلەن ماختىنىشقا ھەقلىق.

بوۋاي چېن جاڭپىڭنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ:

— ئوغلۇم، سەن ئەنسىرىمە، خۇن تەلەپ قىلىش بىزنىڭ ئادىتىمىزدە يوق. كىمنىڭ ئەجىلى توشقان بولسا شۇ كېتىپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ پەزىلىتىدە، سەن ئۇنىڭ قۇردىشى ئىكەنسەن، سەن قايسەن. ياخشى ياشاڭلار، ھە راست، ھېلىقى بالاڭلار مۇشۇ شۇمۇ؟ — دېدى.

— شۇ، جېنىم دادا، — چېك شۇجىڭ ئوغلى چېن گۇاڭشىننى يېتىلەپ بوۋاينىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ، بوۋاينىڭ تو سقىنىغىمۇ قارىماي يۈكۈنۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، بوۋايغا ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇپ چوقۇندۇردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز گۇاڭدۇڭلۇق، ئوغلىمىز شىنجاڭدا تۇغۇلدى، مەرھۇم مەھەممەتجان ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قىلىپ بالىمىزنىڭ ئىسمىنى گۇاڭشىن قويدۇق، گۇاڭشىن نەۋرىمىز بىلەن ساۋاقداش ئىكەن. بىز ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بەك خۇش بولۇۋاتىمىز. بوۋا، بىز ئەمدى سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى كۆرۈۋالساق، ئۆيگە بارغىچە ئوغلۇم سىزنى كۆتۈرۈپ ماڭسا، بۇنىڭغا ماقۇل بولسىڭىز، ئۆتۈنۈپ قالاي... — دېدى. چېن گۇاڭشىن بوۋاينى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى. بوۋاي باشقىلار كۆتۈرۈپ ماڭغۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغانىدى. ئۇلار ھەر قانچە ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ ئۇنىمىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇمىدجان ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ بوۋاينىڭ قېشىغا ئەپكەلگەنىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئۇمىدجان، ئوغلۇم، ۋېلىسىپىتنى چېن جاڭپىڭ ئاكاڭغا بەرگىن، بىز ئۇلار بىلەن مۇڭداشقاچ ئۆيگە بارىمىز، سىلەر مەكتىپىڭلارغا بېرىۋېرىڭلار، — دېدى.

ئۇمىدجان بىلەن چېن گۇاڭشىن قەبرىستانلىقتىن چىقىپ قول تۇتۇشقان پېتى چوڭ يولغا چۈشۈپ، مەكتەپكە قاراپ مېڭىشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر: سارەم ئىبراھىم

مۇھەممەت روزى

## ئىتتىپاقلىق ھەققىدە غەزەل

چېچەكلەپ مېۋىلەر بەرسە ئىناقلىق باغۇ- بوستانى،
ۋۇجۇدقا كەلگۈسى سانسىز ئىناقلىق نەزمە - داستانى.

ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىقتۇر ئەزەلدىن بارچە مىللەتنىڭ
يۈرەك قەلبىگە ئورناشقان مۇقەددەس ئارزۇ - ئارمانى.

ئاشار مىڭ ھەسسىلەپ جەزمەن ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىقتىن
تېپىپ ئىمكانىيەت ئەلنىڭ كۆرەشچان روھى، دەرمانى.

قالار ۋەيرانە بىر چەتتە قاۋاپ ئىت، بۆرىلەر ھۇلاپ،
يۈرەر مەردانە تاغ ئاتلاپ دەۋرنىڭ بارچە كارۋانى.

شۇڭا بىز ئەتىۋارلايمىز ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىقنى،
بۇنىڭسىز ھېچ ئادا بولماس ۋەتەننىڭ غايە - ئىقبالى.

ئىسرائىل كېرەم

## قەدىرلەيمىز ئىناقلىقنى

### ئىناق بولسا

ئۇلۇغۋار خەلقىمىز قۇدرەت تاپار دائىم ئىناق بولسا،
سائادەت ئىلكىدە مەغرۇر ياشار دائىم ئىناق بولسا.

جاپا - مۇشكۈلگە باش ئەگمەس، ئەقىل - ۋىجدانىنى چەكمەس،
تۈمەن ئۆتكەل داۋانلاردىن ئاشار دائىم ئىناق بولسا.

ۋەتەنىمۇ ھەر قاچان ئۆرلەپ، يېتەر ئارزۇسىغا گۈللەپ،
مۇھەببەت لالىسى ياشناپ تۇرار دائىم ئىناق بولسا.

بازار قايناق، كۆڭۈل ئويناق، ئۆتەر تۇرمۇش شېرىن، قىۋناق،
خۇشاللىق بۇلبۇلى خەندان ئۇرار دائىم ئىناق بولسا.

ھاياتتا ئۆزئارا ھۆرمەت بېغىشلار روھ، ئۇمىد، قىۋۋەت،
بۇ خىسلەت - ئەنئەنە ئۆچمەي قالار دائىم ئىناق بولسا.

پايانسىز دەشت، قاقاس سايدا — كىشى ئىز باسمىغان جايدا،
بېھىشتەك باغ - ۋاران پەيدا بولار دائىم ئىناق بولسا.

زامان ھۆسنى ئىلىم - سەنئەت، ئۇنىڭسىز يوق زىبا، نۇسرەت،
ئىلىم جانانىنىڭ ۋەسلىن قۇچار دائىم ئىناق بولسا.

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، ئىناق بولماي يېتىپ بولماس،
مۇراد گۈلشەنىدە مەشرەپ ياسار دائىم ئىناق بولسا.

## ئىتتىپاقلىق نەزمىسى

ۋەتەندە بارچە مىللەتنىڭ مۇقەددەس ئىتتىپاقى بار،
ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىقتا سەمىمىي ئىشتىياقى بار.
كۈرەش - جەڭلەردە ئۆزگەرمەس ئەقىدە چىن تۇراقى بار،
ھەمىشەم بىر بىرىنى دەپ ئېچىلغان كەڭ قۇچاقى بار،
قەلبلەر رىشتىنى چاتقان مېھىر - سۆيگۈ بۇلاقى بار.

ئۇلۇغ كومپارتىيە باشچى، ماكارىمىز قول تۇتۇپ مەغرۇر،
ئەنە خەنزۇ، ئەنە زاڭزۇ، شىبە، مانجۇ، قازاق، ئۇيغۇر...
كېلىچەك دىلبىرى كۈتكەي ھامان بىزنى چېچىپ زەر - نۇر،
يورۇقتۇر يول، ئۇزاق مەنزىل، داۋانلار بولسىمۇ گەر زور
ئېزىقمايمىز ھەقىقەتنىڭ يورۇق، ئۆچمەس چىراغى بار.

جىمى مىللەت ئۈچۈن بىردەك ئانادۇر مېھرىبان جۇڭگو،
مۇبارەك تۇپرىقى جاندەك ئەزىزدۇر ھەر قاچان جۇڭگو،
ئۇنى قوغداش شەرەپ بىزگە داۋامەت قەھرىمان جۇڭگو،

بېھىشتىن چارىدۇر ھۆسنى سۆيۈملۈك ئانىجان جۇڭگو،
ئاڭا مەپتۇن بولۇپ باققان جاھاننىڭ كۆز قاراقى بار.

ۋەتەن - ئەل خۇش، ئىناق، پاكىز مۇھەببەتقا ئىنتىزار تەشنا،
تىنىچ، جۇشقۇن ۋەزىيەتكە ئەزەلدىن بەر قارار - تەشنا.
قېرىنداشتەك ئۆتتۈشتۇق خوپ، شۇھالغا دىل خۇمار - تەشنا،
ھايات بوستانىمىز ياشناپ، قۇياشمۇ نۇر چاچار تەشنا،
قەدىرلەيمىز ئىناقلىقنى، ئىناق ئەلنىڭ روناقى بار.

نۇر قاسىم

# ئىناقلىق ئەلا

ئىناقلىقتىن بەرپا بولدى يۇرتۇم قاراماي،
چېچەكلىدى گۈللەپ ياشناپ، ئاچتى خۇش چىراي.
جۇڭغارىيە قۇچاقلىرى گۈزەل بوستانلىق،
قىز - يىگىتلەر يۈرەر خۇشال، ھۆسنى تولۇن ئاي.
نېفىت دېگەن ئۇچقۇلارنىڭ قانىتى - جېنى،
شۇ جان ئۈچۈن تەر تۆكىدۇ مەردلەر ئايانماي.

ئىناقلىقتىن قەد كۆتۈردى كۆيتۈڭ، شىخەنزە،
چۆل - جەزىرە، شور ۋە زەيكەش بولدى بوستانلىق.
شېرىن شەرۋەت تېمىپ تۇرغان ئالما - ئانارلار
جۈپ قوللارنىڭ ھېكمىتىدىن قالتىس ئوخشاشلىق.
شائىر كۆرسە توقۇمىچى، قەندالەتچىنى،
بولۇپ قايتار تالاي ناخشا، تالاي داستانلىق.

ئىناقلىقنىڭ چېچەكلىرى تازا ئېچىلغاچ،
ئانا دىيار تولدى بۈگۈن گۈللەرگە پەۋەس.
تەڭرى تاغنىڭ ئېتەكلىرى بىپايان كەڭلىك
ھېچقاچاندا بۈگۈنكىدەك گۈللەنگەن ئەمەس.
ئىناقلىقنى ئاسرىغايمىز قارىچۇقىمىزدەك،
ئۇ بولمىسا روناق تېپىش، پەرۋاز قىلىش تەس.

قول تۇتۇشۇپ، كۆكرەك كېرىپ ماڭغىمىز ھامان
ئارمانىمىز قارار گاھى كەلگۈسى تامان.

تۇسالغۇلار بەۋا كەلمەس قوشۇنىمىزغا،
ناخشىمىزغا جۆر بولىدۇ پۈتۈن يەر - جاھان.
قىزىل گۈلگە پۈركەنمەكتە ئېسىل شىنجاڭىم،
بارچە مىللەت تۇتاش قەلب، خۇشال، شادىمان.

ئىپارگۈل داۋۇت

# ئىتتىپاقلىق كۈيى

«تىلى ياتنىڭ دىلى يات»
دېگەن زەھەر پەتىۋا.
بىلگەن ئۇنى ئىلگىرى
شۇم - رەزىللەر ئەتىۋا.

كىم ياخشىدۇر، كىم يامان،
تىل ئەمەستۇر بەلگىسى.
قوشماقتىدۇر تۆھپىلەر
ۋەتەن ئۈچۈن ھەممىسى.

ۋەتەن بولسا بىر دەريا،
مىللەت ئۇنىڭ تامچىسى.
ۋەتەن بولسا بىر گىياھ،
مىللەت ئۇنىڭ شاخچىسى.

شۇڭا بىردۇر ئەزەلدىن
تەقدىرىمىز، دىلىمىز.
شانۇ، زەپەر قۇچىمىز
قول تۇتۇشۇپ ھەممىمىز.

ئىلھامجان ئابلىز

# ئانا

ئاۋۋال تەگرىنى يازمىشمەن، ئۇلۇغلارنى يازار بولسام،
ئۇلۇغكى تەگرى نە سەنسىز، جاھاننى ئاختۇرار بولسام.

زىكىر قىلساملا نامىڭنى، ياسايدۇ كۆزلىرىم دەريا،
قۇياشقا تەلمۈرۈپ باقتىم، كۆرۈشكە ئىنتىزار بولسام.

پەلەكنىڭ كاجلىقى ئۆرتەپ دىلىمنى، تېنىدىم ھەريان،
دىلىم دولقۇنلىنار ھەر چاغ ئانا مېھرىڭگە زار بولسام.

مېنىڭچۈن جان ئىسار ئەيلەپ ئاقاردى چاچلىرىڭ ئاپئاق،
پېشانەمگە سۆيەر مېھرىڭ ياقا يۇرتلاردا خار بولسام.

ئۆزۈپ بەرسەم ساڭا ئاينى جاھاننى ھەممە تارتۇقلاپ،
چىقار ھاردۇقى ئوغلۇڭنىڭ شۇچاغ چىن ئىپتىخار بولسام.

*　　　*

دىلىمنى ئۇۋلىدىڭ سۈبھى چىقىپ باغ ئارىلاپ سەرۋاز،
ۋىسالنى زارىقىپ كۈتكەن پەرى يەڭلىغ قىلىپ گۈلناز.

سەھەر سالقىنىدەك يۈرسەڭ، بېقىپ ھەر يانە قايرىپ شاخ،
دىلىم رۇجىكنى چەككەي كېلىپ لەرزانە خۇش ئاۋاز.

كېلىپلا جاننى ئالماقتا ئەجەب گۈل قامىتىڭ باركى،
ياسانغاي پەرىلەر ھەتتا جامالىڭدىن ئېلىپ ئەنداز.

نىگاھىڭنى بىلىپ قىبلە، دىلىمنى ئەيلىسەم ئىزھار،
تۇتۇق بەرمەي كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈردۈڭ قىلىپ پەرۋاز.

سېنىڭ ئىشقى - پىراقىڭدا بۇ جان ھەلقۇمىغا يەتتى،
ۋىسال پەيتىنى ھازىر ئەت ۋە ياكى گۆرلىكىمنى قاز.

*　　　*

ۋەتىنىم پەخرىم مېنىڭ قوينۇڭنى بوستان ئەيلىمەك،
ساپ تەرىم بىرلە ئېسىل سولماس گۈلىستان ئەيلىمەك.

جانىجان تۇغقان ئانامسەن، شەۋكىتىڭ ئالەمچە بار،
بىر ئۆمۈر پۈتمەس بەخت مېھرىڭنى سۇلتان ئەيلىمەك.

مەن ئۈچۈن تۇپراقلىرىڭ ئالتۇن بۆشۈك خىسلەتكە باي،
شۆھرىتىم شول تۇپرىقىمنى گۈل - گۈلىستان ئەيلىمەك.

پەرىدەك گۈلگۈن دالاڭ كۆڭلۈمنى مەپتۇن ئەيلەدى،
ئۇندىكى ئارمان ئېرۇر نامىڭنى داستان ئەيلىمەك.

گۈل بويۇڭغا كۆز ئالايتىپ كىم ساڭا قىلسا رەشىك،
ھەر قاچان ئەھدىم مېنىڭ شۇلارنى گۇمران ئەيلىمەك.

روزى نىياز

# ئىككى شېئىر

## نۇر بولۇپ سىڭگەن قۇچاقلىرىڭغا

كۆز ئېچىپ ئالەمگە، ئانا سەھرايىم،
باغرىڭغا باغرىمنى ياقتىم تۇنجى رەت،
ئورالدى بويۇڭغا نازۇك ھېسلىرىم،
سادائەت، سۆيگۈدىن قەۋەتمۇ قەۋەت.

كىرپىكتىن قۇيۇلار ئالتۇن شوللار
ئىنتىلىپ قوينۇڭغا تاشلىسام نەزەر.
مەن سىرداش توپاڭنىڭ ھەر بىر زەررىسى
ئانامنىڭ مېھرىدەك يىللىق شۇقەدەر.

ئۇپۇقتا باش قويغان ئېتىزلىرىڭدا
دېڭىزدەك چايقىلار ھەر خىل زىرائەت.
تەسەۋۋۇر كۆزىدە تىكىلسەم ساڭا،
ئالدىمدا نۇرلىنار ئايدەك قىياپەت.

كەۋسەرلەر سۇندۇ لەۋلەرگە بۇندا
ناۋالىق گۈلباغلار گەردۈن چىندە.
مېۋىدىن مارجانلار ئاسقان كىرمىنىڭ شاخ
تولغىنار ناز بىلەن كۆلكە ئىچىدە.

مىجەزى باھاردەك پەرزەنتلىرىڭ بار
ھەر يەردە ھەرقاچان تاراتقان ئاپتاپ.
ھەر دىلدا بىھېساب خىسلەتلەر يانار،
ھەر يۈرەك قالدۇ قوياشقا ئوخشاپ.

خورازلار گۈدۈكتەك ئۈنلۈك قىچقىرىپ،
ياقۇت رەڭ تېڭىڭدىن بېرىدۇ دېرەك.
دالىنى تىترىتىپ ھارماس بىلەكلەر
ئۈرىدۇ ئەمگەكنىڭ تارىغا زەخمەك.

مۇھەببەت توشۇلسا شامالىرىڭدا،
ھاۋايىڭ بېرىدۇ تەنلەرگە ساقلىق.
پەرۋازدا كەپتەرلەر تىنىق كۆك ئارا،
كۆڭۈلدە ئۇخچۇيدۇ تۈگىمەس شادلىق.

ئانامدەك مېھرىبان ئانا سەھرايىم،
مېھرىڭدا ھەمىشە قىياندۇر ئىشقىم.
ئوغلۇڭ مەن ئۆزگەرمەس تەئەللۇق ساڭا،
ئەبەدىي ئۈزۈلمەس چىگىلگەن رىشتىم.


* *

تەگكەشتۇر كۆيلىرىم بۇلاقلىرىڭغا،
نۇر بولۇپ سىڭگەن قۇچاقلىرىڭغا.

## ئۆمرۈم خاتىرىسى

ياشلىقتا چېچەكلەر تېرىپ كېتەمەن،
بېشىمنى قار بېسىپ قېرىپ كېتەمەن.
كىرپىكىم جۈپلىشىپ، قاتقاندا ئېڭەك،
ئانا يەر قوينىغا كىرىپ كېتەمەن.
ئۆمرۈمنىڭ ھەر دېمى بەدەلسىز ئەمەس،
(تالايلاپ قۇربانلار بېرىپ كېتەمەن)،

زۇنۇن تاھىر



# مۆرسمەس

(ھېكايە)

1

ئاق تېرەك يېزىسىنىڭ سۈت پاراشوكى زاۋۇتى مەھسۇلاتىنىڭ ئىشەنچىسىز، سۈپەتسىزلىكى بىلەن خېرىدارلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلىرى بېسىلىپ قېلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىنىمۇ تارقىتالمىدى. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى سانائەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئىمامنى زاۋۇتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى رەتلەشكە ئەۋەتتى. ئىمام بىر ھەپتىدەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق زاۋۇت باشلىقى بىلەن بوغالتىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. شوربۇلاق كەنتىنىڭ باشلىقى ئىمىرنى زاۋۇت باشلىقلىقىغا، بوغالتىرى نۇرشاتنى بوغالتىرلىققا تەيىنلەش توغرىسىدا يېزىلىق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات سۇندى. دوكلاتىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي تەستىقلاندى.

يېڭى زاۋۇت باشلىقى ئىمىر ئىمامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىدى. ئۇ تاقىلىپ قېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دەسلەپتە جۈرئەت قىلالمىدى. ئىمام ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، نۇرغۇن يوللارنى كۆرسەتتى. ئىمىر ئىمامنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىشنى مېھمان چاقىرىشتىن باشلاپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئادەملىرىنى بىر يەرگە جەم قىلدى. كاتتا زىياپەت، ئېسىل سوۋغاتلار ئۇنىڭ يولىنى راۋانلاشتۇردى، بولارنىڭ چىقىملىرى زاۋۇتنىڭ رېمونت خىراجىتىگە ھېسابلاندى.

يۇرتداشلىرى ئارىسىدا «مۆرسمەس» دەپ نام ئالغان، بىر پۇڭ پۇلنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان نۇرشات بۇ خىل خىراجەتلەرنى كۆرۈپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن مۆرەپ سالدى. ئىمىر ئاق ئىسچوتلارنى ئۆتكۈزگىچە ئۇنىڭ بىلەن خېلى يەرلەرگىچە بېرىشتى. بىراق نۇرشات ئۆز كېيىپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئىسچوتلارنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرىدا ئىمام ئارىغا چۈشۈپ، بۇيرۇق بىلەن بۇ ئىشنى ھەل قىلغان بولدى. مەيلى نەدە بولسىمۇ زىياپەت بىلەن سوۋغاتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. زاۋۇتنىڭ بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرى سېتىلىپ كەتتى. بۇ ئىشتا نۇرشات

مۆرەپ قىلىۋەردى. ئىمىر ئىناۋەت تاپتى.
مېھمان چاقىرىپ، سوۋغا تەقدىم قىلىش - ھە؟ نېمىدېگەن ئوبدان ئىش بۇ. ھەم ئىشنىڭ پۈتكەن، ھەم ئۆزۈڭمۇ مەنپەئەتكە ئېرىشكەن. بۇدا يەنە ئىككى - ئۈچ نۆۋەت ھەيدىۋەتسەم، بېسىلىپ قالغان پاراشوكلارنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ. ئاندىن راسا بىر قاملاشتۇرۇپ يەنە ھەيدىۋەتسەم يېڭىدىن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىمىز ئۈچۈن «ئىشەنچلىك مەھسۇلات» دېگەن گۇۋاھنامىنى ئېلىۋالىمىز... ئىمىر يۇقىرىقى ئويلىرىنى ئىمامغا ئېيتتى. ئىمام كالتە قوللىرىنى ئىمىرنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، چاسا ئېڭىكىنى بوغدىيىكىگە تىرەپ تۇرۇپ:
— بۇدا تامامەن باشقا ۋىلايەتتىن، ئەڭ ياخشىسى، قېنى چىقمايدىغانراق ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مال يۆتكىگۈچىلەرنى چاقىر. پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي تاتازىلاپ خەجلەۋەر. ئەنە شۇنداق قىلالىساڭلا، ئۇ نېمىلەر دات بېسىپ كەتكەن تۆمۈرنىمۇ ئالتۇن دەپ دىڭۋارلىشىۋېرىدۇ، — دېدى، ئاندىن سەل تۇرۇۋېلىپ، ئاستا شىۋىرلاپ قوشۇپ قويدى، — ھەر ھالدا ھېلىقى نۇرشات دېگەن مۆرىمەس بۇغالتىرىڭدىن ئېھتىيات قىلغىن. ئەسلىدە ئەكەلمەيدىغان نېمىكەنتۇق. ئاقىلەي ياخشى، كۆكىلەي ياخشى، ئۇ بولمىسا زاۋۇتىڭنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرالمايمەن دېسەڭ، ئىشىنىپ كېتىپتىمەن...
— مەن نەدىن بىلەي مۇنداق پۇل خەجلەپ مېھمان چاقىرىدىغان ئىشلارنىڭ بارلىقىنى، — ئىمىر قاقىرىڭىدەك كەلگەن تۈزۈن بويىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — پۇلنى چىڭ تۇتىدۇ دەپلا شۇنىڭغا ئىشىنىۋالغانىدىم. مۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتىپ قويىدىغان بولساڭ، ئۇنداق نېمىنى يېقىن يولاتماستىم ئاداش، ھېلىھەم بولسىمۇ... — ئىمىر بىردىن يول تاپقاندەك ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى، — مانا ئەمسە دەپ، كۆتىگە بىرنى تېپىپ، بىراقلا قوغلىۋېتەيمۇ - يا؟
— ھا، ھا، ھا! — ئىمام گەۋدىسىنى كەينىگە تاشلاپ مەغرۇر كۈلدى، — ھەرقانداق بۇقىنىڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ، مۈڭگۈزى بولغانىكەن ئۆسىدۇ. گەپ بۇقىنى كۆندۈرۈشتە.
— گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم، ئاداش.
— بۇنىڭ چۈشەنمىگىدەك نېمىسى بار؟ — ئىمام گېلىنى قىرىپ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى، — زاۋۇتقا ئىشچى قوبۇل قىلىش سېنىڭ قولۇڭدا، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئىشقا يارىغۇدەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇقا سېنى ئەمەس، ساڭا قارشى چىققانلارنى ئۆسىدۇ.
— مۇنداقمۇ ئىشلار بار دېگىن.
— بۇ رەھبەرلىك ئىلمىدا تاكتىكا دەپ ئاتىلىدۇ، — ئىمام كۆرسەتكۈچ قولىنى ئىمىرغا شىلتىگەن پېتى چۈشەندۈردى، — سەن قانداقلا بولمىسۇن بىر رەھبەر بولدۇڭ. شۇڭا ئاشۇنداق تاكتىكىلارنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك...
ئىمىر نۇرشاتنىڭ ئاپالى بىلەن قىزىنى ئەتىسىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكۈزۈپ، مال سېتىۋالغۇچىسى بىلەن بىللە شەھەرگە كىردى. ئۇلار مېھمانخانىلاردىكى سىرتتىن كەلگەن مال سېتىۋالغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، 20 ئادەم بىلەن تونۇشتى. ئەمدى پەقەت ئۇلارنى يىغىپ مېھمان

قىلىش، سوۋغات بېرىشلا قالغانىدى. ئەگەر
بۇ ئىشلار تاماملانسا، زاۋۇتنىڭ نۇرغۇن
ئىشلىرى يۇرۇشۇپ كېتەتتى. بۇنىڭغا 10
مىڭ يۇەن ئەتراپىدا پۇل كېتەتتى. ئىمىر
ئىمام دېگەن تاكتىكىنى قوللانماقچى بولۇپ
نۇرشاتنىڭ بۆلۈمىگە كىردى. نۇرشات تار،
قاراڭغۇ بۆلۈمدە ئېلېكترنىمۇ ياقماستىن
چوت سېلىپ ئولتۇراتتى.
ــ پاھ! ھوي مۇنۇ جاپاكەشنى، ــ
ئىمىر ئىشكىنىڭ تۇۋىدىكى ۋېكلىيۇچاتېلنىڭ
يېپىنى تارتىپ، ئېلېكترنى يورۇتتى، ــ
نامازشام قارىغۇسىدەك تەمتىلەپ ئىش قىل-
غىچە مانا مۇنداق يورۇقتا ئىشلىسەڭ
بولمامدۇ، ھەي، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۆزى
قىينايدىغان مۆرىمەس.
ــ ئۆچەر، ھوي ئاۋۇ لامپۇچكىنى!ــ
نۇرشات 15 ۋاتلىق لامپۇچكىدىن چىقىۋات-
قان غۇۋا، قىزغۇچ نۇرغا قاراپ ئىمىرغا
بۇيرۇق قىلدى، ــ ئىشلىسەم مەن ئىشلىدىم،
سېنىڭ نېمە دەپ ئىچىڭ پۇشىدۇ. كۈن-
دۈزدە لامپۇچكا يورۇتۇپ ئىشلىگەن نەدە
بار؟
ــ مۇشۇ يەرلىرىڭنى دەيمەن ـ دە،
ئاداش،ــ ئىمىريانچۇقىدىن «مارىلبورۇ»مارك-
لىق پاپىروستىن بىرنى ئېلىپ، نۇرشاتقا
سۇنغاچ داۋام قىلدى،ــ ھەر ھالدا كۆ-
يۈنگىنىڭگە رەھمەت. ساڭا بىر مەسلىھەت
ئاداش، ھەر ھالدا سەن زاۋۇتنىڭ بىر
پۇتى، مەن بىر پۇتى، ئىككىمىزنىڭ قايسى
بىرىمىز بولمايدىكەنمىز زاۋۇتىمىزنىڭ ئىشى
ئاقسايدۇ. ھەر ھالدا سېنى مەن بىلەن يار
يېلىمدەك چىپىشىپ كېتىدۇ دەپ قاراپ،
ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدىم. كەلگەن-
دىن بۇيان ئۆمىدىمىنى يەردە قويماي
ماسلىشىپ كېلىۋاتىسەن. گەپنىڭ كۆندىسىنى
قىلسام ئاداش، بۇدا شەھەرگە كىرىپ يىگىرمى-
دەك مال سېتىۋالغۇچى بىلەن ئالاقىلاشتىم.
ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەھسۇلاتىمىزنى ئالايلى
دېيىشتى، ئەمما قورسىقىغا كىرىپ چىقسام
بىر نېمە تاما قىلىشىدۇ. شۇ ئىشنى سېنىڭچە
قانداق قىلساق بولار؟
ئارىنى ئۇزۇن سۈكۈت باستى. نۇرشات
ھېچنېمە بولمىغاندەك ئالدىدىكى گىراپىي-
لارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ئولتۇرۇۋەردى.
ــ دانا پىكىرىڭدىن بىرنى بەرمەمسە-
نوي، ــ ئىمىر نۇرشاتنىڭ ئالدىدىكى گىرا-
پىنى دۈمكۆمتۈرۈپ قويدى، ــ ئىچىدە بىرەر
ساھىپجامالنىڭ سۈرىتى باردەك قاراپ
كەتتىڭ بۇنىڭغا.
ــ مەھسۇلاتلىرىمىزنى ئالسا ساتايلى.
ــ گەپ سېتىشنىڭ يولىنى قىلىشتا
ئاداش، ــ ئىمىر تار بۆلۈمىنىڭ ئىچىدە
ماڭغاچ چۈشەندۈردى، ــ ئۆزۈڭ بىلىسەن،
ھازىر قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇشياقمايدىغان
جاھان. شۇڭا ئاز ـ تولا يولىنى قىلىپ، مال
سېتىۋالغۇچىلارنىڭ كېلىنى مايلىساق، ئاندىن
بېسىلىپ قالغان مېلىمىزنى ئەپلەپ سېتى-
ۋالسىقمىكىن دەيمىنا.
ــ ئالسا ساتايلى.
ــ شۇنىڭغا 10 مىڭ سوم كېتىدىكەن.
ــ ئۆزىمىزنىڭ مېلىنى ئۆزىمىز سېتى-
ۋالمايدىغاندىمىز؟
ــ چاقچىقىڭنى قويساڭ، ــ ئىمىر چىر-
رايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئاغرىنىش تەلەپپۇزىدا
شۇنداق دېدى، ــ بىلىۋاتىمەن، ماڭا، زا-
ۋۇتقا ئىچىڭ ئاغرىپ، 10 مىڭ سوم خەج-
لەشكە كۆزۈڭ قىيماۋاتىدۇ. مەنچە بولغاندىمۇ
بىر تىيىن خەجلىگىم يوق، بىراق مۇشۇنداق
قىلمايمۇ باشقا چارىمىز بولماۋاتسا. مۇنداق
قارىماققا 10 مىڭ سومنى بىكارغا خەجلىگەندەك

قىلغان بىلەن 600 مىڭ سوملۇق مالنى بىراقلا ساتالايمىز ئەمەسمۇ.

— بۇ ئىشقا قېتىلالمىغۇدەكمەن.

— نېمىشقا؟

— بىرىنچى، مالىيە تۈزۈمىگە خىلاپ، ئىككىنچىسى، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق.

— ئەمىسە، سېنىڭچە مەھسۇلاتلىرىمىزنى قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — دېدى ئىمىر تەنە تەلەپپۇزىدا.

— بېسىلىپ قالغان ماللارغا بۇرۇنقىلار ئىگە بولسۇن، — ئۇرشات سەنپەننى بوش چىرىقلىتىپ قارىشىنى ئېيتتى، — بىز بۇندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى. شۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، خېرىدارلار ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

قول ئاستىدىكى بىر بوغالتىر، ھەتتا ئۆزى يېقىن كۆرۈپ ئەكەلگەن بىر بوغالتىر، راپاۋەتچىلىك قىلىپ خوتۇن-بالىسىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان بىر بوغالتىرنىڭ ئۆز گېپىنى يىرىۋېتىۋاتقانلىقىغا ئىمىرنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ خېلى بىر نېمە دېگەنمۇ بولار ئىدى، لېكىن ئىمامنىڭ گېپى بويىچە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى.

— تاقىتىم قالمىدى، ئاداش، — دېدى ئۇ ئىمامغا بولغان ئەھۋاللارنى دەپ بەرگەندىن كېيىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — ئۇ مۆرىمەسنىڭ كۆتىگە تەپمەي زاۋۇتىمىزغا، ساڭا، ماڭا ياخشى كۈن يوق. قىسقىسى، سېنى تەستىقلىدى دېسەم، ئەمىسە ئىمامنىڭ ئۆزى پۇل تېپىپ بەرسۇن، دەۋاتامدۇ.

— ئۇنى تېپىپ چىقىرىۋېتىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، — دېدى ئىمام ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ ئۇياق-بۇياققا ماڭغاچ، — ھازىر ئۇ يېزىلىق پارتكومدىكى باشلىقلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئادەم بولۇپ قالدى. ئاڭلىسام پارتكومنىڭ ھېلىقى مۇئاۋىن شۇجىسى ئەنۋەر شۇمتەك ئۇنىڭغا يەل بېرىپ يۈرۈپتىمىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە كادىرلار خىزمىتىگە ئاشۇ مەسئۇل. ئۇ شۇمتەك تېخى ھېيىقماستىن ئۇ يەر-بۇ يەردە سېنى زاۋۇت باشلىقى قىلىپ يۆتكەپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگۈدەك. مۇنداق ئەھۋالدا ئالدىراپ قول سالساق كەتكۈزۈپ قويىمىز. شۇڭا ... ۋاقىتىنچە تىنىۋالايلى.

— تىنىۋېلىشىنىڭ نېمە پايدىسى؟

ئىمام قويۇق قاشلىرىنى ھىمىرىپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىمىر ئاران ئاڭلىغۇدەك قىلىپ:

— سەن باشقىسىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئۇرشاتنىڭ ئۆيىدە چوڭ بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرغىن. ئۇ يەرگە چوقۇم ھېلىقى شۇمتەك شۇجى بارسۇن! — دېدى.

— چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان مۆرىمەس ئۇ، ئاداش، — ئىمىر ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئېتىراز بىلدۈردى.

— ئەخمەق! — ئىمام ئىمىرغا مەسخىرىلىك تىكىلدى، — خوتۇنى بىلەن قىزىنىلا كۆندۈرسەڭ ئىش پۈتمەمدۇ؟ ئاشۇنچىلىك ئىشقا كاللاڭ يەتمىسە بىر زاۋۇتنى قانداقمۇ باشقۇرارسەن؟ ھە، يەنە بىر گەپ، — ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — زاۋۇتنىڭ ھېسابىدىن 400 — 500 سوم چىقىم قىلىپ، زىياپەتكە ئىشلىتىڭلار دەپ خوتۇنىنىڭ قولىغا بەرگىن. قېنى، مەن ئۇ مۆرىمەسنىڭ تومشۇقىدىن ئېلىنمىغىنىنى بىر كۆرەي...

2

ــ ھېي، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتـ
مەن، ــ گۆھەرپاشا كاۋا باردىگىنىڭ ئاستـ
دىكى سۇپىدا زوڭزىيىـپ ئولـتۇرۇپ مو-
خۇركا چېكىۋاتقان ئېرىغا ئىنچىكە قاشلىرىـ
نى ھىمىرىپ تۇرۇپ كايىشقا باشلىـدى، ــ
مۇشۇ پېتىم ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقىنىـ
ڭىزغا بىر ئاش پىشىم بولدى. ھېچ جاۋاب
بېرەي دېمەيسىزغۇ؟

نۇرشات خـوتۇنى گـۆھەرپاشادىـن
ئەمدى گەپ ئاڭلاۋاتقاندەك بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ، ئۇنىڭ كـۆزىـگە سوئال نەزەرىـدە
تىكىلدى.

ــ ھاڭۋېقىپلا قالدىڭىزغۇ؟ ــ گۆھەر-
پاشا نۇرشاتنىڭ چۈشىنىكىـىز قاراشلىرىـغا
ھەيـران بولۇپ، ئـۆزىـنى تۇتالـماسـتىن
كۈلۈۋەتتى.

ــ ئاۋۇ چۈمۈلىلەرنىڭ تاماشاسى بىلەن
بولۇپ كېتىپتىمەن، ــ دېدى نۇرشات ئې-
رىقنىڭ قىرىدىكى ئۇۋىسىغا كىرىـپ ـ چىقىـ
ۋاتقان سان ـ ساناقسىز چۈمۈلىلەرنى كۆر-
سىتىپ، ــ گېپىڭىزنى بۇدا بىر دېگىنە.

ــ مېھـمان چاقىرىـدىـغان ئىشىنى
دەۋاتىمەن.

ــ نېمە مېھمان ئۇ؟

ــ «يۈيۈنىدىغان» ئىشىڭىز ئۈچۈن
چاقىرىلىدىغان مېھمان بولمامدۇ، ــ گۆھەر-
پاشا تېرىككەن ھالدا جاۋاب قايتۇردى، ــ
ھەپتىنىڭياقى ھەر كۈنـدىـلا دەپ كېلىـ
ۋاتىمەنغۇ؟

ــ نېمە قىلىغانغا يۈيۈنىدىكەنمەن.

ــ ۋۇيت كىشى، ــ گۆھەرپاشا ئىنى ـ
چىكە، ئۇزۇن بارماقلىرىنى پۈكۈپ سۆزلەشكە
باشلىدى، ــ نېـمە قىلـغانـغا يۈيۈنىـمەن
دەيدۇ، تېخى. ئەسلىرىدىن كـۆتـۈرۈلـۈپ
قالغان بولسا، مانا مەن دەپ بېـرەي، ئا-
دەتتىكى بىر كەنتنىڭ بوغالـتىـرلىـقىـدىن
تازىمۇ يوغان بىر سۈت پاراشوكى زاۋۇتـ
نىڭ بوغالتـىرى بولـدىـلا، بىرمۇ؟ ھەمـدە
ئۇنىڭدىن كېيىن ئاران سەكسەن سوم مائاش
ئالىدىغان نۇرشاتـتىن بىـراقـلا 210 سوم
ئالىدىغان نۇرشات بولدىلا، ئىككىمۇ؟ ھە...
ئۇنىڭدىن كېيىن سىلىنىڭ سايىلىرىدا ئۇچاق
بېشىدىن نېرى ئۆتەلمەيدىغان قىزىم بىلەن
مەن ئايـمۇ ـ ئاي ئاز بولغانـدا 200 سوم
تاپاۋەت قىلـدىغان ئىشـقا ئورۇنـلاشـتۇق،
ئۈچمۇ؟ ھە... يەنە ھەممىمىز بىر قۇردىـن
يېڭى كىيىم كىيىپتۇق، تۆتمۇ؟ يەنە تېخى
بىر تېلېۋىزورمۇ ئاپتۇق، بەشمۇ؟ مۇشۇلار
ئۈچۈن بولسىمۇ بىر يۈيۈنىسىڭىز بولارمىكىن.
باشـقا خەقـلەر بىـر ناسـكىـي كىيـسىمۇ
يۈيۈنىدىكەنغۇ؟

ــ كىيگەن توپـلەي، پايـپاقـلىرىـڭ
قالدى، ــ نۇرشات خوتۇنىغا ھومايدى.

ــ يېڭىنى كىيگەن بولسامغۇ ئۆتكۈ-
زۈۋەتمەي سانايتتىم، بىراق كىيمىدىم ـ دە، ــ
گۆھەرپاشا پۈكۈكـلۈك بەش بارمىـقىـنى
كۆرسـىتىـپ داۋام قىلـدى، ــ مۇشۇ بەش
ئىشىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ ئەل ـ ئاغىنىلىرى-
ڭىزغا بىـرەر قېـتىـم چاي بەرمىـسىڭـىز
بولماس.

نۇرشات خوتۇنىنىڭ «چاي» دېگەن گېپىنى
ئاڭلاپلا يەنە جىم بولـدى. ئۇنىڭ سوزۇنـ
چاق يـۈزىدىـكى قارا چېچەكـتىن قالغان
چوقۇرلىرى ئارىسـدىن يالتىراق تەر تامـ
چىلىرى تەپچىرەپ چىقتى. يوغان كەلـگەن
دۈگىـلەك كۆزىنىڭ چاناقـلىرى كېرىـلىپ،
قارىچۇقى شارىكتەك پىرقىراشقا باشـلىدى.
نەپسىنىڭ ئىتتىكلىشىگە ئەگىشىپ، كېلەڭسىز

گەۋدىسى بىردە كۆپۈپ، بىردە قورۇلۇپ قالاتتى.

— چاي بېرەلمىشمەن تېخى، — نۇرشات ئۆزىچە غۇدۇڭشىدى، — زاۋۇتتا بوغالتىر بولاي دەپ ئۆزۈم بېرىۋالمىدىم، ئۆزلىرى قولتۇقىمدىن يۆلەپ ئېلىپ كېلىشتى. خوتۇنۇم بىلەن قىزىمنى ئادەم يېتىشمەي تازىلىق ئىشچىلىقىغا قوبۇل قىلىشتى. تېلېۋىزور، كىيىم-كېچەك دېگەننى كىم ئالماپتۇ. بۇلارغىمۇ چاي بېرىدىغان بولسا، دۇنيادا جان بىلەن پۇل توشامدۇ؟! مۇشۇ خوتۇن خەق دېگەن نېمە ئىككى نان تاپسا بىرسىدە داپ چالىدۇ-دە...

— ھەي، مەن گەپ قىلىۋاتىمەن، — گۆھەرپاشا ئىككى نۆۋەت چاۋاك چېلىۋېتىپ نۇرشاتنىڭ ئالدىغا كەلدى، — «بىر مۆرىمەستىن قورق، بىر بەرمەستىن» دەپ، بىرىشنىڭ گېپى چىقىۋىدى ئاغزىڭىز يەنە قۇلۇپلىنىپ قالدىغۇ؟

— تىلىڭنى يۇلۇۋالماي ھېلى بىكار، — نۇرشات كۆزىنى ئالاق-جالاق قىلىۋېتىپ، گۆھەرپاشانىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلدى، — بۇ تۆھمەتنى دېمىگەن ئەمدى سەن قالدىڭمۇ؟

— ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قاپتۇ، ھە...مۇنداقلام...ئۆزۈمچىلا...خەقلەر شۇنداق دەيدىكەن، — گۆھەر پاشا نۇرشاتنىڭ ئوت چاقناۋاتقان كۆزىگە يېلىنغاندەك قاراپ داۋام قىلدى، — ئىشقىلىپ ھەممىلا يەردە چاينىڭ گېپى، ئاياللارنىڭ گېپىغۇ مەيلى، ئەرلەرنىڭ گېپىدىمۇ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ھەممىسى مېنى بېخىل دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ، شۇڭا...

— بولدى بەس! — نۇرشات تىزىغا بىرنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، بېشى باراڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان يوغان بىر مانتا كاۋىغا تېگىپ، يەنە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بېشىنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇۋېلىپ، باراڭدا تېخىچىلا پۇلاڭلاپ تۇرغان كاۋىغا ھومىيىپ قارىدى، نۇرشات ئاغرىقنىڭ ئازابىدا گۆھەر پاشا بىلەن خېلى بىرنېمە دېيىشەر ئىدى. بىراق دەل شۇ چاغدا قىزى كىرىپ قالدى، نۇرشات ئاچچىقىنى ئاران بېسىۋالدى.

— ۋاي بىچارە دادامەي، — نۇرشاتنىڭ قىزى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كېلىپ دادىسىنىڭ بېشىنى ئىككى ئالقىنىدا ئاۋايلاپ تۇتۇپ قويدى، — مېھمانلىرىڭىز كېلىدىغان چاغدا بېشىڭىزنى تاس يېرىۋالاتتىڭىزكەن-دە، ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ.

— بۈگۈن ھەممىڭلارنىڭ ئاغزىدىن مېھمان چۈشمەي قېلىشىپتىغۇ؟ — نۇرشات قىزىنىڭ قولىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆزىڭىز يېزا باشلىقى، زاۋۇت باشلىقلىرىنى يەكشەنبىدە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپسىزغۇ؟ — قىزى گۆھەر پاشا بىلەن كېلىشىۋالغىنى بويىچە نۇرشاتقا شۇنداق دېدى.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئىمىر كام بولمامدۇ، — قىزى ئاپىسىغا مەنىلىك بىر قاراپ قوشۇپ قويدى، — ھازىر ئىشتىن چۈشۈۋاتسام ئۇ ماڭا: يائاللا!، دادىڭىزمۇ تۆت ئادەمنى مېھمانغا چاقىرىدىكەن-ھە؟ ئىشقىلىپ ئائىلە بويىچە بىر يۈيۈنىدىغان ۋاقتىڭلارمۇ كەلگەنىدى، دەپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىكار گەپ، — نۇرشات قولىنى شىللىتىدى، — مېنىڭ ھېچكىمگە چاي قەرزىم يوق. بېرىپ بالادا قالغاندىن، بەرمەي

تالادا قالغان تۆزۈك.

دېمىسىمۇ راست، نۇرشات 46 يىللىق ھاياتىدا بىرمۇ ئادەم بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇنى ھېچكىممۇ مېھماندارچىلىققا چاقىرمايدۇ، چاقىرسىمۇ بارمايدۇ.

ئۇنىڭ يىگىرمە بەش يىللىق بوغالتىرلىق ئۆمرى ئىشخانا بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆتتى. ئادەتتە خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيىدە بولىدۇ. سىرتقا چىقسا دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتىن نېرىغا بارمايدۇ. ئۇنىڭ دائىملىق سىردىشى - ئۇلپىتى يېنىدىن ئايرىلمايدىغان ئاچچىق موخۇركىسى. ئادەتتە خوتۇن - بالىسىمۇ ئاۋۇندۇرالمايدىغان كۆڭلىنى ئەنە شۇ موخۇركىسى ئاۋۇندۇرىدۇ، قايغۇلىرىنى قوغلاپ، شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق «ئارىلاشماسلىق» تەك ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن تارىختا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن سىياسىي ھەرىكەتلەردە ئامان قالغان، ئەڭ پاك ئادەم بولۇپ چىققان. ئەكسىچە ئۇلپەت تۇتقان، مېھمان چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك بەدناملار بىلەن ئوخشىمىغان زەربىگە ئۇچرىغان. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئارىلاشماسلىقتەك تەجرىبىسىنى مۇقەددەس دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن قىزىنىڭ مېھمان چاقىرىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

— سىزگە ۋەكالىتەن مەن چايغا تەكلىپ قىلىپ قويغانىدىم، — دېدى گۆھەرپاشا نۇرشاتقا يېلىنغان قىياپەتتە، — ئۆزىمىزنى ئويلىمىسىڭىزمۇ مەيلى، ئەڭ بولمىغاندا قىزىمىز ئىككىمىزنىڭ مۇقىملىشىپ كېتىشىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ، مەيلى دېسىڭىز بولماسمۇ؟ — گۆھەر پاشا قىزىنىڭ بېشىنى سىيلىغاچ قوشۇپ قويدى، — باشقا خەقلەر بالىلىرىنى ئوقۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەسلىنى سېتىپ بولسىمۇ ھەر ئىشلارنى قىلىدىكەن، بىراق سىز... ئۆزىڭىز چاقىرماقچى يوق، بىز چاقىرغان مېھماننىمۇ قارشى ئالغۇڭىز كەلمەيۋاتىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — قىزى تومشۇقىنى ئۇچلاپ، گۆھەرپاشانىڭ گېپىنى ئارىلىدى، — باشقا قىزلارنىڭ دادىسى بالىلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ ئاۋارە، مېنىڭ دادام بىر تال قىزىغا دەشنەم، پوپوزا قىلىپلا يۈرگەن.

— مېھمىنىڭلارنى كۈتسەملا ياخشى بولامدىم؟ — نۇرشات قىزىنىڭ گېپى بىلەن بىردىن يۇمشاپ ئورنىدىن ئاۋايلاپ تۇردى، — ئەگەر شۇنىڭدا ياخشى بولىدىغان بولسام — دېگىنىڭلارچە بولسۇن.

— مېھمان كۈتمەيسىز، — دېدى قىزى خۇشاللىقىدىن نۇرشاتنىڭ بېقىنىغا كىرىپ، — مېھمانلار قاتارىدا مېھمان بولۇسىز...

3

يەكشەنبە چۈشكە يېقىن نۇرشاتنىڭ چايغا ئېيتقان مېھمانلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېزىلىق پارتكومىنىڭ 30 ياشلار چامىسىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسى ئەنۋەرمۇ بار ئىدى. ئۇ چاقىرغان يەردىن قالمايتتى، ئادەملەرنى ھۆرمەتۋىلىك، ھۆرمەتۇنسىز دەپ ئايرىمايتتى. نۇرشات ئۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ھەڭ دەپ قالدى. مېھمانلارنىڭ ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنى كىم چاقىرغانلىقى توغرىسىدا گۆھەرپاشادىن سورىدى.

— مەنغۇ دېمەكچەنتىم، — دېدى گۆھەرپاشا. — ئەتىمالىم ئىسمى چاڭجاڭ دېدىمىكىن، ئۆتكەندە ئىسمىنى چىقارغاندەك قىلىۋىدى.

— مەيلى كىم دېسۇن، — نۇرشاتنىڭ تەرسالىقى تۇتتى، — مەن باشلىقلارنى چاقىرمايمىز دېمەكچى ئىدىم، بۇ گەپنى نېمىشقا قۇلىقىڭىزدا تۇتمىدىڭىز؟

— ئاستا! — گۆھەرپاشا ئاغزىنى ئالقىنىدا توسۇپ شەرەت قىلدى، — ئاڭلاپ قالسا سەت، بىر ئوبدان بالىغۇ، بىزگە نېمە زىيىنى تېگەتتى؟

— ئۇنىڭغۇ پايدا-زىيىنىغا مۇھتاج ئەمەسمەن، — دېدى نۇرشات پېشانىسىدىكى تەرنى ئالقىنىدىلا ئېرتىۋېتىپ، — بىراق ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ھېلىقى 500 سومنى بەرگەنلەر تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغانلار، نېمە ئۆسەكلەرنى چىقارمايدۇ دەيسەن؟

— ئۇ... ئۇ، — گۆھەرپاشا دۇدۇقلاپ قالدى، — ئۇ پۇلنى قايتۇرۇۋەتمىگىزغۇ؟

ئۇلار تاكاللىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە يەنە ئىككى مېھمان كېلىپ، نۇرشات ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

نۇرشاتنىڭ ئېھتىيات قىلىشىدىمۇ سەۋەب بار ئىدى. ئىككى كۈن ئاۋۋال ئىمىر 500 يۈەن پۇلنى ئىشتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى گۆھەرپاشاغا بەرگەنىدى. ئۇ پۇلنى بېرىۋېتىپ: «ئەسلى مېنىڭچە بولغاندا، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا مېھمان بولۇش ئويۇم يوقتى. بىراق قىزىڭىز بىلەن ئىككىڭلارنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇشۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، نۇرشات ئاغىنىمەم تويپتوزلا كەتكەن بىر نېمە. ئۇ بۇ ئىشنىڭلارنى ئىمىڭ يىلدىمۇ ئويلىمايدۇ. ئۇنى ئويلىمىدى دەپ مەن بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ يۈرسەم تېخىمۇ بولمايدۇ. قىيامەتلىك ئەل-ئاغىنىلەر قولىمىزدا ھوقۇقىمىز بار ۋاقىتتا بىر-بىرىمىزگە ياردەممىزنى قىلمىساق قانداق بولىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئائىلە ئەھۋالىڭلار ماڭا بەلگىلىك. شۇڭا مۇنۇ 500 سومنى مۇنۇ ھۆججەتكە قول قويۇۋېتىپ، مېھمانلارغا ئىشلىتىڭ، ئەمما بۇنى نۇرشاتقا ھەرگىز تىنىقۇچى بولماڭ. ناۋادا ئۇقۇپ قالسىلا ئالماي تۇرۇۋالىدۇ» دېگەنىدى. 30 يىلغا يېقىن جاھان تۇتقان گۆھەر پاشا مۇنداق چوڭ ئىشنى ئېرىدىن مەخپىي تۇتۇشنى نومۇس بىلىپ، پۇلنىڭ ھەممىسىنى نۇرشاتقا تۇتقۇزدى. نۇرشات پۇلنى كۆرۈپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا ئىمىرنى تىللىماقچى، پۇلنى يۈزىگە ئاتماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى، مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشىدا ئەنۋەر ئۇچراپ قالدى. باشقا ۋاقىتتا باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان نۇرشات بۇ قېتىم ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئىختىيارسىز ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى ۋە قورسىقىدىكى بارلىق دەردلەرنى قالدۇرماستىن ئۇنىڭغا تۆكۈپ تاشلىدى.

— پۇلنى ھازىرچە ئىمىرغا بەرمەستىن ماڭا بەرگىن، — دېدى ئەنۋەر كېيىنكى ئىشلارغا بوشلۇق قالدۇرۇپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ساڭا چوڭ بىر قاپقان قۇرۇۋاتقاندەك تۇرىدۇ، بۇ پۇلنى مەن يېزىلىق پارتكومنىڭ مالىيىسىگە ۋاقىتىنچە تاپشۇرۇپ قوياي؛ ۋاقتى كەلگەندە ئورنىغا قويۇپ قويارمىز. ئەمدى سەن تەييارلىقىڭ بويىچە مېھمانلىرىڭنى چاقىرىۋەرگىن...

نۇرشات ئەنۋەرنىڭ كېيىنكى كىرىپ پۇلنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، مېھمانلارنىمۇ چاقىرىۋەردى. مانا بۈگۈن چاقىرغان مېھمانلارنىڭ ئىچىدە بىرلا ئىمىر يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئورنىغا چاقىرىلمىغان مېھماندىن ئەنۋەر كەلدى. بۇنىڭغا ئامال قانچە؟ ئۆيگە كەلگەن بىر مېھماننى كەتكۈزۈۋېتىش مۇمكىنمۇ؟ نۇرشات مېھمانلارغا ساھىبخانىلىق قىلىشنى بىلمىسىمۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ «مۇنۇ نېمىلەرنى ئالساڭلار» دەپ قوياتتى.

ئىچىملىك باشلىنىپ، ناخشا ۋە كۈلكە ـ چاقچاق قىزىپ كەتتى. ناخشا توگەپ پاراڭ باشلانغاندا، ئارىدىن بىرسى ئىمىرنىڭ بېسىلىپ قالغان ماللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن چىقىم قىلماقچى بولغانلىقىنى، نۇرشاتنىڭ بۇنى رەت قىلىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ قالدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ سوت پاراشوكى زاۋۇتىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى ھەققىدە پاراڭ ئاۋۇدى. كۆپلىرى ئىمىرنى يامانلاپ، نۇرشاتنى ماختىدى.

— لېكىنزە، مۇشۇ ئىمىركامۇ بەك ئاشۇرۇۋېتىپ بارىدۇ،— دېدى كۈلرەڭ كاستيوم ـ شىم كىيىۋالغان ئىسكىلاتچى يىگىت،— ھە دېسە زاۋۇتنىڭ پۇلىغا مېھمان چاقىرىپ، ھېچنېمىگە پايدىسى يوق نېمىلەرگە خۇشامەت قىلىپ يۈرگەن ياكى بۇنى بىرسى سۈرۈشتۈرمىگەن.

— ھوقۇق ئىمىركامدا بولغىنى بىلەن،— دەپ سۆز قاتتى 30 ياشلار چامىسىدىكى تاقىر باش يىگىت،— تىزگىن ئىمامكامنىڭ قولىدا ئاداش، ھەممە ئىشنى ئاشۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى قىلىۋاتسا، يەنە كىم سۈرۈشتۈرەتتى.

ئەنۋەر ئىلگىرى ئىمام بىلەن ئىمىر ئۈستىدە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى، بۈگۈنمۇ يەنە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مۇنداق ئىنكاسلاردىن خەۋەردار بولۇش بىر رەھبەردى كادىر ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. ئەمما بىر تەرەپلىمە ئىشىنىپ كېتىش رەھبەرلىك ئىستىلىغا خىلاپ. ئۇنىڭچە مۇنداق سورۇنلاردا ئوچۇقلا پوزىتسىيە بىلدۈرمەسلىكى كېرەك. شۇڭا ئۇ بۇ گەپلەرنى باشقا ياققا بۇرىۋەتمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئەمدىلا ئۆمەللىۋىدى، نۇرشات كېيىن گەپ قىلغان ئوڭ بېقىندىكى يىگىتكە ئالىيىپ قويۇپ:

— ئۆزى يوق ئادەمنىڭ كەينىدىن گەپ قىلماي ھەغدالىرىمىزنىڭ گېپىنى قىلساڭا،— دېدى.

نۇرشاتنىڭ بۇ تەنىسى يىگىتنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ئۇنىڭ قىزىللىق تەپكەن يۈزى بىردىن تاتاردى. بۇ ھالنى سەزگەن ئەنۋەر دەرھال ئارىغا چۈشۈپ:

— راست بۈگۈن ئىمىركام كەلمەپتىغۇ؟— دېدى.

— ئەسلىدىغۇ پۈتۈن ئىشنى تەرگەن شۇتى،— دېدى نۇرشات قاپىقىنى تۈرۈپ،— نىم بولدىكىن ـ تاڭ، كەلمەپتىغۇ.

— بايا دېسەم، ئىككىسىگە چاپان يېپىپ كېتىۋېدىڭ،— دېدى بايىقى يىگىت ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ،— ئەمدى خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسەن، مەن ساڭا يەنە دەپ قوياي نۇرشاتكا، ئىمىركام بارغۇ، ئاشۇ ئىمامكامنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچيەرگە بارمايدۇ. ئەگەر گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ مۇشۇ ئىشتا سېنىڭ بىلەن بىر مەشرەپتىن باغلاشسام قانداق دەيسەن؟

— قۇرۇق بەسلەشسەڭ بەسلەشتىم ئۇكا،— نۇرشاتنىڭ جاۋابى بىلەن ئۆي ئىچىنى تونجى نۆۋەت جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى...

4

مۇشۇ كۈنلەردە ئىمىرنىڭ يېگەن ـ

ئىچكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلىرى كوچىلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن كۆز خازانلىرىدەك ئاۋۇپ كەتتى. ئۈچ ئايدىن بۇيان مۇئاشىنى ئالالمىغان ئىشچىلار ھەتتا ناھىيىگىچە دەۋاغا بېرىشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، يېرىم ئايچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىدە سۈت پاراشوكى زاۋۇتىنى تاقاش توغرىلىق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

— مېنىڭچە، بۇ ئەمەلىيەتتىن سەل چەتنىگەنرەك پىكىر بولۇشى مۇمكىن، — يىغىن باشلانغاندىن بېرى بىر ئېغىزمۇ پىكىر قاتماي ئولتۇرغان ئەنۋەر سەل جىددىي تەلەپپۇزدا سۆز ئالدى، — چۈنكى بىرىنچى، مۇنداق قىلساق يېزىمىزنىڭ سۈتلىرى تامامەن قۇرۇت، قېتىققا ئايلىنىدۇ، 80 پىرسەنتتىن ئارتۇق دېھقانىنىڭ سۈتتىن كىرىۋاتقان كۈندىلىك كىرىمى پۈتۈنلەي يوقايدۇ. ئىككىنچى، بىر مىليون يۈەندەك مەبلەغ سېلىپ قۇرغان زاۋۇتىمىز تۆمۈر - تەسەككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۈچىنچى، ئالتە يۈزمىڭ يۈەندەك زىيان يېزىمىزنىڭ زېممىسىغا چۈشىدۇ، — ئەنۋەر ئولتۇرغانلارغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ داۋام قىلدى، — بۇنىڭدىن باشقا ھازىر ئىشلەۋاتقان 200 نەپەرگە يېقىن ئىشچىنى، يېزىمىز بويىچە قۇرۇلغان 20 دىن ئارتۇق ئائىلە سۈت فېرمىسىنى قەيەرگە قويۇشىمىز كېرەك؟ مانا بۇلار بىزنىڭ ئەتراپلىق ئويلىنىشىمىزغا موھتاج. مېنىڭچە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئەمەس، قانداق باشقۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلساق ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش قىلغان بولىمىز.

— ئىنتايىن جايىدا پىكىر بولدى، — ئىمام ئەنۋەرنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ئۆزىنىڭ تاكتىكىلىق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، — ھازىر يولداش ئەنۋەر ئېيتقاندەك زاۋۇتنى تاقاشقا ئالدىرىماي، رەھبەرلىك بەنزىنى قايتىدىن بىر رەتلەپ چىقساق، يەنى بۇنىڭدا ئىلگىرىكىدەك ئادەم ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئورناتساق ئۈنۈمى كۆرۈلەمدىكىن.

يىغىن قاتناشچىلىرى ئەنۋەرنىڭ پىكىرىگە قوشۇلدى. زاۋۇت ساقلاپ قېلىنىپ، رەھبەرلىك بەنزە قايتا رەتلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭغا ئەنۋەر بىلەن ئىمام مەسئۇل قىلىندى. ئىمام يىغىندىن قايتىپ ئۇدۇل ئىمىرنىڭ ئۆيىگە باردى.

— نېمە؟ — ئىمىر ئىمامنىڭ كېلىشىدىكى مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن ھودۇقۇپ سورىدى، — سەندىن ماڭا كەلگەن ئاغىنىدارچىلىق مۇشۇ بولدىما؟

— ئالدىرىمىغىن، — ئىمام ئۇنىڭ قولىغا بىر تال پاپىروسنى تۇتقۇزۇپ قويدى، — ئەينى ۋاقىتتا مەن مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنى يۆتكەپ كېلىشكە قېتىلمىغانىدىم. بىراق ئۆزۈڭ قول بالىسى نېمە، ھاۋ دېسەم توختايدۇ، ھاھ دېسەم ماڭىدۇ، قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سالسامۇ غىڭ قىلمايدىغان ياۋاش كالا دەپ تۇرۇۋالدىڭ. ئەمدىلىكتە كېلىپ ئۇ سېنىڭ شىللەڭگە چىقتى. باشقىنى قويۇپ، بىرلا تەننەرخ ھېساباتىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا يېزا بويىچە ھەممىسىنىڭ نەزەرى ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇلدى. بۇنى ھېچكىم ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا بايا مەن دېگەندەك، ۋەزىپەڭنى ئۇنىڭغا قوش قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭ بولىدۇ.

— قولىمىزدا ئۆزۈڭ ياسىغان پولاتتەك پاكىت تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ھوقۇقنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىسەن؟ — ئىمىر مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، — ئۇنىڭ 500 سوم پۇلنى يەپ كەتكەنلىكى يېتىپ ئاشمامدۇ؟

— دېگىنىڭ بەرھەق، — ئىمام ئۆچۈپ قالغان پاپىروسنى تۇتاشتۇرۇپ داۋام قىلدى، — بىراق ئۇنىڭلىق بىلەن ئورنىڭنى ساقلاپ قالالمايسەن. سەن ئېغىزغا چىقتىڭ، ئورنىڭغا بەرىبىر باشقا بىرسى سەپلىنىدۇ. «بىر كالتەكتە ئىككى پاختەك» دېگەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇ پۇلنىڭ كېيىنى ھازىرچە چىقارماي، نۇرشاتنى ئورنىڭغا دەسسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بىر ۋاقىتلار كېلىدۇكى، ئۇ ۋاقىتتا بىر بەش يۈز سوم بەش مىليون سوملۇق ئىش قىلىدۇ. ئەگەر تېخىمۇ چوڭراق ھوقۇققا ئېرىشمەمەن دېسەڭ، مەنچە سەن نۇرشاتنى زاۋۇت باشلىقلىقىغا كۆرسىتىپ، پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتكە دوكلات ياز. بۇنداق كەڭ قورساقلىقنى تېخى دۆلىتىمىزدىكى ھېچقانداق بىر باشلىق قىلغىنى يوق. مانا شۇنداق قىلالىساق ئاجايىپ ئىناۋەت قازىنىسەن. ئۇ چاغدا مەن سېنى بىرلا يۆلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ سانائەت بۆلۈمىگە باشلىق قىلىپ يۆتكىۋالىمەن.

— مۇنداق دېگىن، — ئىمىر ھىجايدى، — ئىشقىلىپ سېنى دەپلا ياشاپ كېلىۋاتىمەن، ئاداش، نېمە قىلساڭ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ...

5

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يېزىلىق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىلىپ، سوت پاراشوكى زاۋۇتىنىڭ رەھبەرلىكى مۇزاكىرە قىلىندى. مۇزاكىرە باشلىنىش بىلەن ئىمىرنىڭ نۇرشاتنى زاۋۇت باشلىقلىقىغا كۆرسىتىپ يازغان دوكلاتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. پارتكومنىڭ چاققانغىنا بۇ يىغىن زالىدا ئون نەچچە ئادەم تامنى ياقىلىتىپ قويۇلغان سافالاردا چۆكۈشۈپ ئولتۇراتتى. پارتكوم شۇجىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىمام ئىمىرنىڭ دوكلاتى ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەن تەڭلا:

— مېنىڭ پىكرىم، — دەپ كۆرسەتكۈچ قولىنى كۆرسىتىپ سۆز ئالدى، — ھازىرقى دوكلاتتىن قارىغاندا يولداش ئىمىر ئۆزىگە ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ توغرا مۇئامىلە قىلغان، قولىدىن كەلمىگەن ئىشقا ئېسىلىۋالمىغان، بۇنداق ئىشنى خېلى ئادەملەرمۇ قىلالمايدۇ. قېنى دەپ باقايلى، ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلمىگەن بىر باشلىق قول ئاستىدىكى بىرسىنى يەنى كېيىنى ئاڭلىمىغان بىر كادىرنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆز ئورنىغا كۆرسىتىشى ئاسانمۇ؟ مەنچە، بۇ ئىنتايىن تەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز ئىمىرنىڭ روھىدىن ئۆگەنسەك بولىدۇ. بىراق، — ئىمام سەل تۇرۇۋېلىپ نېمىندۇر خىيال قىلىپ ئولتۇرغان ئەنۋەرگە قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئىمىرنىڭ ئۆز ئورنىغا نۇرشاتنى نامزات قىلىشىغا قېتىلمايمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ئەنۋەر ياشلىق ھېسسىياتىنى باسالماستىن ئالدىراپ سوئال تاشلىدى، — نۇرشاتقا مېنىڭ بولماسلىقىدىكى

سەۋەبىنى كۆرسىتىپ باقىسڭىز.
— هازىرچە قولۇمدا ئاساس بولمىغانلىق-
تىن باشقىمىغۇ چوڭ گۇناھ ئارتالمايمەن، —
ئىمام سالماق ئاھاڭدا جاۋاب قايتۇردى، —
ئەمما مېنىڭ كۆزىتىشىم ۋە باشقىلارنىڭ
ئىنكاسىدىن قارىغانىدا، نۇرشات تولىمۇ
مۆرىمەس، پائالىيەتچان ئەمەس، كاللىسى
قاتمال. مېنىڭچە مۇنداق ئادەملەر چوڭ
ئىشلار تۇرماق، ئۇششاق ئىشلارنىمۇ باشقا
ئېلىپ چىقالمايدۇ. شۇنداقتۇ ئەنۋەر ئۇكا؟
ئۇنىڭسىزمۇ ئۆز ھېسسىياتىنى باسالماي
ئولتۇرغان ئەنۋەر ئىمامنىڭ قارىشىغا ئۇ-
لاپلا پىكرىنى قويدى.
—ئاز گەپ قىلغان كۆپ ئىش قى-
لالمايدۇ، دېيىش ئاقىلانىلىق بولمىسا كې-
رەك، — دېدى ئۇ سافانىڭ يۆلەنچۈكىدىن
گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، — زاۋۇتتىكى ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنكاسىدىن قارىغانىدا،
نۇرشاتكام كەسپكە پۇختا، ئىگىلىك باش-
قۇرۇشقا ماھىر ئىكەن. چوقۇم بىر يىلغا
يەتمەستىن زاۋۇتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەر-
تىپ كېتەلەيدۇ. مېنىڭچە، نۇرشاتكام ئەڭ
مۇۋاپىق.
— مېنىڭچە، بولمايدۇ، — ئىمام كې-
يىنكى تاكتىكىسى ئۈچۈن يول ھازىرلاپ
قەستەن ئەنۋەرنىڭ پىكرىگە زىت ھالدا
قارشى پىكىر قىلدى.
باشقىلارمۇ ئۆزلىرى بىلىدىغان ئادەم-
لەرنى نامزاتلىققا كۆرسەتتى. يىغىن قارار
چىقىرالمىدى. خېلىدىن بۇيان ئۈگىدەپ
ئولتۇرغان يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى
ناسىر قاتتىق بىر ئەسنەۋەتكەندىن كېيىن:
— نېمە توگىمىگەن تالاش - تارتىش
بۇ، بۇ يەردە ناھىيىگە ھاكىم بېكىتمەيمىز،
كىچىك بىر زاۋۇتنىڭ باشلىقىنى بېكىتىمىز.

مەيلى كىم بولسىمۇ بىرسىنى مۇقىملىۋې-
تەيلى، — دېدى، ئارقىدىن نۇرسىز كۆز-
لىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىمامغا سوئال تاشلىدى، —
نۇرشاتنى بولمايدۇ دېسەڭ، بولىدىغان بىر-
سىنى كۆرسەتمەمسەن؟
— تېخى... تېخى... — ئىمام دۇدۇق-
لاپ قالدى، — تېخى يارىغۇدەك بىرەر
ئادەم چىقمايۋاتىدۇ.
— يارىغۇدەك ئادىمىڭ بولمىسا نۇر-
شات بولسۇن، قانداق دېدىم ئا شۇجى؟ —
ناسىر قارشىسىدا ئولتۇرغان يېزىلىق
پارتكوم شۇجىسىغا سوئال نەزەرى بىلەن
تىكىلدى.
— مېنىڭچە، ئادەم بېكىتىشنى كې-
يىنگە قويساق، — دېدى ئا شۇجى خۇلاسە
ئورنىدا پىكىر قاتناشتۇرۇپ، — بىزنىڭ بۇ-
نىڭدىن كېيىنكى ئىشىمىز قابىل كادىرلار-
دىن بىرقانچە نامزاتنى بەلگىلەپ، ئارى-
دىن ئەڭ ياخشى بىرسىنى تاللاپ بېكى-
تىش بولسۇن.

6

ئىمامنىڭ ئىككى قىرلىق، ئۈچ بىس-
لىق «تاكتىكا» سى بىلەن ئىمىر يېزىلىق
ھۆكۈمەتنىڭ سانائەت ئىشخانىسىغا مۇدىر
بولۇپ يۆتكەلدى. نۇرشات سوت پاراشوكى
زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. زا-
ۋۇتنىڭ يىللىق ساپ پايدىسى ئىمامنىڭ
تەشەببۇسى بىلەن 50 مىڭ يۈەن قىلىپ
بەلگىلەندى. زاۋۇت ئىزچىل زىيان تارتىپ
كېلىۋاتقان بولسىمۇ نۇرشات بۇ كۆرسەت-
كۈچكە كۆندى. ئۇ يىل بېشىدا سانائەت
ئىشخانىسى بىلەن بىر يىللىق ئىقتىسادىي
توختام تۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىۋەتتى.

ئۇرشات بىر تەرەپتىن، تېخنىكىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ھەربىر ئىشچى، سېخ ۋە ماشىنىنىڭ نورما كۆرسەتكۈچىنى بەلگىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش يولىنى كېڭەيتتى. نەتىجىدە زاۋۇتنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ساپ پايدىسى 80 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، ناھىيە بويىچە «چولپان كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇرشات ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ، مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى.

— ۋاھ! — ئىمىر ئىمامنىڭ بۆلۈمىگە كىرىپ شىكايەت قىلدى، — ھېلىقى مۆرىمەس بۇقىنى ھەجەپ مۆرىتىۋەتتىڭلار، ئۆتكەنكى چىرايلىق گەپلىرىڭگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. قەغەز دۆۋىلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالغان بىر دەسمالنى تاۋار-دۇردۇن قىلىپ، مېنىڭدەك شەمشادنىڭ بېلىنى پۈكۈۋەتتىڭغۇ؟ ماڭا قىلغان راپاۋىتىڭ شۇمىتى؟

— ھا، ھا، ھا! — ئىمام ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى، — سەن ئەتىدىن كەچكىچە ئېيتىڭ بىلەن خوتۇنۇڭنى ماختاپلا تاكتىكىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقماي يۈرگەن نېمىكەنسەن. مەن ساڭا دەپ بەرسەم تاكتىكا دېمەك ھوقۇق دېمەكتۇر، ھوقۇق دېمەك تاكتىكا دېمەكتۇر. مېنىڭ ئاددىي دۇيجاڭلىقتىن مۇشۇ ھوقۇققا قانداق چىققانلىقىمنى سەن مەڭگۈ بىلمەيسەن. مەن ساڭا دەپ قوياي، مېنى مۇشۇ ھوقۇققا قانائەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭدىكى ئىستېداد، مېنىڭدىكى تاكتىكا مۇنداق قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ. قوش قانداق ئۇچسا مەنمۇ شۇنداق ئۆرلەيمەن. مېنىڭ تاكتىكام تور بولۇپ ھەممە يەرگە يېيىلغان. ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئادەمنىڭ چۈشەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ مۆرىمەس مېنىڭ تورۇمنىڭ بىرسى. ئۇ كاردىن چىققان ھامان پىرقىرىتىپ بىر چۆرۈيمەنكى، كۆرۈپ قالىسەن، نەق كۆتۈرەم ئۆكۈزنىڭ ئۆزى بولىدۇ.

ئىمىر ئۇنىڭ گادىرماچ گەپلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەستىن گېپىنى بۆلدى:

— ئۇنى تور قىلامسەن، قاپقانمۇ؟ نېمە قىلغىنىڭ كەلسە ئۆز ئورنىدىلا تۇرغۇزۇپ قىلساڭ بولمامتى. ئەمدىلىكتە ئۇنى پۈتۈن ناھىيە تونۇپ كەتكەندە، قانداق بىر نېمە قىلالايسەن؟

— جىم ياتقان يولۋاسنى تاغدىن باشلاپ چۈشۈرگەن ئۆزۈڭ، — ئىمام ئىمىرغا قوپال تەگدى، — ئۇنى باشقىلار قولغا ئۆگىتىۋالسا، ئۇ چاغدا تېخىمۇ چوڭ بالا-قازا يېتىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمايسەن؟

— ئەمىسە ئۇنى كىمگە يايماقچىسەن؟

— يايماقچى دېگىچە، يايدىڭ دېمەمسەن! — ئىمام قولىنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئاستا داۋام قىلدى، — بۇنى تېخىچە چۈشەنمىگەن بولساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن. پەقەت بىرلا كىشى، يەنى تولىمۇ ئاجىز، تاكتىكىسىز، ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك بىرلا كىشى...

— ھە... بىلدىم، ھېلىقى شۇمتەك...

— ھەببەللى! — ئىمام كۈلدى، — ئىشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن سەن دەرھال مۆرىمەسنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىنى مۇقىملاشتۇرغۇزۇۋەتكىن.

7

يېزا باشلىقى ناسىرنىڭ پېنسىيىگە چىقىش ئۈچۈن يازغان ئىلتىماسى نېمىشقىدۇر تېخىچە تەستىقلىنىپ كەلمىدى. ناسىرمۇ يىل يېڭىلانغاندىن بۇيان خىزمەتتىن قول ئۈزۈپ، كۈنلىرىنى ئۆيدە ئۆتكۈزۈپ يۈرەتتى، ئىشلارنى ۋاقتىنچە ئىمام بېجىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتلىق ھوقۇقىغا كۆڭلى توق بولسىمۇ، لېكىن ئەنۋەرنىڭ يېزا باشلىقى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كوچا - كويلاردا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەر كۆڭلىنى تولىمۇ غەش قىلاتتى. ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن شۇمتەك، — دەپ ئويلايتتى ئىمام ئىختىيارسىز، — ئۇ- زى تولىمۇ ياش، لېكىن سەللا بىخەستەلىك قىلسام، مېنىڭ ئىشىمغا چاڭ سالىدۇ. شۇڭا تورنى كېچىكتۈرمەي ۋاقتىدا يىغسام بولغۇدەك...

ئاخىرى ئۇنىڭ كۈتكەن ئەپلىك پەيتى پىشىپ يېتىلدى. قوشنا ناھىيىنىڭ بىر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بۇ يېزىغا كەلدى. ئىمام ئۇلار يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئاشۇجىغا كەچلىك زىياپەتنى سۈت پاراشوكى زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. مۇشۇ بىر ئىشتىن بېشى قېتىپ تۇرغان ئاشۇجى دەرھال قوشۇلدى. ئىمام نۇرشاتقا تېلېفون بېرىپ، 500 سوملۇق زىياپەت بېرىشنى ئۇقتۇردى. نۇرشات بۇنى دەرھال رەت قىلدى. ئىمام ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى قوللىدى، ئەمما ئاشۇجىغا دوكلات قىلغاندا: «ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، كۆڭۈلدىكىدەك كۈتىدىغان بولدى» دېدى.

ئىمام ئېكسكۇرسىيىچىلەر بىلەن بىللە يۈرۈش جەريانىدا ئۇلارغا ئاشۇجىنىڭ سۈت پاراشوكى زاۋۇتىدا كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئېكسكۇرسىيىچىلەر چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بىلەن زاۋۇتقا يېتىپ كېلىشتى. نۇرشات ئۇلارغا زاۋۇتنىڭ زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىش تەجرىبىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. قورسىقى ئېچىپ، تۇمشۇقى يەر تىرەپ قالغان ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئانچە - مۇنچە تەسىرات سۆزلىشىپ، نۇرشاتنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. نۇرشات پۈتىدا يەرنى سىزىپ جىم ئولتۇراتتى.

— ھە نۇرشات، — دېدى ئىمام ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېھمانلارنى قەيەرگە باشلايسەن؟

— ھېچيەرگە باشلىيالمايمەن، — دېدى نۇرشات يەرگە قاراپ.

— چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟ — ئىمام مېھمانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ دېدى، — بىزنىڭ بۇ زاۋۇت باشلىقىمىز مۇشۇنداق قوپال چاقچاق قىلىدۇ. مېھمانلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئالماسلىقىنى سورايمەن.

— مەن ئەزەلدىن چاقچاق قىلىپ باقمىغان، — نۇرشات يەر تېگىدىن ئىمامغا ئالىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ كەسكىن، جاراڭلىق، قوپال جاۋابى بىلەن بۇ يىغىن زالىنىڭ ئىچىنى بىر خىل يېقىمسىز كەيپىيات قاپلىدى. ئېكسكۇرسىيىچىلەر مەسخىرىلىك ھىجىيىش، تەنىلىك تەلەپپۇزلار بىلەن ئۆزئارا بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈسۈرلىشاتتى. ئۆزىنىڭ پۈتۈن سەزگۈسىنى ئىشقا سېلىپ ئولتۇرغان ئاشۇجى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى نەزەرىدىن ساقىت قىلالمىدى. ئۇ ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان موخۇركىسىنى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈۋەتتى - دە، ئورنىدىن

تۇرۇپ، تالاغا قاراپ ماڭدى. نۇرشاتنىڭ يې-
نىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ
قويدى. نۇرشات كەينىدىن ئەگىشىپ بىللە
چىقتى.

— نېمە گەپلەر بولۇپ كەتتى نۇر-
شات؟ — ئاشۇجى ئۆرلەۋاتقان غەزىپىنى بې-
سىپ، ئاران ئاڭلانغۇدەك تەلەپپۇزدا سورىدى.

— ...

— مېھمانلارنى باشلىماي نېمىگە
ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇسەن؟

— باشلىيالمايمەن.

— باشلىيالمايمەن دەۋاتامسەن؟ —
ئاشۇجىنىڭ ئاچچىقى شۇنداق كەلدىكى،
ئاۋازى دۇمباقتەك گۇمبۇرلەپ كەتتى، —
ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئىمامغا مۇشۇ سۆزنى
قىلمىغان؟

— ئېيتقانتىمغۇ؟

— كىمگە؟

— ئىمامغا.

—ھاي ئىمام! — تاقىتى تاق بولغان
ئاشۇجى ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئۇنۇتۇپ،
ئىمامنى چاقىردى. ئىمام ئۇنىڭ ئالدىغا
ھازىر بولدى.

— خوش، نېمە گەپ ئاشۇجى؟ —
ئىمام بىپەرۋا قىياپەتتە سورىدى.

— مۇنۇ بىر نېمە مېھمانلارنى كۈ-
تەلمەيمەن دەپ ئىمامغا ئېيتقانتىم دەي-
دىغۇ، راستما؟ — ئاشۇجى غەزەپتىن چاقنا-
ۋاتقان كۆزىنى ئىمامغا تىكتى.

— تېلېفوندىغۇ چاتاق يوق، قانچى-
لىك مېھمان بولسا شۇنچىلىكنى كۈتىمەن
دېۋىدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئىمام كۈ-
لۈپ تۇرۇپ، ئاندىن نۇرشاتقا قاراپ قو-
شۇپ قويدى، — ۋۇي مۆردىمەس، ھېلىغۇ
ئۇقتۇرۇش قىپتىمەن، ناۋادا تۇيۇقسىز
كەلسەكمۇ ئاشۇجىنىڭ يۈزىنى دەپ كۈت-
مەمتىڭ؟ ئالدىڭدىكى ئادەمنىڭ كىملى-
كىنى بىلمەيۋاتامسەن - يا؟ ياكى بولمىسا
ئەنۋەر مۇئاۋىن شۇجى قېتىلمىدىمۇ؟

ئىمامنىڭ مۇنداق ئىككى يۈزلىمىچى
ئىكەنلىكىنى تۇنجى نۆۋەت كۆرۈۋاتقان
نۇرشات ئۆزىنى تۇتالماستىن ئىمامغا ياندى.

— ۋۇي، تېلېفوندا ياق دەپ جاۋاب
بەرسەم «ئەمىسە بوپتۇ» دېمىدىڭمۇ؟

— ھەي كالا... ھەي كالا، — ئىمام بېشى-
نى ئۇياق — بۇياققا لىڭشىتىپ، كىنايە تەلەپ-
پۇزدا شۇنداق دېدى، — ئاشۇجىنىڭ يۈزىنى
قىلماي شۇنچە مېھماننىڭ ئالدىدا يەرگە
قاراتتىڭ، ئۇنىڭغا قارىغاندا مېنى ھەر
نېمە قىلسەنغۇ، — ئىمام گېپىنى ئازىراق
ئۈزۈپ قويۇپ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سورى-
دى، — مېھمانلارنى بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇ-
رامسەن - يوق؟

— زاۋۇتنىڭ ئىقتىسادىنى كەلسە-
كەلمەس ئىشلىتەلمەيمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — بۇ سۆز كېلىشىۋال-
غاندەك ئاشۇجى بىلەن ئىمامنىڭ ئاغزى-
دىن تەڭلا چىقتى.

— ماقۇل، — دېدى ئاشۇجى ئۆزىنى
ئاران بېسىۋېلىپ، — ئەڭ بولمىغاندا قۇرۇق
بىر پىيالە چاي قويۇپ، پۇلىنى مېنىڭدىن
ئۇندۇرۇۋالساڭمۇ بولاتتى، مۇنداق سەتچى-
لىككە قويۇدىغىنىڭنى ئويلىماپتىمەن-ئەن،
خەير، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئېككىسۇر-
سىيىچىلەرنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى.

## 8

نۇرشاتنىڭ زىيابەت بەرمىگەنلىكى
توغرىسىدىكى گەپ ھەممىنىڭ ئارىسىغا
پۇر كەتتى. ئىمام ئۇ ئىشنى ئەنۋەر ئارقى-
دا تۇرۇپ تەرگەن، ئۇنىڭ نۇرشاتنى كەر-
دى قىلىپ ئاشۇجىغا قارشى تۇرۇشى،

شۇجىملىقنى ياكى يېزا باشلىقلىقىنى قولىغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيىقەستـ
لىك پىلان، دېگەنگە ئوخشاش ئۈسەكلەر-
نى ئىسىرغا ئوخشاش شېرىكلىرىنىڭ ئاغزى
بىلەن تارقاتتى. ئەمما ئۆزى بولسا مۇنداق
گەپلەر چىققاندا يالغاندىن: «تەكشۈرمەي
پىكىر قىلماڭلار، ئەنۋەر ئۇنداق كادىر
ئەمەس» دەپ خۇپسەنلىك قىلاتتى.

ئىمامنىڭ پەرەزى توغرا چىقتى.
ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن
بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يېزىغا كېلىپ،
ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. نۇرغۇن
كادىر، ئامما ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلدى. تەش-
كىلات بۆلۈمىدىكىلەر ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇجى
بىلەن ئىمامنىڭ پىكرىنى ئالغىلى ئۇلار
بىلەن سۆھبەتلەشتى. مانا ئەمدى تورنىڭ
يىغىلىدىغان ۋاقتى كەلدى، — دەپ ئويلى-
دى ئىمام ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، — قېنى
ئەمدى ئەنۋەرنىڭ يۇقىرى ئۆرلىگىنىنى،
نۇرشاتنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالغىنىنى كۆرەي.

— ئەنۋەر ياش، قابىل، ئالىي مەلۇ-
ماتلىق كادىر، — دېدى ئىمام ئالدى بىلەن
ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى تەپسىلىي تونۇش-
تۇرۇپ، — مەنچە، ئۇنى ئۈستىتۈرۈپ ئىشلى-
تىشكە بولىدۇ. بىراق، — ئىمام ئۈستەلدىكى
تاختا ئەينەكنى رىتىملىق چېكىپ بىر ئاز
تۇرۇۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، —
يەنىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىپ بېقىشىغا توغ-
را كېلىدۇ. مەسىلەن: ئىدىيە، ئىستىل جە-
ھەتلەردە پاكمۇ ياكى مەسىلە بارمۇ؟ پار-
تىيىۋىلىك مەيدانى مۇستەھكەممۇ؟ گۇرۇھ-
ۋازلىق، مەزھەپچىلىك ئەھۋاللىرى بارمۇ-
يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش جەھەتلەردە بەزى
ئىنكاسلار خېلىلا كۈچلۈك.

ئىمامنىڭ بۇ تومتاق پىكرى تەك-
شۈرگۈچىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇلار
بىر-بىرىگە سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ، بۇ
گەپنىڭ تەكتىگە يېتىشكە تىرىشاتتى.

— ھازىرقى پىكىرلىرىڭىزنى كون-
كرېتلاشتۇرۇپراق ئېيتسىڭىز، — دېدى تەك-
شۈرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدىكى ياشتا چوڭراق
بىرسى ئىمامغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— مەن پەقەت ئاڭلىغىنىمنىلا دەي-
مەن، — ئىمام سالماق تەلەپپۇزدا سۆزلى-
دى، — چۈنكى مەن ئەنۋەرنىڭ بىرەر ئىشى-
نىمۇ كۆرگەن ئەمەس. بايىقى دېگەنلىرىم-
نىڭ ھەممىسى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىن-
كاس، شۇڭا ئۇنى مېنىڭدىن ئاڭلىغاندىن كۆرە
پىكىر قىلغانلاردىن ئاڭلىساڭلار تېخىمۇ
ئىشەنچلىك بولامدىكىن دەيمەن.

— قېنى، سىز ئالدىدا بىر سۆزلەپ
باقامسىز.

— بولىدۇ، — ئىمام بارمىقىنى بىر باش-
تىن پۈكۈپ، سۆزىنى ئىخچام
قىلىشقا باشلىدى، — بىرىنچىسى، ئەنۋەر
يۇقىرىغا يامىشىش ئۈچۈن باشتىن-ئاخىر
گۇرۇھۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر
تۈركۈم پېشقەدەم كادىرلارنى جۈملىدىن
ئاشۇجىدەك رەھبەرلەرنى ئامما ئارىسىدا
سېسىتقان، يەنى ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان
ئىشلىرىنى كەينىدىن رەت قىلىۋەتكەن.
بۇنداق ئىش تېخى يېقىندا ئېكىسكۇرسى-
يىچىلەر كەلگەندە يۈز بەردى. ئىككىنچى-
سى، ئىستىل جەھەتتە چىرىكلىشىپ چوڭ
يەپ، چوڭ ئىچىپتۇ، ئۇنى كىم مېھمان
قىلسا، شۇنى ئۈستىتۈرۈپ ئەتىۋارلاپ ئىش-
لەتتى. كەنتنىڭ بىر بوغالتىرىنى يۆتكەپ
كېلىپ، ھازىر زاۋۇت باشلىقلىقىغا ئۈس-
تۈردى. تېخى ئاڭلىسام، قاراڭ ئاشۇجى، —
ئىمام ئاشۇجىغا قاراپ چۈشەندۈردى، —

بۇ گەپنى تېخى سىزگە دېگۈدەك بولال‌ـ
مىدىم. نۇرشات بوغالتىرلىق قىلىپ يۈر‌ـ
گەن ۋاقىتلىرىدا زاۋۇتنىڭ 500 سوم
پۇلنى خىيانەت قىلىپ، ئەنۋەرنى مېھمان‌ـ
دارچىلىققا چاقىرغان، يەنە تېخى شۇ
يەردىلا زاۋۇتنىڭ ھوقۇقىنى ئىمىردىن
ئېلىپ بېرىشنى ئېيتقان. ئەنۋەرمۇ دەر‌ـ
ھال ئىپادە بىلدۈرگەن. ھېلىقى چاغدا
نامزاتلارنى مۇزاكىرە قىلغاندا مەن قې‌ـ
تىلماي تۇرۇۋالسام، نۇرشاتنى كۆرسى‌ـ
تىپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ
شۇ ئىكەن. ئاندىن نۇرشات باشلىق بولۇ‌ـ
ۋېلىپلا باشقىلارنى زاۋۇتتىن قوغلىۋېتىپ،
خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇ‌ـ
ۋالدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا
قارىغاندا ئىمىر ئوبدان بىلىدۇ...

— مەن سىزنى خىزمەتتە خېلى
تېتىك دېسەم، — دېدى ئاشۇجى تەكشۈر‌ـ
گۈچىلەر ئەھۋالىنى ئىگىلەپ چىقىپ كەت‌ـ
كەندىن كېيىن، ئىمامغا غەزەپلىك تى‌ـ
كىلىپ، — ئۆتۈپ كەتكەن سۆرەلمىدىن
ئوخشىمامسىز؟

بۇ گەپ ئىمامنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن
بولسىمۇ، بىلمىگەنگە سېلىپ سورىدى:

— ھەسىلەن، قايسى ئىشتا شۇنداق
قىلىدىم، ئاشۇجى؟

— بايىقى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن
ماڭا بالدۇر دېمىدىڭىز؟

— قىزىقكەنسىز، ئاشۇجى، — ئىمام
زورغا كۈلدى، — بىلگەن نېمىنى سىزگە
دوكلات قىلماي ھەددىمۇ، ئۇنىڭ بايىقى
ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ئېكىسكۇر‌ـ
سىيىچىلەر كېلىپ كەتكەندىن كېيىن
چۈگۈلۈپ چىققان گەپ. بۇنىمۇ مەن تې‌ـ
خى ئاخشام ئاڭلىدىم.

— ھە... ئەمىسە، — ئاشۇجى ئۇزۇن
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سالماق ئاھاڭدا
بۇيرۇق قىلدى، — ئەتىلا يېزىلىق ھۆكۈ‌ـ
مەتنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، نۇرشاتنى
خىزمەتتىن توختىتىڭلار! مۇۋاپىق پەيت‌ـ
تە زاۋۇت ئىچىدە ئۆزىنى تەكشۈرسۇن!

— بولىدۇ، — ئىمام دەرھال ئورنىدىن
تۇرۇپ، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىۋاتقان جەڭچى‌ـ
دەك قېتىپ تىك تۇردى، — بۇنىڭغۇ
ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئىدىق مۇھىمى، پارتكوم‌ـ
نىڭ مۇشۇ ھەقتىكى بىرەر ھۆججىتى
چۈشۈرۈلمىسە بولماسمىكىن.

— بۇنى مەن ئەتىلا ئورۇنلاشتۇ‌ـ
رىمەن...

9

ئىشلار ئىمامنىڭ پىلانىدىكىدەك بو‌ـ
لۇپ، نۇرشات ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئورنى‌ـ
غا ئىمىر زاۋۇت باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتى‌ـ
دى. ھازىر ئىمامنى ھەممىدىن بەكرەك
قىيناۋاتقىنى ئەنۋەرنىڭ تېختىچىلا ۋەزى‌ـ
پىسىدە تۇرۇۋاتقانلىقى بولدى. ئۇ ئىچىدە
ئەنۋەرگە ھەرخىل ئورەكلەرنى قازسىمۇ،
كۆرۈنۈشتە مۇناسىۋىتىنى بۇرۇنقىدىنىمۇ
بەكرەك يېقىنلاشتۇردى.

— قانداق گەپلەر بولۇپ كېتىۋاتىد‌ـ
دۇ، ئۇكامەي؟ — دەيتتى ئۇ ئەنۋەرنى
كۆرگەن يەردە ئالدىنى توسۇپ، — سىز‌ـ
دەك بىر مۆمىن بالىنىڭ مۇنداق يالغا
يولۇقۇپ قېلىشىڭىزنى ھېچ ئويلىماپتىكەن‌ـ
مەن، قانداق تۈزكور نېمىدۇر سىزگە
قارا چاپلىغان؟ ھەممىسى ئاشۇ مۆرتەس
كالىنىڭ كاساپىتى. نېمىشقىمۇ راپاۋەتچى‌ـ
لىك قىلغان بولغىيتىڭىز ئۇنىڭغا؟

— ھەممە ئىش توگەپ كېتىدۇ
ئۇكا، — دەيتتى ئۇ يەنە بىر قېتىملاردا
تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ، — ئاڭلىسام
ئۈستىڭىزدىكى توقۇلغان مەسىلىلەرنى
ئېنىقلاپ بىر يەرگە ئاپارغان ئوخشايدۇ...

ئەنۋەر ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھە دەپ

قويۇپ، نۇرشاتنىڭ يولىدا مېگىش بىلەن بولدى.

10

ناھىيىلىك رېۋىزىيە ئىدارىسى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەنۋەر بىلەن نۇرشاتنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئەنۋەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەستىقى بىلەن كېلەر نۆۋەتلىك سايلامغىچە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىقىنى ۋاقىتىنچە ئۆتەپ تۇرىدىغان بولدى.

بۈگۈن يېزىلىق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت نۇرشاتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يىغىن چاقىردى. ئا شۇجى رېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ نۇرشات توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

— مانا يولداشلار، پۈتۈن يېزىمىزنى زىلزىلىگە سالغان بىزنىڭ سوت پاراشوكى زاۋۇتىمىزنىڭ ئەھۋالى، — دېدى ئۇ خۇلاسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرغانلارغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ، — بۇنىڭدىن بىز ئىسلاھات يولىنىڭ ئەگرى - توقايلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتلىرىمىزدە شەيئىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىگە قاراپ باھا بەرمەستىن، ماھىيىتىگە چۆكۈشىمىز لازىم. مەنمۇ بۇ ئىشتىن چوڭقۇر ساۋاققا ئىگە بولدۇم.

— ھەممىمىز دەگىنا، — بىردە قىزىرىپ، بىردە تاتىرىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرغان ئىمام دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، ئۆزىدىكى پەرىشانلىقنى بېسىقتۇرۇندى، — بۇ ئىشتا يالغۇز سىزلا ئەمەس، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىمىزنى ھېلىقى ئىمىر دېگەن سۇخەنچى قايمۇقتۇرۇۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، رېۋىزىيە ئىدارىسىدىكىلەر ئىنچىكە تەكشۈرۈپتۇ.

بولمايدىغان بولسا، قاراپ تۇرۇپ ياخشىلارغا ئۇۋال قىلىپ، يامانلارنى ساقلاپ قالاتتۇقكەن. مېنىڭچە، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئىمىرنى قانۇنغا چۈشسە، قانۇن بويىچە، چۈشمىسە تەشكىلىي پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشماق بولمايدۇ...

يىغىن ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق نۇرشاتنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىمىرنى خىزمەتتىن توختىتىشنى قارار قىلدى. ئىمام يىغىندىن تولىمۇ پەرىشان ھالدا چىقتى. ئۇ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، يولدا نۇرشاتقا يولۇقۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئەگەر مەيلىچە بولغاندا، ئۇنى ئېشەك قىلىپ مىنسە، تۇمشۇقىنى تېشىپ، ساپانغا قوشسا يەنە ئاچچىقى چىقمايتتى. بىراق ئامال قانچە؟ ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا پۈتكەن ئىدى. شۇڭا ئىلاجسىز ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، ئۆزى داۋاملىق ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «تاكتىكا» سىنى ئىشقا سالدى.

— ھەي مۆرىمەس، — بېرى كەل، — دېدى ئىمام ۋېلىسىپىتنى يولنىڭ چېتىگىلا تىكلەپ قويۇپ، — ساڭا خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. سەن مۆرىمىگىنىڭ بىلەن مەن ئورنىڭدا مۆرەپ، ئۈستىڭدىكى بارلىق توقۇنالارنى بىراقلا يوق قىلىۋەتتىم. بولا ئەمەس، يەنە بار تېخى، — ئىمام كېرىلىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئاشپۇزۇلغا باشلامسەن، ئۆيىڭگىمۇ؟

نۇرشات چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بەرمەستىن ئىمامنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ جىم تۇردى.

— بېرىدىغانىڭنىڭ گېپىنى چىقا - چىقمايلا ئېغىلىمۇ شۈك بولۇپ كەتتىڭغۇ

ئەخمەق، — ئىمام ۋېلىسىپىتىنى ئورنىدىن قوزغاتتى، — ئانچىكى چاقچاق، خاتىرجەم بول، ھېچنېمەڭنى يېمەيمەن. بۈگۈن ھەممە ئىشنى قارارلاشتۇرۇۋەتتىم. ئەتە زاۋۇتقا بېرىپ، ھېلىقى ئىمىر دېگەن سۇخەنچى ئاغىنەڭدىن ھوقۇقۇڭنى ئۆتكۈزۈۋال!

— ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋال، دەمسىنا؟

— شۇنداق بولمايچۇ، — ئىمام شۇ سۆزنى قىلىپلا ۋېلىسىپىتكە مىندى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ خىيالغا چۆكتى. «تاكتىكا» دېگەن ئۇنىڭغا ئەسقاتمىسا، بۇنىڭغا ئەسقاتىدۇ. مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىرىنى قۇربان بېرىپ، بىرىنى تىرىلدۈرۈش كېرەك. بۇ كالىنىڭ رىشتى پۈتمەي ئامان قالدى. ئەمدى ئىمىر دېگەن قوينى قۇربانلىق قىلىۋەتسەم، ھەممە توقىناق شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. كېيىنكى ئىشلارغىمۇ ئوخشاشلا يەنە قۇربانلىق چىقىدۇ....

— نېمە ئانچىلا بېشىڭ ساڭگىلاپ كەتتى ئاداشۇي؟ — ئىمىرنىڭ تۇيۇقسىز چىققان زىل ئاۋازى بىلەن ئىمام چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ھە، سەنمىتىڭ؟ — ئىمام ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، ئۇياق - بۇيىقىغا ئەنسىز قارىۋەتكەندىن كېيىن بوش ئاۋازدا سۆزلىدى، — سېنىڭ غېمىڭ بولمامدۇ.

— مېنىڭ نېمە غېمىم ئۇ؟

— ئاستا گەپ قىل! — ئىمام كەلگەن تەرىپىگە قارىۋېتىپ، ئىمىرنى ئېرىق بويىدىكى يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ تۈگىگەن يوغان بىر تۈپ سۆگەتنىڭ تۈۋىگە باشلاپ كەلدى، — ھېلىقى مۆرىمەسنىڭ ئۈستىگە قۇرغان تورىمىزمۇ ئەپلەشمىدى، بۈگۈن ناھىيىدىن ھۆججەت چۈشتى. ھېلىقى ئەنۋەر دېگەن شۇم بارلىق توقۇناقنى ساڭا ئارتىپ، سېنى خىزمەتتىن توختىتىش تەكلىپىنى بەردى. مۆرىمەس يەنە باشلىق بولىدىغان بولدى.

— سەن نېمە قىلدىڭ؟

— دېدىمغۇ، يالغۇز كەلدىم ئاداش.

— ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ تېپىپ، ئايلىنىپ كېلىپ سېنىڭ قۇربانىڭ مەن بولاتتىممۇ؟ — ئىمىر كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىپ ئىمامغا ياندى، — ئەگەر لىللا بىر تەرەپ قىلمايدىغان بولسا، ئۈستۈڭدىن يۇقىرىغا ئەرز سۇنىمەن.

— ئەرز سۇنىمەن دەۋاتامسەن؟ — ئىماممۇ دەرھال غەزەپلىك ھومايدى، — ئەگەر ياۋاش بولساڭ يەنىلا مەن ئەسقاتىمەن. ئەرز قىلساڭ زىيان تارتىپ قالارسەنمىكىن. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ھەرقانداق قانۇنمۇ بارغۇ، ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا بىر گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىدۇ. گۇۋاھچى يوق ئىشنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىشتا ئۈچىنچى بىر ئادەم يوق. ئەگەر سەن مەيلى قانداقىلا يەرگە ئەرز قىل، بۇرۇنقى گېپىم يەنە شۇ. قىلغان ھەرقانداق ئىشىم بىلەن گېپىمدىن تېنىۋالىمەن، ھەتتا ماڭا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلىمەن. ئۇ چاغدا نېمە بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ ئويلىشىپ باقساڭ بولىدۇ...

ئىمىر ئىمامنىڭ گېپى بىلەن بايىقى سۇرلۇك ئەلپازىدىن ياندى. ئۇ ئەتىراپتىكىلەر ئاڭلىيالمىغۇدەك پىچىرلىدى. ئىمام ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

ئەختەم ئۆمەر

# تۇتەك ئارىسىدىكى ئاي

## 1

ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ سىرلانمىغان، سىڭايان، تۆمۈر چەۋىقلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ناھايىتى ئەستە كېلىدۇ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقىدۇ. گويا ئوغرىلىق قىلىپ ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك، ھەممە خەق ئۆز ئىشى بىلەن بولماي كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۆزىگە تىكىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. پۇشايمان، ھەسرەت، ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقىدۇ. ئادەملەرنىڭ بۇ دەرۋازىدىن ئاشۇ بازارغا، ساناقسىز ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرىغا تولغان بازارغا شۇنچە خاتىرجەم، خۇش خۇي كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەملەر قانداق ئادەملەردۇر، مېنىڭمۇ ئاشۇ ئادەملەردەك خاتىرجەم مۇشۇ بازارغا كىرىپ ـ چىققان چاغلىرىم قانداق چاغلار بولغىيتتى، قايسى ئاي، قايسى كۈنلۈكتە بۇ ئىپلاس مەرەزنى يولۇقتۇرغاندىمەن؟ مۇشۇنداق ئازابقا قالارىمنى بىلگەن بولسام... ئاھ... مەن ھەقىقەتەن ئەقىلسىز كەنمەن. كىچىكىمدە دادام: ‹كاللاڭ تازا دېگەندەك ئىشلىمەيدۇ، چىرايلىق بولغان بىلەن ئەقىل بولمىسا بىكار› دەيتتى. راست مەن بەك ئەقىلسىز ئىكەنمەن، مەن نېمىشقىمۇ مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالدىم؟ ئانام دائىم ھەسرەتلىنىپ: ‹كىچىكىمدە بىزنىڭ مەھەللىدە مەينىساخان ئىسىملىك بىر ئاچپاقا خوتۇن بولىدىغان، نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلمايدىغان شۇ خوتۇندىن كۈلۈپتىكەنمەنمۇ دەيمەن. بۇجاھان بىر كىمنى پەس كۆرىدىغان، كۈلىدىغان جاھان ئەمەسكەن، بىرەر كىمنى مەسخىرە قىلىپ كۈلسەڭ، بىردەمدىلا خۇدايىم ساڭا كۆرسىتىدىكەن، ئۆزۈم يېمىسەممۇ، كىيمىسەممۇ، ھەممە نېمىنى كۆزى تويسۇن دەپ خەقتىن ئاشۇرۇپ قىلسام قىلدىمكى، ھەرگىز كەم قويمىدىم، شۇنداق بولسىمۇ بۇ شىرىنزادە نېمانداق چۆلدۇ، نېمانداق كۆزى ئاچتۇ؟ ئالدىدىن ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ يەنە شۇ خەقنىڭ قولىدىكىگە قاراپ باقىدۇ. ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم، خۇددى ئاشۇ مەينىساخاننىڭ ئۆزى. مەندىن كېيىن قالساڭ قول ئىلكىدە بار ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭمۇ بىر سىرە بولار، ئەمما بىر يېپىنى تارتسا، ئۇن يېپى ئۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بىر نېمىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭزە، قانداق قىلارسەن؟ مۇشۇ كۆزۈڭنىڭ ئاچلىقى سېنى ھەر بالاغا سالسا سالىدۇ. خۇدايىم كۆڭلۈڭگە ئىنساب

بېرەر - چوڭ بولغىچە ئەقلىگە كېلىپ قالارسەن، چىرايىڭنى بەرگەن خۇدايىم ئىنساب، پەزىلەتنى ئايىماس...» دەيدىغان» دېگەن خىياللار قەلبىنى مۇجۇپ ئۆتتى. ئويلىغانسېرى خۇددى ئەسنەۋاتقاندا بىر چىۋىن ئۇچۇپ ئاغزىدىن كىرىپ كېتىپ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك كۆڭلى شۇنداق بىسەرەمجان بولۇپ كەتتى. چىرايلىق، ھەتتا ئۆزىدىن چىرايلىق ئاياللار، ياش قىز-چوكانلار رەڭگارەڭ كىيىنىپ، ۋېلىسىپىتلىرىگە ئېسىۋالغان سومكىلىرىغا ھەرخىل سەي - كۆكتاتلار، گۆشلەرنى قاچىلاپ ئۆيلىرىگە ئالدىراپ كېتىشىۋاتىدۇ. باللىرى، خىزمەتتىن چارچاپ كەلگەن ئېرى ئۈچۈن ئالدىراپ تاماق راسلاپ چۈشتىن كېيىن يەنە خىزمەتلىرىگە ماڭىدۇ، تۇرمۇش جىددىي، قورساق توق، كۆڭۈل توق. بۇنىڭدىن ئارتۇق بەختنى تېپىش بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئاددىي خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئاسان ئەمەس. ئارتۇق كىرىمىمۇ، ھوقۇقى بارلاردەك تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تۇرىدىغان لازىمەتلىكلەرمۇ يوق. ئاددىي خىزمەتچىلەر بىر سىنتلاپ پۇل يىغىپ نەچچە ئايدا، نەچچە يىلدا ئاران ئالالايدىغان، ئاران ئۆلشىدىغان چوڭ - چوڭ نەرسىلەر ھوقۇقى بارلارغا كۈندە بولمىسىمۇ، ھەپتە-ئون كۈندە بىكارغىلا ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىدۇ، ئەمما ئاددىي خىزمەتچىلەردە سۇدەك خەجلەيدىغان پۇلمۇ، ئالىي دەرجىلىك ئۆي بىساتلىرىمۇ تولۇق بولمايدۇ. ئاددىي خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئومۇميۈزلۈك ئوخشاش. ھۆكۈمەتتىن ئالىدىغان مائاش يېقىندىن بېرى كۆپەيگەن بىلەن، مال باھاسى نەچچە ھەسسە ئۆستى. ھەممە ئائىلىدە مائاش ئەڭ تېجەشلىك خەجلەنسە، خۇددى شىلدىرلاپ ئاققان كىچىككىنە ئېرىق سۈيىدەك ئاي ئاخىرىغىچە ئاران يېتىدۇ. ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە كېيىنكى ئاينىڭ مۇئاشى ئالدىنقى ئايدا خەجلىنىپ تۈگەيدۇ - دە، مائاشنى ئالا - ئالمايلا قەرزگە كېتىدۇ، بۇ ئاي يەنە قەرزدارچىلىق بىلەن ئۆتىدۇ. ئاددىي خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى نەگە كېتىدۇ؟ ئەلۋەتتە تۇرمۇشقا كېتىدۇ. بىر ۋاق تاماق ئۈچۈن كېتىدىغان ئوت-ياش بىلەن گۆش پۇللا مائاشنىڭ بەركىتىنى ئۇچۇرىدۇ. ھەر ئايدا بولىدىغان خىزمەتداشلار، دوستلار، تۇغقانلار ئارىسىدىكى توي، نەزىر - چىراغ، ئۆي مۇبارەكلەش دەيدىغان رەسمىيەتلەر، ئاندىن كېيىن ھەربىر ئادەمنىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن بولمىغان ئاغرىق - سىلاقلار ئۈچۈن كېتىدۇ. بىرەر - يېرىم يىلدا نۆۋەت بىلەن كىيىدىغان كىيىم - كېچەك، ھېيت - بايراملىقلار ساناقلىق مائاشىنى قۇم سۇنى شۈمۈرگەندەك شۈمۈرۈۋېتىدۇ. بىر ئايدا بىر ئىدارىدا ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوستلار ئارىسىدا بىر توي، بىر نەزىر ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشتىن بىرى ئارتۇق بولدىمۇ، مائاشنىڭ پۈتۈن خەجلىنىش پىلانىنى بۇزۇۋېتىدۇ، شۇ ئاي كۈن ساناش، بىر - بىرىدىن ئازراقتىن پۇل ئۆتنە ئېلىش ئىچىدە لېۋىنى يالاش بىلەن ئۆتىدۇ. قوشۇمچە مەنپەئەتى بار خىزمەتچى، ئەمەلدار سودىگەردىن باشقا ئاددىي خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇرمۇشى ئاشۇنداق ئۆتىدۇ. تۇرمۇش ئۇلارنى شۇنچىلىك پىلانلىق، ئىنچىكە، ھېساباتلىق بولۇشقا ئۈگەتكەنكى، ئۇلارنىڭ

پۇل خەجلىشى پۇلدار ئادەملەردە ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدە كۈلۈشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بىر ئايدا ئويلىمىغان، ھېسابات قىلىنمىغان، پىلاندا يوق مېھمان كېلىش ياكى تۈگىمەس، تەگسىز قائىدە-يوسۇنلاردىن بىرسى بولۇپ قالسا، بۇ ئائىلىنى شۇنچىلىك تولغاشتۇرۇۋېتىدۇكى، بىرنەچچە ئايغىچە ئاشۇ قائىدە-يوسۇننىڭ سورۇنى تارتىدىغان گەپ. ئۇلار گۆش ئالسا قاسساپلار ئىچىدە زاڭلىق قىلىدۇ، چۈنكى شۇنچە سۆلەتلىك ئاياللار، سالاپەتلىك ئەرلەر ئۈچۈن كېسىدىغىنى قوچقاچچەتەك، پاختەكچەتەك گۆش. ئوتياشچىلار قاخشايدۇ، چۈنكى ئۇلار جىگىنىڭ چوكىسىنى بىر ھازا ئېگىز-پەس قىلىپ، ھەممە ئوتياشلىرىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ ئالىدىغىنى كىچىككىنە نەرسە. ئۇلار ھەر بىر سىنت ئۈستىدە قىرىق قېتىم ھېساب قىلىدۇ. تېخى ئۇلار ئوتياشچى، قاسساپلار بىلەن چۆپقەت بولۇۋېلىشقا ئامراق، چۈنكى نېسىگە ئېلىپ ئاي توشقاندا بەرمەكچى بولۇشىدۇ. پۇل نېسى بولغان بىلەن قورساق نېسىگە ئۇنىمايدۇ. تۇرمۇش ئۇلارغا مانا شۇنداق ئۆگەتكەن.

2

شىرىنزادىمۇ بىز گېپىنى قىلغان ئاشۇ نۇرغۇن ئاددىي خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى بىر گۈزەل جۇۋان. تۇرمۇش ئاشۇنداق سىقىپ يالاش ئىچىدە ئۆتىسىمۇ، ئەر-خوتۇن ئىككىسى سىپايە، چىرايلىق، رەتلىك كىيىنىدۇ. شۇڭا سىرتىدىن قارىغاندا ھېچكىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى غورىگىل ھېسابلىمايدۇ. شىرىنزادە گۈزەل چوكان، ئۇ بۇ يىل ئارتۇق ھېسابلىساق 26 لەردە بولۇشى مۇمكىن. ئۆزى دوختۇرخانىدا سېستىرالىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى تەلەيلىكلەردىن بىرى دېيىش كېرەك. چۈنكى ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن نۇرغۇن ساۋاقداشلىرى ئىچىدە دۆلەت ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئۈچ يىل سېستىرالىق مەكتىپىدە ئوقۇپ، ھۆكۈمەت شتاتىدىكى خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغان ئاز ساندىكى پېشانىسى ئوچۇقلارنىڭ بىرى. توي قىلغىلى ئىككى يىل بولدى. بۇ جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى كەلدى، بىرمۇنچە قىز-يىگىتلەرنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشى پۇشايمان، ھەسرەت بىلەن تولغان. چۈنكى مانا مەن دېگەن ئوبدان قىزلار چېكىپ تاللاپ يۈرۈپ ئاخىرى نەدە بىر شالاق ئەرگە تەككەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تەتۈر پېشانىسىدىن زارلىنىپ ھەسرەتلىنىدۇ؛ مانا مەن دېگەن ئوبدان يىگىتلەر شۇنچە گۈلدەك قىزلار ئىچىدە قوچقاچچەتەك ئەگىپ يۈرۈپ بىر چاغلاردا قارا باسقاندەك ئۆز نەزىرىدە يوق بىر قىزغا ئۇچراپ قېلىپ توي قىلىدۇ. كېيىن ئۇنى ئۆزىگە لايىق كۆرمەي شاپاشلاپ يېقىپ ئاخىرى، يەنە تەقدىرىگە تەن بېرىدۇ. ئەمما ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان گۈزەللەر نەدە بىر قاملاشمىغان يىگىتلەرنىڭ پېشىدە، سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرسە چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆكۈپ داتلىنىپ كېتىدۇ، زارلىنىدۇ، گۈپۈلدىتىپ ئىچىدۇ. «چوكانلار پۇل، مال-دۇنيا غېمىدە، ياشلار ئويۇن-تاماشا، ھاراق ئىچىشتە، ئەمدى قالغان ئىشلار نېمە بولار...» دېگەن بەزى كۆزى ئوچۇق ئادەملەرنىڭ ئەلەملىك نىزالىرى مۇشۇ سەۋەبتىن بولۇشى مۇمكىن.

شىرىنزادە ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېرىم يىلغا قالماي ئائىلىدىكىلەرنىڭ پۈتۈشۈشى ئارقىلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن توي قىلدى. ئېرى ئېلىيار ئۇنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ، قاش - كۆزلىرى جايىدا، بوي تۇرقىمۇ كېلىشكەن، گەپ - سۆزلىرى جايىدا يىگىت. ئىككىسى خۇددى بۇرۇندىن مۇھەببەتلىشىپ بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغاندەك سۆزلەيدىغىنى، ياقتۇرۇدىغان - ياقتۇرمايدىغىنى ئوخشاش چىقىپ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. شىرىنزادە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا مۇھەببەت باغلاپ بېقىپ يىگىتنىڭ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق قويغان يۇقىرى تەلپى، زورلۇق قىلىشىدىن جاق تويۇپ يىگىتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنىدى. ئېرىمۇ دارىل مۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندا بىر قىز بىلەن مۇھەببەت باغلاپ ئۇ قىز كېيىن ئۇنى تاشلاپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەببەت باغلىمىغانىدى. شۇڭا بۇ ئىككىيلەن ئاسانلا چىقىشىپ قېلىشتى. مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوچۇق - يورۇق دېيىشىپ، بىر - بىرىدىن رازى بولۇپ قىلىشتى. مانا ھازىر بىر بالىغا ئاتا - ئانا بولۇش ئالدىدا. شۇ چاغقىچە ئۇلار ھەر ھالدا ئىناق ئۆتۈشتى. ئۇلار چوڭ ئۆيدە يېرىم يىل تۇردى. شىرىنزادە قېيىنى ئانىنىڭ «قېيىنى ئانا»لىق زۇلۇمىغا يېرىم يىل ئاران چىداپ تۇرالىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىيارنىڭ سىڭىللىرى ئۇنىڭغا قېيىنى ئانىلىق قىلىپ ئاشۇرۇۋەتتى. يېرىم يىلغىچە ھەر قېتىم كۆڭلى ئازار يېگەن چاغلاردا پەقەت كەچتە ئۇخلاش ئالدىدىكى خالى چاغدىلا دەردىنى ئېلىيارغا تۆكۈپ بەردى. ئېلىيار بەزىدە ئاخۇتۇن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئايىنىنى چىقماس ئۇششاق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ زېرىكىپ شىرىنزادىنى سىلكىۋەتتى. بەزىدە شىرىنزادىنى كەتكۈزۈپ قويىدۇڭ دەپ قوپاللىق بىلەن ھۆكۈرەپ قويىدى. بۇنداق چاغلاردا شىرىنزادە تاڭ ئاتقىچە يىغلاپ ئەتىسى چۈشكىچە ئائىلىدە ھەممە خاپىلىقنى ئېلىيار چىقارغاندەك ئۇنىڭغا ماي تارتىپ يۈردى. ئەمما قېيىنى ئانا ۋە قېيىنى سىڭىللىرى بىلەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك «ۋاي سىلە، ئۆزلىرى» دېيىشىپ ئۆتۈشتى. چۈشتىن كېيىن خىزمەت بىلەن بولدۇ. بىرگە ئىشلىگەن جۇۋانلار ئەرلىرى توغرىسىدا قىزغىن كۈلكە چاقچاق بىلەن ھېكايە سۆزلەشكەندە بىردىنلا ئېرىنى سېغىنىدۇ. ئۇمۇ تەگتۇشلىرىنىڭ بىردەم ئېرى ئۈستىدە داتلىغان بولۇپ داڭلاشلىرى، تىللىغان بولۇپ مەدھىيىلەشلىرىنى، ئاغرىنغان بولۇپ سېغىنىشلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئېرىگە ئۇۋال قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا چۈشتىن ئاۋۋال ماي تارتىپ ئېرىنىڭ يۈرىكىنى سىققانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ھازىر ئىزدەپ كېلىپ قالسا بىر باھانىلار بىلەن خالى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىدۇ، قىستاپ كېلىۋاتقان ئىنتىلىشلىرىنى زورۇقۇپ تەستە بېسىپ تۇرۇپ، خۇمالىشىۋاتقان كۆزلىرىنى ناھايىتى تەستە ئالالايدۇ. پېشىنگىدە كۈلۈۋېتىشتىن ئاران ساقلىنىپ ئۇماق لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ: «قېلىن، ئىزا تارتماي كەلگىنىنى، ئاخشام ھەجەپ ھۆركىرەپ تىللاپ كېتىۋاتاتتىلىغۇ، ئەمدى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىلە؟» دەيدۇ. ئېلىيار بۇنداق خالىي چاغدىكى ئايالىنىڭ دومسىيىشلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ، پەزىلەتلىك چوكانلار سېغىنىشلىرىنى مۇشۇنداق ئىپادىلەيدۇ. ئېلىيار دەرھال ئۇنى باغرىغا تارتىپ لەۋلىرىنى ئۇنىڭ ئاق خالات ئىچىدىن سوزۇلۇپ چىققان ئاق بويۇنلىرىغا باسىدۇ. شىرىنزادە: «ۋاي،

سەتلەشمىسىلە، ماۋۇ ئىشخانا، ھېلى بىرسى كىرىپ قالسا سەت تۇرىدۇ. مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، قويۇۋەتسىلە دەيمەن! ۋاي قېلىن، مەن ئۆلەي، ئەنە بىرسى بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ دەيمەن» دەپ ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسى ئىچىدە قارچىغىنىڭ چاڭگىلىدىكى كەپتەردەك ئۇيان - بۇيان تولغىنىدۇ. ئەمما يۈرىكىدە بولسا بۇنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بارغانلىقىنى ئۈنسىز نامايىش قىلىدۇ. ئېلىيار ئېڭىكىدىكى يىڭنە ئۇچىدەك ساقاللىرىنى ئۇنىڭ بويىنى، مەرۋايىت ھەم مىدالىيون چاقناپ تۇرغان گاللىرى، سىيلىق، يۇمران مەڭزى، سۈرمە تارتىلغان كۆزلىرى، موچەندا تېرىپ ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن قاشلىرى، قىزارتىلغان پارقىراق لەۋلىرىگە شوخلۇق بىلەن سۈركەيدۇ. شىرىنزادە ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ سۈركىلىشىگە چىدىيالماي يالۋۇرۇشقا چۈشىدۇ: «ۋاي خوش بولاي، بولدى قىلسىلا دەيمەن، ھۇ سەت بومبا ساقال ئوغرى... ۋاي ياق، بەك خوش بولاي، ئوبدان جېنىم!...» دەيدۇ. ئېلىيار شۇ چاغدىلا توختاپ، كۈلۈپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرىنى «قانداق؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىدۇ. شىرىنزادە ئالتۇن ئۈزۈك چاقناپ تۇرغان كىچىك يۇمشاق قوللىرى بىلەن مەڭزىنى سىيلاپ: «ۋايجان، ۋايجان، ئەجەپ تويدۇم، سەت ئوغرىنىڭ ساقىلى تىنكەمگە ئوخشايدۇ» دەيدۇ. ھەر ئىككىسى كۈلىدۇ. ئېلىيارمۇ ئېڭىكىنى سىيلاپ قويۇپ: «سەت قېرىنىڭ گەپلىرىنى كۆر» دەيدۇ. ھەر ئىككىسى يەنە كۈلىدۇ. بۇ چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت يوشۇرۇنغان چاقچاقلار ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىگە چۈشكەن ئەندىشە - ئازابلارنى تارقىتىۋېتىپ كۆڭۈللىرىنى يورۇتۇۋېتىدۇ. مانا بۇ ياش ئەر - خوتۇننىڭ مۇھەببىتى.

يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇلار كېپىنى بىر قىلىپ ئېلىيارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قانچە توسقىنىغا ئۇنىماي بىر شەخسنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ چىقىۋالدى. چوڭ ئۆيدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاتىغانلىرىنى ئەكىلىپ ئۆينى خېلى قويالتىپ بەردى. كىچىك ئۆي جاھانغا باققاندا يامان ئەمەس بېزەلدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئەركىنلىككە چىققاندەك بولدى. چوڭ ئائىلىدىكىدەك ئەر - خوتۇنچىلىقتىكى چوڭراق تىنىشلاردىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز بولدى. بۇ يەردە ئۇلار بىخىرامان كۈلەلەيدۇ. قانداق گېپى بولسا قورۇنماي سۆزلىشەلەيدۇ. جاھاندا ئەركىنلىكتىن ئارتۇق لەززەت، نا ئىلاجلىقتىن ئارتۇق ئازاب بولماس. لېكىن بۇنى بىزدە نۇرغۇن نادان، ئاق كۆڭۈل بەندىلەر ھېس قىلالمايدۇ. پەقەت ئۆز بېشىغا ئۇنىڭ قاتتىق - قۇرۇقلىرى ئۇرۇنغاندا يىغلاپ، قاخشاپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. مانا بۇنداق ئادەت بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ سۆڭەك سۆڭىكىگىچە ئورناپ كەتكەن. مەڭگۈ چىقماس دات، قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن خۇي...

ئەركىنلىككە چىقىشتىمۇ، يېڭى ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىشنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىپ تولغىنىپ كېتىشتى. بۇنى پەقەت ھالاللىق بىلەن ئۆي تۇتقان ئادەملەرلا ھېس قىلالايدۇ. «يېڭى ئۆينى تۇتماق، بېشىڭغا ئۇرۇلار مىڭ بىر پوتاق» ئۇلارنى پوتاق ئىلىۋالدى. بىر پوتاقتىن قۇتۇلسا يەنە بىر پوتاق ئىلىدۇ. چوڭ پوتاقتىن تەستە ئاجرىسا كىچىك پوتاق ئىلىدۇ، توي قىلغان قىزلار ئاتا - ئانىسىنىڭ تويىنى قىلىپ قويغان ھەققىنى تۆلەپ، مائاشىنى ئاتا - ئانىسىغا سىڭدى بىلەن تاپشۇرىدۇ. مانا بۇ، بۇ شەھەردىكى غەيرىي رەسمىي قائىدە. بۇ قائىدىنى توي قىلغان ھەر بىر

تمز بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ ئەستايىدىل
ئورۇندايدۇ. يىگىت، ئەر بولغىنى ئۈچۈن
ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە بىر خوتۇن دېگەنـ
نى گەپ يوق غىڭ ـ پىڭ قىلماي
باقىدىغان گەپ. خوتۇننىڭ ماڭاشىنى تەلەپ
قىلىش ئەر ئۈچۈن نومۇس ھېسابلىنىدۇ.
توي قىلمىغان چاغدا بىر جېنىغا يەتكۈزدىلـ
مەيدىغان ماڭاش ئەمدى ئىككى ئادەمگە
يەنە تېخى جابدۇقى پۈتمىگەن يېڭى ئۆيـ
گە قانداق يېتىدۇ. مانا مۇشۇ تۈپەيلى
تۇرغۇن يېڭى قۇرۇلغان بەختلىك ئائىلىلەر
توزغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ. مۇشۇ قائىدە
ئۈچۈن بەختلىك ئائىلىنىڭ توزۇپ كېتىـ
شىگە رازىكى، بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش
نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىش
يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەر قانداق بىر ئائىلە
ئۈچۈن يېگىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدىـ
غان بىر سىناق. بۇ سىناققا بەرداشلىق
بېرەلىگەنلار كۆپ بولغان بىلەن بەرداشلىق
بېرەلمەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

ئېلىيار كىچىكىدىن تارتىپ ئۆي
تۇتماقنىڭ تەسلىكىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئە-
مەس، ئۆي تۇتۇپ باققان ھەممە ئادەمنىڭ
ئاغزىدىن ئاڭلىغان. ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەقىـ
قىي مەنىسىنى مانا ئەمدى ئۆز بېشىغا
كەلگەندە بىلدى. بىر ئۆينى تۇتماق ھە-
جەپ تەس ئىكەن. ئۇ تېخى بولتۇر ئانىـ
سىغا: «ئۇنى ئالساق بولمامدۇ، بۇنى ئالساق
بولمامدۇ. پالانى ئۇنى ئاپتۇ، پۇستانى
بۇنى ئاپتۇ» دەپ قولىدىن ڤاس چىقىرىپ
يۈرگەن سۆزلىگەندى. شۇ چاغدا ئانىسى
ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ: «ھەي... بالام،
بولسىمۇ ئالساق تازا بولاتتى. سەن دادام
بىلەن ئانام ئالمامدىغاندۇ، بىلمەمدىغاندۇ
دەيدىغانسەن، بىزنىڭمۇ نى ئوبدان نەرسىـ
لەرنى ئالغۇمىز بار، دەپ كەلسەم گەپ
تولا. سىلەرمۇ ئۆي تۇتقاندا بىلىسىلەر
بالام» دېگەندى. ئېلىيار مەيدىسىگە ئۇرۇپ:
كۆرەرسەن، مەن ئۆي تۇتۇپ قالسامچۇ،
سىلەرگە ئوخشاش لەڭپۈڭدەك تىترىدىپ
ئولتۇرماي، راۋۇرۇس خەجلەپ خەقنىڭ
كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك ئۆي تۇتىـ
مەن، ئاش ئەتسەڭ كىچىككىنە گۆشىنى
تاس قالسەن قىرىپچە توغراپ يىلىغا
سوزغىلى، دەپ ئەركىلىگەندى. ئەمما
كۆڭلىدە ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى
بىلەتتى. مانا ئەمدى بېشىنى قاشلاپ خىـ
يال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. دادام بىر
كىشىلىك ماڭاش بىلەن بىز توققۇز جاننى
گۆلدەك بېقىپتىكەن، مەن بولسام بىر خو-
تۇن بىلەن ئۆزۈمنى باقالمايمەنا...

يېڭى ئۆينىڭ بىرقازان ئېشىنى پۈشۈرۈش
ئۈچۈن خېلى پۇل خەجلىنىدۇ. گۆشسىز
تاماق ھەر ئىككىسىنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ.
ئېلىيارنىڭ ماڭاشى ئاينىڭ 15 كۈنىگىچە
يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى بىر
كۈن بىر ئۆيدە، يەنە بىر كۈنى يەنە بىر
ئۆيدە مېھمان بولۇپ «چوڭ ئۆينى يوقلاپ»
بېرىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئېلىيار ئاغىنىـ
لىرىدىن، ئىدارىسىدىن پۇل قەرز ئالىدۇ.
قەرز ئالغان پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ.
ئۇياقتىن ئېلىپ بولغىچە، بۇياقتىن توزۇپ
كەتكەندەك تۈگەيدۇ. ئۇ ئامالسىز ئاتا ـ ئا-
نىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كىچىك چاغلىرىدىكـ
دەك ئەركىلەپ ئانىسىغا «پۇل» دېيەلمىسـ
مۇ، كۆزىنى قىسىپ ئىشارەت بىلەن پۇل
تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئانا تۈگۈنچىكى
ئارىسىدىن پۇل چىقىرىپ ھىم دەپ مېھ-
رىبانلىق بىلەن تەڭلەيدۇ. شۇئان ئېلىيار
خۇشاللىقىدىن: «ئانا، سىلىدەك ئوبدان
ئانا جاھاندا يوق جۇما» دەپ ئانىسىنىڭ
مۈرىسىنى قۇچاقلايدۇ. ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ:
«شەيتان ئالدامچى، چوڭ قىلىپ ئۆيلەپ
قويساق، يەنە كۈنۈڭنى ئالالمايسەن» دەيدۇ.

بۇ پۇل بىلەن ئايىنىڭ 25 گە ئاران ئۇلىشالايدۇ. بۇ چاغدا پۇل سورىغىدەك يەرمۇ قالمايدۇ. ھېساب سوقسا مائاش بېرىشكە يەنە بىر ھەپتە بار. ئۇ مائاشىنىڭ بېشىدىمۇ ئوت كۆيۈكلۈك، قەرزلىرىنى قايتۇرسا، ئاشقىنىسىنى رېزىنكىدەك سوزسا، ئانار سىققاندەك سىقىپ سۈيىنى چىقارسا، ئۇششاق خىراجەتكە ئاران يېتىدۇ. ئىدارىدا خېلى كۆپلەر يىغىلىپ قالسا مائاشنىڭ يەتمەسلىكىدىن قاخشايدۇ. «بۇ مائاشنىڭ نېمانداق بەرىكىتى يوق؟» دېسە، بەزىلەر: «ھۆكۈمەت خەقتىن باج ئالغان پۇلنى مائاش قىلىپ تارقىتىدىكەن، شۇڭا بەرىكىتى يوقكەن» دېيىشىدۇ. كېيىن بۇنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ. ئېلىيارنىڭ خىزمەتداشلىرى ئاشۇنداق داتلاپ يۈرۈپ ھەر ئايدا بەش، ئون يۈەندىن بانكىدا قويالايدىكەن. بۇنى ھەر قانچە ھېسابلاپمۇ ئېلىيار: «ئۇلار قانداق بانكىدا قويالايدىغاندۇ؟» دەپ ھەيران قالىدۇ. ھېيت-بايرام كەلدى، دېسە ئېلىيارنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالىدۇ. شىرىنزادىغا ئاددىيغىنا ھېيتلىق كىيىم قىلىپ بەرسىمۇ ئۇنىڭ ئايلىق مائاشى يەتمەيدۇ. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇنداق قىيىن ھالدا قالغاندا توي قىلمىغان چاغلىرىدىكى ئويۇن-تاماشا بىلەن كېچىنى تاڭغا ئۇلايدىغان غەمسىز چاغلىرىنى، ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدىكى ھېيت-بايراملارنى ئويلاپ كېتىدۇ. توي قىلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىدۇ. ئاشۇ گۈزەل چاغلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ توي، مۇشۇ تىقىۋەرسە تولمايدىغان غايىبانە ئېغىزى جىق ئۆي يەپ كەتتى. بۇلارنى ئويلىغاندا ئېلىيار ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك روھى چۈشۈپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. بەزىدە، يىغا تۇتۇپ كېتىدۇ، گاھىدا ئۆزىچە ئاچچىقلىنىپ جىلى بولۇپ يوقىلاڭ ئىشلارغا قايناپ شىرىنزادىنى ئەيىبلەيدۇ. شىرىنزادە ھەممىنى چۈشىنىدۇ، ئېرىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە جىملىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىشىنى بىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا تەسەللى بېرەي دەپمۇ بېرەلمەيدۇ-دە، ئامالسىز جىممىدە ئولتۇرۇۋالىدۇ. بىر چاغلاردا: «جۇرسىلە، ئاپام چاقىرىپ قويغانتى، بىزنىڭكىگە بارايلى» دەيدۇ. ئېلىيار بۇ شىرىنزادىنىڭ ئۆزىنىڭ گېپى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. «سەن بېرىپ كەل، مەن رىشاتنىڭ ئۆيىگە بارماقچىدىم» دەيدۇ. ئۇنىڭ پەقەت ھازىرلا بارماقچى بولۇۋاتقىنىمۇ چۈشىنىشلىك. ئۇ ئاشۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە كۈن ئۆتكۈزمەكچى. ئۇ بولمىسا يەنە بىرىنى ئىزدەپ بارماقچى. كۈن مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەرگە ئېلىيارنىڭ ئىچى قاينايدۇ. دوستلىرى سورۇن تۈزگەندە بىر پۇل چىقىرىپ ئۇلپەتچىلىك قىلالمىغىنى، ئەل قاتارى بولالمىغىنى ئۈچۈن نومۇس قىلىدۇ.

سورۇندا بەزىدە تۈگۈلۈپ كۆڭلى سۇنۇق ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. بەزىدە بولۇشىغا ئىچىپ يىغلاپ كېتىدۇ. «نېمە بولدۇڭ ئېلىيار؟» دېگەن سوئالغا «ئاغىنىلەر، دەردىمگە يېتەلمەيسىلەر، سورىماڭلار» دەپ ھېچنېمە دېمەي يىغلاپ كېتىدۇ. بىر كۈنى ئۇ: «بىر گېپىم بار ئاغىنىلەر، ماقۇل دەمسىلەر؟» دېدى-يۇ، لەۋلىرى تىترەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا: «ھە، نېمە گېپىڭ بولسا دەۋەرمەمسەن» دەپ مەدەت بېرىشتى. «ئاغىنىلەر، ھازىرغىچە نېمە گېپىمىز بولسا دېيىشىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق، مەن شىرىنزادىنى قويۇۋېتەي دەيمەن» دەپلا ئىچى پۇژ قىلغاندەك بولۇپ لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ماغدۇرسىزلىنىپ ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى.

ئاغىنىلىرى كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ: «نېمە بولدۇڭ، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ بىر ئوبدان تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ جاھاندا قىز تولا بولغان بىلەن دىتىڭغا كەلگۈدەك خوتۇن تاپماق ئاسانمۇ، خوتۇننىڭ نەرى يامان، توي قىلماق ئاسانمۇ؟ ئوغۇل بالا دېگەن پۇل تاپالايدۇ، توي قىلالايدۇ، لېكىن خوتۇننىڭ دىتىڭغا كەلگۈدەكىنى تاپماق ئاسان ئەمەس. كۆزۈڭگە باشقا چىرايلىقتىن بىرسى چېلىقتىمۇ يا؟...» دېيىشتى. ئۇ، ھەممىگە بېشىنى چايقىدى. ھەممىسى ھەر تەرەپتىن ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىشتى. ئارىدا بىرسى: «خوتۇنۇڭ مائاشنى ئەكەلمەي، پۇلۇڭ يېتىشمەي قالدىمۇ-يا، شۇڭا قويۇۋېتەي دەۋاتامسەن؟» دېۋىدى، ئېلىيار بېشىنى شاققىدە كۆتۈرۈپ ئاشۇ گەپنى قىلغان دوستىغا بىر ھازا قاراپ قالدى.

ئۇ ئېلىيار ئەڭ كۆپ پۇل سورايدىغان دوستى ئىدى. ئۇ ئېلىيارنىڭ ئەھۋالىنى سېزىپ قالغاندەك قىلدى. ئېلىيار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن «بىر ئۆينى تۇتماق تەس كېلىۋاتامدۇ؟» دېگەن مەنىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن نومۇس قىلىپ قالدى.

— ياق، ياق. ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق گەپ يوق، — دېدى.

يەنە بىر ئۆيلەنمىگەن ئاغىنىسى ئېلىيارغا بىر تال پاپىروس تەڭلەپ:

— ماڭا ۋە، نەدە بىر گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن، ئېلىيار دېگەن خوتۇندىن پەيشەمبىلىك تىلەيدىغان ئادەم ئەمەس. بىر خوتۇننى باقالمىسا نېمىدەپ ئۆزىنى ئەر دېگىلى بولىدۇ. مائاشنى تەمە قىلمىسىمۇ ئەكىرىدۇ، بىر يىلدا ئەكىرمىسە، ئىككى يىلدا ئەكىرىدۇ، قاچان ئەكىرگۈسى كەلسە، شۇ چاغدا ئەكىرىدۇ. بالا بىر، ئىككى بولغاندا ھەرقانچە نائىنساپ خوتۇن بولسىمۇ يۈزى قىزىرار، — دېدى.

3

ئېلىيار ھاراققا بېرىلىپ كەتتى. كونا دوستلىرى ئازىيىپ، يېڭىدىن ھاراق خۇمار دوستلىرى ئاۋۇپ قالدى. يېرىم كېچىگىچە ھاراق دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ پارچە ھاراق ئىچىدۇ. شېرىنزادە گۇمان، ئەندىشە ئىچىدە چىراغنى ئۆچۈرمەي ئۆرە ئولتۇرىدۇ. ئازابلىنىپ يىغلايدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئېلىيار كەچلەردە ئالتاغىل تۇۋلاپ كېلىپ ئۇخلايدۇ. بۇرۇن شېرىنزادە كەچلىك سمېنىدا ئىشلىگەندە ئاپىرىپ-ئەكىلەتتى. ھازىر كارى يوق، ئەمدى كەچلىك سمېنىدا ئىشلىگەندە ئۇنىڭغا كىچىك ئۇكىسى ھەمراھ بولىدىغان بولدى. تۇرمۇش ھەر كۈنى مانا مۇشۇنداق بىر خىلدا داۋاملاشماقتا ئىدى. شېرىنزادە يىغلىدى، ئېلىيارنىڭ ھالىغا، قورسىقىدىكى ئاي كۈنى توشاي دەپ قالغان بالىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ غەم-ئەندىشە ئىچىدە يىغلىدى. بىر كۈنى كەچتە ئېلىيار تالاغا چىقماي غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شېرىنزادە بۇ ئولتۇرۇشنىڭ نېمىدىن ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئامالسىز، مۇشۇنداق ئولتۇرۇشقا مەجبۇر. شېرىنزادە يېنىدىكى پۇل قاپچۇقىنى بىر سىيلىدى-يۇ، يۈرىكى جىغ قىلدى، خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان پۇلسىز قالغان قاپچۇقتا ئاپىسى چاپان ئېلىپ كەي دەپ بەرگەن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرى بار. ئۇنى ئېلىپ ئېلىيارغا بەرمەكچى بولدى. ئەمما شۇئان ئۆزىدىن بېرى قازان ئېسىلمىغان، تۈز باغلىغان ئوچاق، داتلاشقان قازان، تۇپا باسقان ئەمبەل يادىغا كەلدى. ئوخشىتىپ بىر ئاش ئەتمەكچى، قارىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئۆيىدە بىر ۋاق تاماق يېمەكچى

بولدى. ئۇ سومكىنى ئېلىپ تالاغا ماڭدى.
ئېلىيار «نەگە؟» دەپ سوراپمۇ قويمىدى.
ئۇ شۇنچىلىك چۆشكۈن ئىدىكى، قاراشلىرى
ئاچ قالغان، دەرمانسىز قېرى مۈشۈككە
ئوخشاپ قالغانىدى. شېرىنزادە بوسۇغىدىن
ئاتلاپ بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئېرىگە
بىر قاراپ ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك
بولۇپ كەتتى. ئۇ كەينىگە يېنىپ بىرىپ
ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئاغزىغا بىسىپ
سۆيگۈسى كەلدى-يۇ، دولقۇنلىغان ھېس-
سىياتى شۇ زامان پەسەيدى، «ئۇنىڭغا خۇش
ياقمايدۇ» دېگەن خىيال ۋۇجۇدىنى مۇزلاتتى.
— تالاغا چىقىپ كەتمەي تۇرسىلا،
بازاردىن گۆش، كۆكتات ئەكىرىپ ئاش
ئېتىمەن،— دېدى. ئېلىيار بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ قويدى-يۇ، ئۈنسىز يەرگە قارىدى.
شېرىنزادە ئاۋۋال جازانىخور كۆك-
تاتچىلار بىلەن ئۇدۇرۇشۇپ يۈرۈپ، مۇچ،
شوخلا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاشۇ ئون
كويلۇق پۇلنى پارچىلاپ ئالدى. ئاندىن
قاسساپنىڭ ئالدىغا كەلدى. قاسساپلارنىڭ
ئالدى خېلى بىسىق ئىدى. گۆشنىڭ باھا-
سى ئۆسكەنسېرى قاسساپلارنىڭ ھالىمۇ
ئۆسۈپ كەتكەنىدى. بۇرۇنقىدەك خېرىدارغا
خۇشامەت قىلىپ توۋلاپ مال ساتىدىغان
ئىشلار ئاز ئىدى. شېرىنزادە قوي گۆشى-
گە ئۆشكە گۆشى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىغان
ساختىپەز قاسساپلارغا نەپرەتلىنىپ كانار-
لارغا بىر قۇر كۆز سالدى. قۇيرۇقلۇق
بىر ياتا گۆش ئېسىقلىق كانارا ئالدىغا
كەلدى. يۇمىلاق ئاق يۈزىنى قارا ساقال
باسقان ياش بىر قاسساپ پىچىقىنى ئېلىپ
دەسسىندە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ھايا-
سىز كۆزلىرى شېرىنزادىنىڭ نېپىز ئاق
كۆڭلىكى ئىچىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆك-
سىگە چۈشكەنىدى. شېرىنزادە بۇنداق قاراش-
لارغا كۆنگە نەچچە قېتىملاپ يەلۇقۇپ

تۇرغاچقا، پەرۋا قىلمىدى.
— كەلسىلە دوختۇر خېنىم، قانچە
كىلو كېرەك؟ دېگەن يەرلىرىدىن كېسە-
مەن. ئادەم بارسا سىلە قاراپ قويمىغان
بىلەن بىز سىلىگە ...
شېرىنزادە قاسساپقا قاراپمۇ قويماي
گۆشكە نەزەر سالدى.
— گۆشلىرى كونا ئەمەستۇ؟
— نېمە دەۋاتىلا خېنىم، ئەنە كۆرمە-
دىلىمۇ، ھەرى چىقىپ تۇرمامدۇ. تېخى
سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا چىقارغان گۆش،
ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشى، ئىشەنمىسىلە مانا.



قاسساپ قۇيرۇققا چاپلىشىپ ساڭگىلاپ
تۇرغان ئۇزۇن پەينى قولى بىلەن تۇتۇپ كۆرسە-
تىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. شېرىنزادىنىڭ
يۈزىگە قان تەپچىرەپ، يالت قىلىپ قاس-
ساپقا ئالىيىپ قارىدى. «قىلىن ئوغرىنىڭ
گەپلىرىنى» دېدى ئىچىدە.
— قانچىلىك كېرەك؟

— كىلوسى قانچە؟

— بازار نەقى.

قاساپ كۆزلىرىنى ئوغرى مۈشۈكتەك پارقىرىتىپ ئۇنىڭ كۆزىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىدى. شېرىنزادە بىزار بولۇپ باشقا كانارىلارغا قارىدى.

— خېنىم، مۇشۇنداق ئېسىل گۆش يارىماي، كونا ئۆشكە گۆشىنى كۆڭۈللىرى تارتىۋاتامدۇ؟ مانا قايىلسىلا، تۇتقان يەرلىرىنى كېسىپ بېرىمىز، جۇما. سىلىگە گۆش يارىتىپ بېرەلمىگەن جاننى...— دەپ توختاپ قالدى، ئۇ ئەسلىدە «ئۇنداق جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن» دېمەكچىدى. راستىنلا ئالماي كېتىپ قالسا ئوسال بولماي دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى.

— ماڭا قايىلسىلا، گېپىمگە چىسىلە دەيمەن ... ئاشۇ كونىراپ قالغان ئۆشكە گۆشىنى ئېلىپ كېچىچە يوتقاننى تامغا زەدىۋال تۇتۇپ جۆيلۈپ چىقاي دەملا ... مانا تۇتسىلا، دەيمەن ...

— هە كەسسىلە، بىر جىڭ. سۆڭەك، ياغ بەرسىلە ئالمايمەن جۇما، — دېدى شېرىنزادە.

— ماڭا قايىلسىلا، بىزنى نېمە كۆرەۋاتىلا، گەپنى جىڭ قىلىدىغان ئادەم جۇما بىز، بىزگە ئىشەنسىلە دەيمەن.

— ۋاي يېغىنى كەسمىسىلە.

— ئاھاي، جىم تۇرسىلا، خېنىم، بۇنچىلىك يېغى بولمىسا گاللىرىغا چاپلىشىپ قالىدۇ...

— ۋاي ئاۋۇ مۇشتەك سۆڭەكنى سالمىسىلا.

— خېنىم بۇنچىلىك سۆڭىكى بولمىسا قوي ئۆزە تۇرمايدۇ.

— ئەمىسە ئالمايمەن.

— مانا ئېلىۋەتتىم بولدىما، مانى سالسامغۇ بولا.

— ئال يېمەيمەن.

ئاخىرى قاساپ بىلەن خېلى قىزىرىشىپ جوغدىيىشتى. ھىجىيىپلا تۇرىدىغان قاساپنىڭ تەرى خېلى تۈرۈلگەنىدى. ئۇ پېشانىسىدىكى تەرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى:

— يائاللا، سىلىدەك خېرىدارنى كۆرمەپتىكەنمەن، بەك گىجىڭكەنلا.

— مەنمۇ سىلىدەك ساختىپەز قاساپنى كۆرمەپتىكەنمەن. قاساپنىڭغۇ ئوبدىنى ئاز، تولا گەپ قىلماي پۇللىرىنى ئالسىلا.

شېرىنزادە سومكىسىغا قولىنى سېلىپلا پۇت-قولىنىڭ جېنى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. چىرايىدا قان قالمىدى. پۇل قاپچۇقى يوق ئىدى. ئەتراپقا قاراشتۇرۇپمۇ باقتى، پۇل كۈتۈپ تۇرغان قاساپ يېڭى كەلگەن خېرىدارغا گۆش جىڭلاشقا باشلىدى. شېرىنزادە خۇدىنى يوقاتقان ھالدا پۇل ئىزدەشكە باشلىدى، ئەمما قاپچۇق ھېچيەردە يوق ئىدى. قاساپ بايىقى خېرىدارنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى. شېرىنزادە تەرگە چۆمۈپ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئىزادىن ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيۋاتاتتى. تەلەتىنى سۆرۈنلۈك قاپلىغان قاساپنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى. بۇ كۈلكە شېرىنزادىنىڭ جېنىغا تەگدى. ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىگە بىر كىمنىڭ بۇنداق قارىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاغزىدىن «ئۇستام گۆشنى ياندۇرۇپ بېرەي» دېگەن گەپنى چىقىراي دېدى-يۇ، ئەمما گەپ قىلسىلا يىغلىۋېتىدىغانلىقىنى، شۇئان بازاردىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە قارايدىغانلىقىنى ئويلاپ دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. قاساپنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھەممىنى بىلگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

شېرىنزادە قولىدىكى سومكىسىنى

قاسساپقا تەگلەي دەپ تۇرۇشىغا ئارقا-ئارقىدىن بىرقانچە خېرىدار كەلدى. ئۇلار قاسساپنىڭ چوڭقەتلىرى ئىكەن. بەزىلىرى بىلەن شىرىنزادە تونۇشىدىغان خېلى ئابرويلۇق ئادەملەر ئىدى. بۇ يەردە زىنغىردەك ئارتۇق تۇرۇپ قېلىش ئادەمگە هار كېلىدىغان ئىش. بولۇپمۇ مۇشۇنداق نەۋجۇۋانلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. شىرىنزادە تونۇش كىشىلەر بىلەن هودۇقۇش ئىچىدە سالاملاشتى. مۇمكىن بولسا بېلىق سۇغا چۆككەندەك، هازىرلا يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكۈسى كەلدى. قاسساپ ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالدى.

— خېنىم، خاپا بولماي كېتىپ تۇرسىلا. ياندۇرغىلى پارچە پۇلۇم چىقمىدى، كېيىن بەرسەم.

شىرىنزادىنىڭ ئۈستىدىن تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك بولدى. ئۇ قاسساپقا گەپ قىلمايلا كەينىگە يانغان بولسىمۇ، مىننەتدارلىقنى ياشقا تولغان كۆزلىرى تېز، ئەمما شۇنچىلىك سۆيۈنۈش بىلەن ئىپادىلىدى.

— ئەتىسى ئۇ كەچلىك سىمپىندا ئىشلىدى. ئۇ، كېسەللەرگە ئەمدىلا ئوكۇلنى ئۇرۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا قاسساپ لوكىكىدا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. شۇئان ئۇنىڭدا قورقۇش هەم مىننەتدارلىق هېسسىياتى قوزغالدى. قورقۇشى ئۇنىڭدا يەنىلا پۇل يوق. مىننەتدارلىقى هەممىگە ئايان. ئۇ قاسساپ بىلەن شۇنداقلا سۆزلەشسە، باشقىلار كۆرسە، ئاڭلىسا سۆز-چۆچەك بولمىسۇن دەپ تېزلا سالاملىشىپ ئۇنى ئىچكىرىدىكى بىكار ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. كىرىشىگىلا قاسساپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە سۆيۈپ كەتتى.

شىرىنزادە ئۇنى ئۆزىدىن نېرى قىلغۇدەك هېچقانداق كۈچ يوقلۇقىنى سەزدى. دەسلەپ گويا مەگزىلىرىنى ئىت يالاپ چۈش كۆرگەندەك بولدى. كېيىن هېچنېمىنى سەزمىدى... ئۇ خۇدىنى بىلگەندە بارمىقىنى بىر نەرسىنىڭ قىسىۋاتقانلىقىنى بىلدى. بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردى. شىرىنزادە شۇندىن تارتىپ ۋۇجۇدىدىن خام گۆش بىلەن سېسىق تەرنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان قاسساپقا باغلىنىپ قالدى. هەر قېتىم سەسكىنىش، ئازاب، كۆڭلى ئاينىش ئىچىدە ئۇنىڭ هەممە قىلىقلىرىغا كۆزىنى يۇمۇپ چىداشقا مەجبۇر. ئۇنىڭ روهى چۈشۈپ چىۋىن يەۋالغاندەك كۆڭلى قارا بولىدۇ. ئەمما ئىختىيارسىز ئۇنى سېغىنىپ قالىدىغان، ئۇنىڭ يەلىشىپ كېلىدىغان گەپلىرى يادىغا كېلىپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ئايىماي خەجلىنىدىغان پۇللار، مودا كىيىم، زىننەت بۇيۇملىرى، ئۆزىنى هەيران قالدۇرىدۇ. «ئاپام ئېلىپ بەردى، ئاپام پۇل بەرگەن، گۆش ئالدىم، بۇ پۇلنى ئاپام بەرگەنىدى، يانلىرىغا سەپ قويسىلا» ئېلىنيارغا بۇ گەپلەرنى قانداق يادىغا كېلىپ دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇلارنىڭ بەدىلىگە ئۇ هېچنېمە سەرپ قىلمايدۇ. پەقەت خۇش تەبەسسۇمى، يېتىلىۋاتقان يۇمشاق كۆكسى، كۆزىنى يۇمۇپ هەممىگە سۈكۈت قىلىشلار... بۇ ئىشلاردىن لەززەت ئالىدىغان يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ئۆزىمۇ بار. قاسساپنىڭ يېقىشلىق تەرەپلىرىمۇ بار...

ئەمما چىۋىن چۈشكەن غىزانى يېگەندەك كۆڭلىنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق ئۇنى دائىم ئازابلىماي قالمايدۇ. ئۆزىنى

گويا چەكسىز تۇمان ئىچىدە قالغاندەك، بۇ تۇمان بارغانچە قويۇقلىشىپ ئۇنى بېسىۋاتقاندەك، ئۆزى بىر قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بولىدۇ. كۆڭلى قاساپتىن بارغانچە سوۋۇۋاتقاندەك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن گۆش ئالىدىغان قىز-جۇۋانلار كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە «كۆيدۇم» دېگىنى ساختا بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇ ماڭا ئوخشاش ئاشۇ قىز-جۇۋانلارنىڭ قانچىسىنى ئوينىتىپ يۈرۈيدىغاندۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلىپ كۈلۈپ بېرىدۋاتقان ئاي-پەرىلەر، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاستا-ئاستا چوقۇم مەندەك ئويلىماي قالمايسىلەر...

ئۇ دائىم ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلىدۇ. ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ ئاشۇنداق ھېسسىياتتا بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئالدىدا پەيدا بولغاندا ئۇ خىياللىرىنى كاللىسىنىڭ ھېچ يېرىدىن تاپالمايدۇ. شۇ زامات ئۆزىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانچىلىك ئاجىزلىق، موھتاجلىق، سېغىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇ چاغدا بايىقى خىياللىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

4

يەكشەنبە كۈنى چۈشتە ئۇ كىر يۇيۇۋېتىپ ئېرىنىڭ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن چىققان بىر خەتنى ئوقۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

«قەدىرلىك سىڭلىم گۈلنەزەر، مەن گېپىنى ئوچۇق قىلاي. سىز بۇنداق خەتنى ھەرگىز يېزىپ يۈرمەڭ. سىز بىر قىز، مەن بولسام ئايالىم بار ئادەممەن. ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت باغلايدىغان ھەققىمىز يوق.

مېنىڭ ئايالىم سىزدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار. ھەر ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز. بىر-بىرىمىزگە خىيانەت قىلىشماي كېلىۋاتىمىز. ئىككىمىز مۇھەببەت باغلىغان تەقدىردىمۇ مەن سىزگە ئايالىمغا كۆيگەندەك كۆيمەسلىكىم مۇمكىن. سىزمۇ ھازىر ھېسسىياتىڭىزنىڭ كەينىگە كىرگەن بىلەن، كېيىن ماڭا ئايالىم كۆيگەندەك كۆيمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەر-خوتۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى توي قىلغاندىن كېيىن بىلىپ قالىسىز. سىز چوقۇم بەختلىك بولىسىز. مەندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق يىگىتكە ئۇچرايسىز. ئەنە شۇ چاغدا ماڭا كۆيگەنلىكىڭىزگە پۇشايمان قىلارسىز. گېپىمنى ئاڭلاڭ، ئىككىنچى خەت يازماڭ. مېنىڭ ئايالىمغا بولغان مۇھەببىتىمنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئېلىيار.

1987-يىل 6-ئىيۇل»

شىرىنزادىنىڭ كۆزىگە دائىم ئۆزىگە بەك تىكىلىپ قارايدىغان چىرايلىق بىر قىزنىڭ سىماسى كەلدى؛ ئۇ بارلىق سېزىمىنى يوقاتتى. ئۇ خەتنى كۆكسىگە بېسىپ ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغىسىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتى. ئەمما توختىتىۋېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

قادىر ھاپىز

# «سېھىر ھالقا»

(ھېكايە)

I

— ئىمىن زەرگەر ياقۇت كۆزلۈك بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىنىڭ ئاخىرقى پەردىزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھالقىلارنى كۆزىدىن يىراق تۇتۇپ، بېشىنى سەل سىڭايان قىلىپ قارىدى ـ دە:

— ھەي، ئاپىسى، بۇياققا كەلگىنە، — دەپ ئايالىنى چاقىردى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئاشخانىدىن قوللىرى ھۆل پېتى چىققان ئەللىك ياشلاردىكى خام سېمىز ئايال.

— سەن خېلى مال تونۇيسەنغۇ، — دېدى زەرگەر ھالقىلاردىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ، — بىر باھالاپ باقە، قانداقراق بوپتۇ.

ئايال قولىنى پەرتۇقىغا ئېرتىۋېتىپ، ئېرىنىڭ قولىدىن ھالقىلارنى ئالدى ۋە ئۇنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ سىنىچىلاپ قاراپ:

— ھوي، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دېدى ھەيران بولۇپ.

— نېمە قىلىپتىمەن؟ — دېدى زەرگەر ئېرەنسىز ھالدا ئالقىنىدىكى بىر چېكىم مۇخۇركىغا نەشە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ.

— نېمە قىلىپتىمەن دەيدىيا! — ئايالنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ھالقا دېگەننىڭ كۆزى مۇشۇنداق بولامدۇ؟ كۆزنى ئۈزىتىغا تۇتماي توغرىسىغا تۇتقانلىرى نېمىسى؟ ماۋۇ پولدىكى ئاستىدا بولماي، مۇشۇنداق يېنىدا بولامدا؟!

زەرگەر ئەمدى سەل سەگەكلىنىپ، ھالقىغا يېقىنباشتىن سەپسالدى ۋە شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى.

— ئاپلا... — دېدى ئۇ كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا، — قانداقسىگە بۇنداق قىلىپ قويدىمكىنە؟

— قانداقسىگە بولاتتى، ماۋۇ مۇشۇك پوقىنى شورىمىغان بولسىلا، مۇشۇنداق ئىش بولمايتتى! — ئايال تەئەددى بىلەن ئېرىنىڭ قولىدىكى تاماكىنى شارتتىدە ئېلىۋېلىپ، دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە تاشلاپ قويدى.

— ئىككى نەپەسلا شورىغاندەك قىلىۋىدىم، ئاپلا...

— «ئاپلا»نى ئازدەپ، چاقىقان ئوڭشىسىلا!

ريزۋانىخان سائەت ئوندا كېلىپ ئالىمەن، ئا جۇيجاڭنىڭ ئۆي چېيىغا مۇشۇ پەردىنلا تاقاپ بارىمەن، شۇنىڭغا ئۆلگۈرمىسە هالقىنى ئالمايمەن دېمىدىمۇ، ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟

زەرگەر سائىتىگە قاراپ بېشىنى چايقىدى:

— ئۆلگۈرمەيدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، كەلگەندە بىر گەپ بولار، يارىسا ئالار، يارىمىسا قالار...

— هەي، ئىست، هەي، ئىست! — ئايال مەيۈس غۇدۇڭشىدى، — باها تالاشمايدىغان چۆپقىتىمىز ئىدى. دېگەنلىرىگە ماقۇل بولغانىدى، ئىست، 200 كوي بىكار كېتىدىغان بولدى - دە ...

ئايالنىڭ گەپلىرى پېشكەللىكنىڭ دەردىدە سەپرايى ئۆرلەپ تۇرغان زەرگەرنى گويا قۇلىقىغا كىرىۋېلىپ گىڭشىلداپ تۇرغان پاشىنىڭ ئاۋازىدەك بىئارام قىلدى، ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزە تەكچىسىدىكى تاماكىسىنى ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ، قوۋۇزىنى تولدۇرۇپ كەينى - كەينىدىن قاتتىق شورىدى. خوتۇنى ئەمدى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى بىلىپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. زەرگەر كاڭغا يانپاشلاپ يېتىپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە بەڭگىلەرچە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىسى قىزىقكى، ئاشۇ بەڭگىلەرچە خىياللارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا بىردىنلا ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى - دە، شىرە ئۈستىدىكى هالقىنى قولىغا ئېلىپ، گويا تۇنجى قېتىم كۆرگەنـ

دەك زەن سېلىپ قاراپ كەتتى.

— هەي، ئاپىسى، — دەپ چاقىردى ئۇ ئالدىراپ، — بۇياققا چىق، چاققان بول!

— يەنە نېمە گەپ؟ — غۇدۇڭشىدى ئايال خاپا هالدا ئاشخانىدىن چىقىۋېتىپ.

— قۇلىقىڭدىكىنى ئېلىۋېتىپ، بۇنى تاقاپ باققىنا، قانداقراق تۇرىدىكىن، — زەرگەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئايال ئېرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي هەيران بولدى:

— زادى نېمە قىلاي دەيلا؟ — سورىدى ئۇ هالقىنى تاقاۋېتىپ.

— هازىر دەيمەن ، — زەرگەر خوتۇنىنىڭ ئۇدۇلىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قۇلىقىدا جۇلالىنىپ تۇرغان هالقىغا بىر كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ قاراپ، بىردىنلا روهلىنىپ كەتتى - دە، — چاتاق يوق، — دەپ كۈلۈۋ قويدى.

دەل شۇ چاغدا بىرسى ئىشىكنى قاقتى.

— ريزۋانىخان! — دېدى ئايال هولۇققان هالدا ۋە قۇلىقىدىكى هالقىنى ئېلىۋېتىشكە ئالدىرىدى.

— ئالما! — دېدى زەرگەر بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — مەن گەپ قىلغاندا لوقما سالماي جىم تۇر. ئاغزىڭ بەك قىچىشىپ كەتسە، گېپىمنىڭ ئۇرامىغا يېقىپ گەپ قىل! قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

زەرگەر ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە سېمىزلىكتە غانجۇغا قاپقىقىغا ئوخشاپ قالغان، هور ناندەك ئەتلىك يۈزلىرىگە قويۇق ئۇپا سۈرگەن، ئەللىككە يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي، ماڭلاي چاچلىرىنى غۇنچە ئۆزۈمدەك ئۇششاق بۇدۇر قىلىۋالغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ زەرگەر ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن قىسقىچىلا تىنچلىق

سوراشقاندىن كېيىن:
— ھالقا پۈتكەندۇ، ئۇستام؟ — دەپ سورىدى.
— پۈتۈشنىڭغۇ پۈتتى، — دېدى زەرگەر مېھماننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئوڭايسىزلانغاندەك بىر خىل سىپايى تەكەللۇپ بىلەن، — سىلىنى ئۆز كۆرۈپ، مەسلىھەتلىرىنى ئالمايلا بىر ئىش قىلىپ قويدۇم، قارىسىلا.
— نېمە ئىش قىلىپ قويدىلا؟ — قىزىقتى رىزۋانىخان.
— ھالقىلىرىنىڭ پاسوننى ئۆزگەرتىۋەتتىم.
— نېمىشقا؟ قانداق ئۆزگەرتتىلە؟
— ئۈلۈشكۈن قاسىم ھاجىم دېگەن بىر بۇرادىرىمنىڭ ھەرەمدىن ھامىمىسى كەپتىكەن، پەتىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇ ئايالنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قارىسام، پاسونى باشقىچىلا، قىرىق يىل مۇشۇ ھۈنەرنى قىلىپ، پادىشاھقا تاج سوقمىدىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئالتۇن جابدۇقنى سوققانىدىم، لېكىن ئۇنداق پاسوندىكى ھالقىنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. چاي ئىچكەچ، ئۇجۇر-بۇجۇرىنىچە سەپسېلىپ، ئوبدان كۆرۈۋالدىم - دە، قايتىپ كېلىپ، شۇ پاسوندا بىر ئېسىل ھالقا سوقۇپ باقاي، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. بازارغا ئاتاپ سوقسام، خېرىدار چىق، لېكىن ئۇ كىملەرنىڭ قۇلىقىغا چىقىپ كېتىدۇ، كىم بىلىدۇ. ئۇنداق يېڭى ھۈنەرلىرىمىزنى بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز تارتقان يېقىن ئادەملىرىمىزگە كۆرسەتكۈمىز كېلىدۇ، قارىسىلا، شۇ چاغدا سىلى يادىمغا كېلىپ قالدىلا. سىلى بىلەن بىز كونا تونۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلىنىڭ يېڭى پاسونلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقلىرىنى بىلىمىز. شۇڭا سىلىدىن بىسوراقلا شۇ پاسوندا سوقۇپ قويدۇم.
— قېنى بىر كۆرەي، — رىزۋانىخان تەقەززا بولدى.
زەرگەر چاي ئېلىپ كىرگەن خوتۇنىنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىنى كۆرسىتىپ:
— ئەنە ئاشۇ ھالقا شۇ، بۇ خوتۇن تاقىۋېلىپ ھېچلا بەرگىسى كەلمەيىۋاتىدۇ، قارىسىلا، — دېدى ۋە خوتۇنىغا قاراپ يېلىنغاندەك تەلەپپۇز بىلەن قوشۇپ قويدى، — چىقىرىپ بەرگىن، بۇ قېتىم رىزۋانىخانىنىڭ يۈزى چوڭ كېلىپ قالدى، ئىككىنچى بولۇپ ساڭا سوقۇپ بېرەي.
رىزۋانىخان زەرگەرنىڭ خوتۇنىنىڭ قۇلۇقىدىكى ھالقىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندى. لېكىن بىردەمدىن كېيىنلا ئۇنىڭ يېڭى پاسونغا بولغان ھەۋىسى ئەجەبلىنىشنى بېسىپ كەتتى. زەرگەرنىڭ خوتۇنى ھالقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ ھالقىنى ئېلىپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن خۇشال ھالدا قۇلىقىغا تاقىدى. زەرگەرنىڭ خوتۇنى تامىغا ئېسىقلىق يوغان ئەينەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تۇتۇپ، زوقلانغان قىياپەتتە ماختاپ كەتتى:
— ۋاي - ۋۇي، مۇنداقمۇ يارىشامدىغان، ئەسلى سىلىنىڭكىلا ئىكەن ئەمەسمۇ! ئالتۇننىڭ سېرىقى بىلەن كۆزىنىڭ قىزىلى ئاپئاق يۈزلىرىدە ھەسەن - ھۈسەندەك جۇلالىنىپ كەتتى!
رىزۋانىخان ئەينەككە بىردەم ئۇڭ قۇلىقىنى، بىردەم سول قۇلىقىنى تۇتۇپ، ئۆز ھۆسنىگە مەستلىكى كەلگەندەك كۈلۈپ قويدى. زەگەر ئۇنىڭ رازىمەنلىك بىلەن كۈلگىنىنى كۆرۈپ، خېرىدارنىڭ «يېڭى

پاسون» غا شەك كەلتۈرمىگەنلىكىگە ئىشەنـ
دى ـ دە، يېنىك نەپەس ئالدى.
ــ رەھمەت، ئۇستام، جىق باش قاـ
تۇرۇپلا، ــ دېدى رىزۋانىخان خۇشال هالـ
دا، ــ باهاسى ئوخشاشتۇ؟
ــ سىلى بىلەن باها تالاشمىسام بوـ
لاتتى، ــ دېدى زەرگەر خىجىل بولغاندەك
قىياپەتتە، ــ بىراق بۇ هالـقىغا ئادەتتىكى
ئىككى هالقىنىڭ كۈچى كەتتى. شۇڭا، جىقـ
مىۇ ئەمەس، ئەجىر هەقـقى ئۈچۈن ئون
كوي قوشۇپ قويالا.
رىـزۋانىخـان سومـكىسىدىن ئىكـكى
يۈز ئون كـوي پـۇلـنى ئېلىپ زەرگەرگە
سۇندى ۋە ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى:
ــ بۇنى نېمە پاسون دەيدۇ، ئۇستام؟
زەرگەر بۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى
زادىلا كۈتمىگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ پۇلـنى
ساناۋاتقان بارماقلىرى بىردىنـلا تـوخـتاپ
قالدى. لېكىن ئۇ هۇلۇققىنىنى چاندۇرماسـ
لىق ئۈچۈن، ئويلىنىپ ئولتۇرمايـلا دىدرمەـ
هەل جاۋاب بەردى:
ــ هە ... بۇنى .... بۇنى ... كەشـمىـر
پاسون دەيدىكەن.
ــ كەشمىر پاسون؟ ــ قىزىقىپ تەكـ
رارلىدى رىزۋانىخان، ــ ئىسمىمۇ چىرايلىقـ
كەن، كەشمىر ياغلىق، كەشمىر پـۇپايـكـا،
كەشمىر هالقا ...
ــ شۇنداق، شۇنداق، كەشمىر هالقا،ــ
دېـدى زەرگەر هىجىيىپ تۇرۇپ، ــ هەـ
رەمنىڭ ئەڭ يېڭى پاسونىكەن.
رىزۋانىخان كۆپتىن ـ كۆپ مىننەتـ
دار بولۇپ چىقىپ كەتـتى. زەرگەر ۋە
ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايـ
تىپ كىرىپ، تەڭلا «ئۇھ» دەپ چوڭـقـۇر
بىر تىنـدى ـ دە، بىر ـ بىرىـگـە مەنىلىك
قارىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

2

ئاجۇيجاڭنىڭ ياسىداق مېهمانخانىسى
ئۆلارنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچكەنلىكىنى تەبـ
رىكلەپ كەلگەن ئايال مېهمانلار بىلەن لىق
تولغانىدى. پاراڭ ناهايىتى قىزىغانىدى.
پـاراڭ ئارىـسـىـدا ئارىـلاپ ـ ئارىـلاپ
كالتە كۈلكىلەرمۇ كۆتۈرۈلـۈپ تۇراتتى.
بۇ پاراڭ ـ كۈلكىلەر رىزۋانىخانىنىڭ قۇلىقىغا
كىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسىگە
زادىلا كىرمەيتتى. چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ
مېڭىسىدە هالقىدىن باشقا هەرقانداق نەرـ
سىگە ئورۇن يوق ئىدى. ئۇنىڭغا قارىغـان
كىشىلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ قۇلىقىدىـكى
هالقىسىغا زوقلىنىپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى،
ئۇنىڭ ئۆزىمۇ گويا بۇ سورۇندا، بۇ ئۆيـ
دە نەزەر سېلىشقا ئەرزىگۈدەك باشقا بىرەر
نەرسە يوقتەك، ئاياللارنىڭ هـالـقىسىغا قا
رايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاي هـالقا
سېۋەت هالـقا، قۇلۇپ هـالـقا، چـېچـەك
هـالـقا ... لار بىر ـ بىرلەپ ئـۆتـتى. ئۇ
بۇ هالقىلارنى قۇلىقىدىكى هالقىسىغا سېـ
لىشتۇرۇپ، ئۆز هالقىسىنىڭ يېڭى پاسونى
بىلەن پەخىرلىنىپ، بىر خىل ئۇستۇنـلۇك
تۇيغۇسى ئىچىدە يايراپ ئولتۇرۇپ خىيال
سۈرۈشكە باشلىدى: ۋاي بىچـارە گۈلـسۇم،
تېخىچە سەھرالىقتەك ئاشۇ قوڭغۇراق هالـ
قىنى سېلىپ يۈرگىنىنى، بۇنداق هـالـقىلار
ئاللىقاچان مودىدىن قالدى. مەن قىزىـمـغا
بىردۆەتـكىـلى نېكەم ... ماۋۇ هەنىپـەنىڭ
هالقىسى چېچەك نۇسخا بولسىمۇ خېلى ياـ
مان ئەمەس ئىكەن، ئالتۇنىمۇ قېلىن، كۆـ
زىـمـۇ يوغان، بىراق يـەنىلا شۇ كونا
پاسون ... ۋىيـيـەي، ماۋۇ رەيهانىنىڭ قۇلىقىـ
دىكى نېمە ئۇ، خۇددى بىر تال نۇقۇتـنى

چاپلاپ قويغاندەك. ئادەم دېگەننىڭ دېتى بولمىسا بىكار جۇمۇ، خىيالىدا مەن داشۆنىڭ مۇئەللىمى، قورسىقىمدا بىلىمىم باز دەپ، ئەتەي شۇنداق ئاددىي - ساددا بولىۋالغىنى. ھېلىغۇ قورسىقىدا بىلىمى بار ئىكەن، كاللامدەك ئالتۇنى بولسىمۇ كىم كۆرەتتى؟ خەق دېگەن ئايالىلارنىڭ قورسىقىغا ئەمەس، ئۇستىبېشىغا، چىرايىغا قارايدۇ...

رىزۋانىخان باشقا ئايالىلارنىڭ ھالقىسىغا باھا بېرىپ ئۈلگۈرگىچە، ساھىبخان ئايال ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى:

— تاماق سىڭدۇرگەچ، ئانچە - مۇنچە دۇتار چېلىپ، ئۇسسۇل - پۇسۇل ئوينىساق قانداق؟

مېھمانلار ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. يېشى كىچىكرەك بىر نەچچە چوكان ئۇستەللەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. قالغان مېھمانلار بالكونغا ۋە ۋە تاشقىرقى ئۆيگە چىقىپ، سەگىدىگەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئايالىلارنىڭ ئىختىيارى سۆھبەتلىردە ئاڭلىغۇچىلاردىن سۆزلىگۈچىلەر كۆپرەك بولىدۇ. ئۇنداق سورۇنلاردا غىزا - تاماققا قارىغاندا كىيىم - كېچەك ھەققىدىكى گەپلەر بەكرەك ئىسسىق بېسىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، بۈگۈنمۇ ئايالىلار ھەر خىل مودىدىكى كىيىملەر توغرىسىدا قىزغىنلىقتىن ۋىچىرلاپ تەڭلا سۆزلىشىپ كەتتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئادەتتە باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان رىزۋانىخان بۈگۈن بىرىنچى نومۇرلۇق ئاڭلىغۇچىغا ئايلانغانىدى. ئۇ ھەممەيلەننىڭ ئۆز ئەتراپىغا ئولىشىپ، ھالقىسىغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ، ھالقىسىغا دائىر گەپلەرنى سورىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق ئايالىلار ئېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك، ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى: ئىچى تارلىق قىلىپ ئەتەي كۆرمەسكە سېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ھالقامنىڭ غەيرىي پاسون ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى چىدىمايۋاتىدۇ. بولمىسا، بايا زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ گېپى ئەمدى چىقىشىغا، سانىيە دېگەن جىن يالىۋەتكەن ئاۋاق گەپنى ئېمىشقا يېڭى كىنولارغا بۇراۋېتىدۇ؟ ئاۋۇ تۇرا دېگەن ئەۋرەز پاقىسچۇ تېخى، ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسىتىپ، ئوقۇغان كىتابلىرىنى سۆزلەپ كەتكىنىنى قانداق قىلاي، ھېكايە ئاڭلىغىلى كەلمىدى كىشى...

رىزۋانىخان تاشقىرىقى ئۆيدىن خاپا ھالدا يېنىپ چىقىپ، بالكون تەرەپكە مېڭىشىغا ئۇنى ساھىبخانىغا ياردەملىشىپ مېھمان كۈتۈشۈپ يۈرگەن، سېمىز بەدىنىگە ھېسپەك تار ساراپان كىيىۋالغان دوستى پاتەم قولتۇقلىۋېلىپ، قىزغىن ئەھۋال سورىدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىسىغا قاراپ ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— مۇبارەك بولسۇن! شۇنداق يارىشىپتۇ. قاچان ئالدىڭ؟

— بۈگۈن.

— كۆرمىگەنلا بىر خىل پاسونكەنغۇ؟

—ھەرەمنىڭ ئەڭ يېڭى پاسونىكەن، — چۈشەندۈردى رىزۋانىخان بىردىنلا ئېچىلىپ، — چەت ئەلدە يېڭىدىن مودا بولۇپتۇ. شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ مەن تاقىدىم، ئاداش.

— نەدىن ئالدىڭ؟

— ھېلىقى زەرگەر ئىمىن ئاخۇن ئۇستامنى بىلىسەنغۇ، شۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىغا سوقۇپ بەرگەنىكەن، مەن تالىشىپ

تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۈز كېلەلمەي تەستە بەردى. ئىسمىنىڭ چىرايلىقلىقىچۇ تېخى.

— قانداقكەن؟

— كەشمىر ھالقا.

— كەشمىر ھالقا؟ نېمىدېگەن ياراشقان ئىسىم ـ ھە؟

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاخىر باشقا مېھمانلارنىمۇ جەلپ قىلدى. بىرنەچچە ئايال بىرۋاراقى كېلىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭىغا قوشۇلدى. رىزۋانىخان ئۇلارغا ئۆز ھالقىسىنىڭ غەيرىي پاسونلۇقىنى، بۇ پاسوننىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق تەستە ئېرىشكەنلىكىنى ئىشتىياق بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى ئىشەنگەن ھالدا قىزىقىپ ئاڭلىدى، بەزىلىرى گۇمانلانغان ھالدا ھالقىغا تەئەججۈپ بىلەن قاراشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ قانداق ئويلىغانلىقى رىزۋانىخان ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئاخىرقى ھېسابتا بىر توپ ئاياللىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىپ، يېڭى ھالقىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەنلىكىدىنلا خۇشال ئىدى.

3

رىزۋانىخان قاش قارايغاندا ئۆيىگە خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرىپلا، تاشقىرىقى ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇرغان ئىككى قىزىنى ئەركىلىتىپ سۆيۈپ قويىدى ـ دە، سومكىسىدىن چاي داستىخىنىدىن ئېلىۋالغان كەمپۈت ـ پېچىنىلەرنى چىقىرىپ ئىككىسىگە بۆلۈپ بەردى. ئاندىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا

ئېيتقىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئېرى سافاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى.

رىزۋانىخان ئىشكاپ ئالدىغا كېلىپ، بىر ئوڭغا، بىر سولغا تولغىنىپ، ھالقىسىنىڭ ئۆز ھۆسنىگە قانچىلىك ھۆسن قوشقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆزەتتى.

— بەك خۇشال قايتىپسىزغۇ؟ ئولتۇرۇشۇڭلار قىزىغان ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ئېرى.

— قىزىدىمۇ، قىزىمىدىمۇ، ئۇقمىدىم، ئىشقىلىپ، مېنىڭ ھالقام ھەممىسىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى، — ئۇ ئېرىگە يېقىن كېلىپ سورىدى، — قاراڭا، يارىشىپتىمۇ؟

— يارىشىپتۇ، — دېدى ئېرى ئېرەنسىزلا، چۈنكى ئۇ خوتۇنىنىڭ ھەرقانداق نەرسىنى ياراشماپتۇ دېگەن ئادەمنى ئۆلگۈچە قارغايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— چىرايلىقمىكەن؟

— چىرايلىقكەن.

— بىرەر غەيرىي يېرىنى سەزدىڭىزمۇ؟

— سەزمىدىم.

— ياخشى سەپسېلىڭ.

ئەر خۇشياقمىغان ھالدا خوتۇنىنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىغا قارىدى ـ دە، ئەجەبلەندى.

— راست، بۇ ھالقا باشقىچىلىغۇ!

— شۇنداق، بۇ ھالقا غەيرىي ھالقا، ئەڭ يېڭى پاسون.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— زەرگەر ئۇستام ۋە باشقىلار شۇنداق دەيدۇ.

— قاچانغىچە خەق دەيدۇ دەپ دەۋېرىسىز، خەق قىلىپتۇ دەپ قىلىۋېرىسىز؟ — ئەرنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئېلىشقا

باشلىدى، — بويىنىڭىزنىڭ ئۈستىدىكى قاپاق
بولمىغاندىن كېيىن، راستمۇ - يالغانمۇ،
توغرىمۇ - خاتامۇ، ئويلاپ بېقىشىڭىز
كېرەك - تە!
— ياللا، «ئاغزىمدىن چىقتى ساقـ
لىمغا ياماشتى» دېگەندەك بىر ئېغىز گەپـ
كە ئېسىلىپلا ئالدىڭىزغۇ، — دېدى ئايال
دومسىيىپ، — مەنلا بىر نېمە ئالسام قوسۇر
چىقارغىلى تۇرىسىز، مەن چىرايلىق يا-
سىنىپ يۈرسەم، سىزنىڭ يۈزىڭىزگە ياخـ
شى بولمامدۇ؟ كىم دېسە، تالىپ ئەپەندىـ
نىڭ خوتۇنى رىزنۇانىخان دەيدۇ ئەمەسمۇ؟
— مەن ئاياللارنىڭ چىرايلىق كىيىـ
نىشىگە، ئېسىل بېزەكلەرنى تاقىشىغا قارشى
ئەمەسمەن. لېكىن ياراشقان - ياراشمىغانلىـ
قى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، «يېڭى
مودا»، «غەيرىي پاسون» دەپلا قارىغۇلارچە
دورامچىلىق قىلىشنى ھەرگىز قۇۋۋەتلىمەيـ
مەن. بۇنداق قىلىش نادانلىق، بىمەنىلىك،
مىللىي ئەنئەنىمىزنى ئۇنتۇپ قالغانلىق
بولىدۇ ...
— ھوي، سىز ماڭا رەسمىيلا سىياسىي
دەرس ئۆتكىلى تۇردىڭىزغۇ، — ئايال ئۆكۈشكە
باشلىدى.
— خاپا بولماڭ، — دېدى ئەر ئېغىر
بېسىقلىق بىلەن، — سىز بۇنى سىياسىي
دەرس دەپ چۈشەنگەن بولسىڭىز، ئەمدى
سىزگە قىزىق بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي،
ئولتۇرۇڭ.
— سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى ئايال سا-
فانىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ پايپىقىنى
سېلىۋېتىپ.
— بىر شەھەردە بىر ياسانچۇق ئايال
بولغانىكەن، — كۈلۈپ تۇرۇپ ھېكايە قىـ
لىشقا باشلىدى ئەر، — ئۇ يېڭى مودىدىكى
كىيىملەرنى ئەڭ ئاۋۋال كىيىپ كىشىلەرگە
كۆز - كۆز قىلىشقا بەكمۇ خۇشتار ئىكەن.
بىر كۈنى ئۇ ياسىنىپ شەھەرنىڭ ئاۋات
كوچىسىدا كېتىۋېتىپ، غەيرىيلا بىر خىل پاسوندا
كۆڭلەك كىيگەن بىر ئايالنى كۆرۈپ قاپتۇ -
دە، دەرھال ئۇنىڭغا يېتىشىپ مېڭىپ،
ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە سەپسېلىپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ
كۆڭلىكى بېغىر رەڭ دۇخاۋىدىن تىكىلگەن
بولۇپ، ئېتىكىنىڭ چۆرىسىگە يېشىل رەختـ
تىن يېرىم دائىرە جىيەك توقۇلغانىكەن.
ياسانچۇق ئايال ئوبدان كۆرۈۋاپتۇ - دە،
ئەتىسىلا ئاشۇنداق كۆڭلەكتىن بىرنى تىكـ
تۈرۈپ كىيىپ كوچىغا چىقىپتۇ. كوچىدا
ئۇنىڭغا ھېلىقى ئايال يەنە ئۇچراپ قاپتۇ.
ئۇلار بىر - بىرىگە ياندىشىپ مېڭىپ، سا-
لاملاشقاندىن كېيىن:
— كۆڭلىكىڭىزگە مۇبارەك! — دەپتۇ
ياسانچۇق ئايال.
— ئۆزىڭىزدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ھېلىقى ئايال.
— مەسلىھەتلەشكەندەك ئوخشاش
كىيگىنىمىزنى قاراڭ، — دەپتۇ يا-
سانچۇق ئايال.
— شۇنى دەڭا، — دەپتۇ ھېلىقى
ئايال ھەيران بولۇپ، — سىزمۇ كۆيدۈرۈپ
قويغانمىدىڭىز؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سوراپتۇ
ياسانچۇق ئايال چۈشىنەلمەي.
— مېنىڭ كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكىنى قىـ
زىم دەزمال سالىمەن دەپ كۆيدۈرۈپ قويـ
غانىدى، — چۈشەندۈرۈپتۇ ھېلىقى ئايال، —
كۆيگەن يەرنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن،
جىيەك تۇتقاندەك قىلىپ مۇشۇنداق ياماق
سېلىۋالغانىدىم.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياسانچۇق ئايال نېمە

دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ ۋە بىردىنىلا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— مېنىڭ كۆڭلىكىمنىڭ پاسونى ئەزەلدىن مۇشۇنداق! — دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ تەمسىل رىزۋانىخانىنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، نەپەسى ئىتتىكلەپ، يۈزلىرى كۆبجۈپ، ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئەلپازغا كەلدى:

— مېنى زاڭلىق قىلىپ توقۇمىغان ئاشۇ ھېكايە قالغانمىدى؟ — كۆكەردى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مۇنداق تولا گەپ قىلغۇچە پۇلنى خەجلەپ كەتتىڭ دېسىڭىز بولمامدۇ؟ مەنمۇ تەڭ ئىشلەپ، تەڭ تېپىۋاتىمەنغۇ، — ئۇ قۇلىقىدىكى ھالقىنى چىقىرىپ، ئېرىنىڭ ئالدىغا دوق قىلىپ قويدى، — چىدىيالمىغان بولسىڭىز، مانا، سېتىپ پۇلىغا كىتاب ئېلىپ ئوقۇپ ئالىم بولۇۋېلىڭ.

ئەر تاماكىسىنى كەينى - كەينىدىن قاتتىق شوراپ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئايال ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ، ىدچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

4

رىزۋانىخانىنىڭ ئۆيىدە «ھازا» بولۇۋاتقاندا، زەگەرنىڭ ئۆيىدە «بازار» بولىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىككى ئايال كىرىپ كەلدى:

— كەشمىر ھالقىدىن شوقتۇرايلى دېۋىدۇق.

— كەشمىر ھالقام؟

— ھەئە، سىلى رىزۋانىخانغا سوقۇپ بەرگەندەك ھالقىدىن، — دېدى ئاياللار.

— ھە ... ھە ... ھەرقايسىلىرىغا يارىغان بولسا...

— يارىغانلىقىدا گەپ يوق. سىلىنى ئوبدان رازى قىلايلى، تېزرەك پۈتتۈرۈپ بەرسىلە.

ئايال خېرىدارلار ھالقىنى ئالدىغان ۋاقتىنى ۋە ھالقىلارنىڭ باھا - نەرخىنى پۈتۈشۈپ، ئەللىك كويدىن زاكالەت بېرىپ قايتىشتى. زەرگەر ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزىچە خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— نېمىگە كۈلۈۋاتىلا، — سورىدى ئۇنىڭ خوتۇنى.

— كەشمىر ھالقا دېگەن گەپنىڭ بىردەمدىلا تارقىلىپ كەتكىنىگە كۈلۈۋاتىمەن.

— ھە راست، ئۇ گەپ قانداقىسىگە يادىلىرىغا كېلىپ قالغان؟ — سورىدى ئايالمۇ خىرىلداپ كۈلۈپ.

— قانداقىسىگە بولاتتى، ئىسمىنى سورىغاندىن كېيىن، بىر نېمە دېمىسەم بولامدۇ. كەشمىر ياغلىق دېگەن گەپنى تولا ئاڭلاپ قۇلىقىمغا سىڭىپ قالغانىكەن، ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم.

— چېنىپ قالارمىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى، ئايال سېمىز گۆش بېسىلغان بىر تاۋاق پولۇنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ، — ئۇنداق ئاسان ئىشىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

— بۇمۇ بىر ئامەت، خوتۇن، — دېدى زەرگەر دانىشمەنلەرچە تەلەپپۇز بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — بۇ دۇنيادا ئاشۇنداق ئەخمەقلەر بولمىسا، سەن بىلەن ماڭا بۇنداق پولۇ نەدە!

مەسئۇل مۇھەررىرى سارەم ئىبراھىم

زۇمرەت قېيۇم

# مېنىڭ ئانام

(نەسىر)

مېنىڭ ئانام ئېگىز بويلۇق، ئورۇقىراق كەلگەن، ئاق يۈزلۈك، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق ۋە ئەمگەكچان ئايال. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن مېھرىبانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن جاپا - مۇشەققەت ئانامنىڭ قاپقارا چاچلىرىغا ئاقلارنى سانجىدى، نۇرلۇق يۈزلىرىگە قورۇقلارنى ھەدىيە قىلدى.

مەن ئانامنىڭ بېشىدىكى ئاقلارنى، يۈزىدىكى قورۇقلارنى كۆرگىنىمدە، ئىختىيارسىز ھالدا كىچىك چاغلىرىمنى ئەسلەيمەن.

تۆت - بەش ياش چاغلىرىمدا ئانام قەھرىتان قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقلىرىدا، تومۇزنىڭ كۆچلۈك ئاپتاپلىرىدا كىچىك ئىنىمنى مۆرىسىگە يۈدۈپ ئىشقا ماڭاتتى. ئاخشاملىرى ئىشتىن ھېرىپ كېلىپ، يەنە ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. بىر قولىدا چۆمۈچ تۇتسا، بىر قولىدا ئىنىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تاماق ئېتەتتى. ئاخشاملىرى بىزنىڭ كىر - قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ، ئەتىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، ھەممىمىزدىن كەچ ياتاتتى. ئانامنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى ئەنە شۇنداق داۋاملىشاتتى. ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە ئانام تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. پېچىنە - پىرەنىكلەرنى پىشۇراتتى. ئۆزىمىزگىلا ئەمەس، قوشنىلىرىمىزغا، دوستلىرىغىمۇ پىشۇرۇپ بېرەتتى. ئانام ئۆزىنىڭ ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، باشقىلارنى خۇشال قىلاتتى.

ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەن يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى قۇربان ھېيتقا ئىككى كۈن قالغان چاغ ئىدى. مەھەللىمىزدىكى بىر قوشنىمىز كىرىپ، ئانامدىن ساڭزا سېلىشقا قارىشىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئانام ئۆيىمىزنىڭ ئىشلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ ئۇ قوشنىمىزنىڭ ساڭزىسىنى سالدى. ساڭزا ناھايىتى ئوخشىغانىدى. قوشنىمىز ئانامدىن رازى بولۇپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە بىر ئىش يۈز بەردى. قوشنىمىز ھېلىلا ساڭزا سېلىنغان قازاندىكى قىزىق ياغنى چېلەككە قۇيۇۋاتاتتى. ئېھتىياتسىزلىقتىن قىزىق ياغ ئانامنىڭ پۇتىغا تۆكۈلۈپ كەتتى. ئانامنىڭ پۇتى ئاغرىپ تۇرۇۋاتسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، دەپ، ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتقان قوشنىمىزغا تەسەللىي بەردى. قوش-

نىمىز بولسا قايتا-قايتا ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. لېكىن ھەممە ئازابنى ئانام تارتتى. ھېيت كۈنلىرىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. شۇ چاغدا مەن ئانامنىڭ كۆيۈپ قاپىرىپ كەتكەن پۇتىغا قاراپ يىغلاپ كەتتىم. ئانام بولسا مەڭزىلىرىمگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئىسسىق ياشلىرىمنى سۈرتتى ...

مانا، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ مەن ئون يەتتە ياشقا كىردىم. بۇ جەرياندا ئانامنىڭ ئۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلىرىنى كۆردۈم. بۇلارنى مەن يېزىپمۇ تۈگىتەلمەيمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، مەن ئانامدىن تولىمۇ مىننەتدار. ئانامنىڭ چېۋەر، چاققانلىقىدىن يىگىرمە كۋادرات مېتىرمۇ كەلمەيدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىمىزنىڭ كىچىكلىكى بىلىنمەيتتى. باشقىلار دائىم ئانامنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلاتتى. بۇ چاغدا قەلبىم چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈپ، ئانامغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشاتتى.

مېنىڭ ئانام ئۆز خىزمەت ئورنىدىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ئەستايىدىل ئىدى. ئانامنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ئىدى. ئانام جاپالىق قۇرۇلۇش ئىشىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى. بەزى كۈنلىرى ھېرىپ ماغدۇرىدىن كېتەتتى. ئاشۇ جاپالىق ئەمگەك ئاخىرى ئانامنى يۇقىرى قان بېسىمى ۋە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلدى. ئانام كېسەلچان تۇرۇپ يەنىلا ئۆز خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلمايتتى. ئانامنىڭ بۇنداق قىلىشى پۈتۈنلەي بىز ئۈچۈن ئىدى.

كىچىك چاغلىرىمدا ئانام مەيلى ئۆي ئىشلىرىنى قىلسۇن ياكى باشقا ئىشلارنى قىلسۇن، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەرگۈم كېلەتتى، بىراق كىچىكلىكىمدىن ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمايتتىم. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا تېزرەك چوڭ بولمايدىغانلىقىمغا ئىچىم پۇشاتتى. مانا ئەمدى چوڭ بولدۇم. ئانام ئۆزى يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ، بىزنى جاپا بىلەن چوڭ قىلدى. مەن ئانامنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھرىبانلىقىدىن گۈزەل ئەخلاقنى ئۆگەندىم. ئىشچانلىقنى ھەم تۇرمۇشتىكى پۇختىلىقىدىن قانداق ياشاشنى، خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەشتەك خىسلىتىدىن ئورۇنداشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۆگەندىم. مەن ھازىر ئانامنىڭ تەربىيىسىدە كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغان بولدۇم.

ئانام مېنىڭ قەلبىمدىكى پەرىشتەم، مەن ئۇنى بىر ئۆمۈر مۆرەمگە يۈدۈپ باقساممۇ، ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن ئاق سۈتىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاقلىيالمايمەن. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان.

مەسئۇل مۇھەررىر تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

ئابدۇللا ساۋۇت

# ئىككى غەزەل

1

جاھاننى مەھلىيا قىلغان بۈيۈك سەنئەت دىيارىم بار،
ئۇنىڭ گۈل ھۆسنىگە رىشداش مۇقام ئاتلىق نىگارىم بار.

ھاياتقا زوق بەخش ئەتكەن گۈزەللىك نەغمىسى ياڭراپ،
ئاھاڭلار ئەۋجىدە كۈلگەن غەزەلخان گۈلباھارىم بار.

«ئەجەم» سۆزلەيدۇ تارىختىن يېڭى قىسسە ـ ھېكايەتلەر
گويا ھەر قىسسىدە تەڭرى تېغىدەك ئېتىبارىم بار.

جاھاننى ئايلىنىپ چىقتىم ئېلىپ مەن «چەبىيات» ىمنى،
پەلەكتىن ئاشقىدەك شۆھرەت، غۇرۇرۇم، ئىپتىخارىم بار.

سېلىپ زىلزىلىگە تىترەتتى «ئۇشاق» ھەم «پەنجىگاھ» ئەرشنى،
«بايات» قا تەگمىسۇن كۆز دەپ ئېسىپ قويغان تۇمارىم بار.

گۈزەللەر قەلبىنى «راك» نىڭ سادا ـ مەرغۇلى رام قىلدى،
«جۇلا» سىغا ئەجەپمۇ باب ياسالغان لەيلىزارىم بار.

ئىجادكار نەسلىگە ئامەت ئېلىپ كەلدى «مۇشاۋرەك» مۇ،
«سەنەم» ئەھلى بىلەن بەزمە قۇرۇشقا ئىنتىزارىم بار.

«ناۋا» نى كۈيلىسەم بولدى گۈزەل شەرق بۇلبۇلى تەڭكەش،
تۈزۈپ «مەشرەپ» ئىچىشكە مەي مېنىڭ مەيلىم ـ خۇمارىم بار.

ماڭا ھەم «چارگاھ» ئۈلپەت، شۇڭا كۈلمەكتە «ئۆزھال» ىم،
«ئابۇچەشمە» گە بىر نۆۋەت بېرىشكە چىن قارارىم بار.

پىدائىي دەيدۇ: كۆز ئاچسا هاياتقا «ئىشرىتى ئەڭگىز»
ئاڭا جان بەرگۈچى جەزمەن قولۇمدا ساز ـ ساتارىم بار.

2

فارابى قەلبىدىن ئەلنىڭ ئۈمىد ـ ئارمانلىرى كەلدى،
ناۋايىنىڭ هۇزۇرىدىن «ناۋا» خەندانلىرى كەلدى.

رەشىدى قەسرىدىن ئەيلەپ بۈيۈك سەنئەت قۇشى پەرۋاز،
«ئەجەم» نى ياڭرىتىپ كۆكتە ساما ـ جەۋلانلىرى كەلدى.

ئەفىسە زۇلپىدىن تەمبۇر، ساتارغا تار سالغاندا،
كۈئىپلۇن باغرىدىن «راك» نىڭ «جۇلا»، «داستان» لىرى كەلدى.

زەرەپشان دولقۇنى بەرگەچ قىدىرخانغا لىرىك ئىلهام،
زامانلار ئۆتسىمۇ سولماس «سەنەم» بوستانلىرى كەلدى.

جاهان مۇلكىگە كۆنەمەستىن ساتار چالغاندا تۇرداخۇن،
مۇقامدىن سۆيگۈنىڭ چەكسىز دېڭىز ـ تۇكيانلىرى كەلدى.

ئەسىرلەر قىلدى خاك تاغنى، ياشاپ كەلدى مۇقام ئۆلمەي،
مۇقامغا بىقارار ـ ئاشىق دىلى گۈلخانلىرى كەلدى.

«جۇلا»، «تەكىت» كە چۆشكەندە چوقۇم كەلمەيدۇ تار سەھنە،
ئۇسسۇل رەئناسىغا هەمدەم قىزى ـ رەيهانلىرى كەلدى.

مۇقام گۈلزارىدا بۇلبۇل بولۇپ گۈل بەرگىگە قونغان،
تىلى شوخ، قەلبى ئوت ئۇستاز، يىگىت مەردانلىرى كەلدى.

مۇقاملار شاھ بولۇپ كەيدى مۇھەببەت گۆھىرىدىن تاج،
خۇشال ياڭراشقا «مەرغۇل» نىڭ يېڭى دەۋرانلىرى كەلدى.

مانا بەزمە، توقۇپ نەزمە پىدائىي كۈلدى شادلىقتىن،
بۇ يۇرتقا چۈنكى بىز كۈتكەن مۇقام چولپانلىرى كەلدى.

بۇ جىسمىم كۆيدى ـ چوغلاندى مۇھەببەتنىڭ لاۋاسىدا،
يۈرەرمەن خۇددى قوغلاندى بولۇپ هىجران دالاسىدا.

ئابدۇللا سۇلايمان

# كۆيلەيمز مسرا تزىپ، ئانا تۇپراق

## تۇپراق قەسىدىسى

جسمىمز، جېنىمز سەن ئانا تۇپراق،
كۆيلەيمز سېنى مسرا تزىپ ئويناق.

1

سىيلىق ۋە جىددىيلىكنىڭ سۇپاتىڭدۇر،
بۈيۈكلۈك بار كەچمىشىڭ كەڭلىكىدە.
سر ساقلاپ، سرلار يېشىپ تا ئەزەلدىن،
ياشناتتىڭ مەۋجۇداتنى تەڭلىكىڭدە.
سىڭدۈرۈش بولۇپ كەلدى ساڭا ئۇدۇم،
سىڭدۈردۈڭ نى خاقانلار دۇنياسىنى.
سىڭدۈردۈڭ تاۋىقىنى ئاجزنىڭ ھەم
سىڭدۈردۈڭ خازانلىقىنىڭ گىياھىنى.
بۇ سىلىق سىڭدۈرۈشتە ئاستا ـ ئاستا
زەر، ئۈنچە تاغلىرىنى قىلدىڭ ھەزىم.
ئۈستۈڭدە ئوچۇق، پىنھان قالغىنىنى
سىڭمىدۇ قوينۇمغا دەپ قىلدىڭ جەزىم.
تۇيغۇڭدا ئېنىق بولدى بۇ سىڭدۈرۈش،
تازا ۋە پاسكىنىنى ئايرىپ روشەن.
يوق قىلىپ مەينەتلىكنى كۆزىمزدىن،
گۈزەللىك ـ ئۇزلۇق بىلەن بولدۇڭ بىر تەن.
تىغ ئۇرۇپ ئەل ـ يۇرتۇمنى قاقشاتقاننى،
سىلىقلا ئايلاندۇردۇڭ ئۇستىخانغا.
ئاھ ئۇرۇش، ئۇھ تارتىشنى كۆمۈۋەتتىڭ،
جىم قىلىپ كەلگەننى زور ھاياجانغا.
يېگەندە ھايۋانلارنى شىر ـ يولۋاسلار،
تۇتقاندا توشقاننى قۇش ھۇجۇم باشلاپ؛
سادىسىز تىلدا قىلدىڭ مۇنداق نىدا،
چەكسىزلىك ئالىمگە نەزەر تاشلاپ:
سۆزۈك سۇ، يۇمران گىياھ بېرىپ باقتىم،
كۆرسۇن شۇ ئاجىزلار كۈن ئۇرتىنى دەپ.
تەڭ مېنى يېگىنىڭگە ئۇنى تۇتۇش،
بىر كۈنلەر كېلەر ئاخىر ساڭىمۇ، خەپ...
دېگەننى قىلدىڭ نۆۋەت ئېلىپ سەنمۇ،
بىر ـ بىرلەپ يۇتۇۋەتتىڭ يالمىغاننى.
قالدۇرۇپ نىشان كۆپلەر ئىزلىرىدىن،
ئۆچەردىڭ بۇندىن ساۋاق ئالمىغاننى.
نىشانەڭ بولدى ئۇرۇق ـ بىخ يارغۇچى،
قىلمىدىڭ سىڭدۈرگەنگە خىيانەت سەن.
ئۇرۇقلار بولدى روھىڭ، بولدى جېنىڭ،
ۋە بەردىڭ ئاڭا پاكلىق، دىيانەت سەن،
قىلدۇرۇپ ھاۋا ئۇززە روھىنى جەۋلان،
ئۇرۇقنى بوي تارتقۇزدۇڭ، چېچەكلەتتىڭ.
قەلبىڭگە تۇتاشتۇرغاچ يىلتىز، غولنى،
ئۆتتى شۇ يۇمرانلارغا يىللىق تەپتىڭ.
ياشناتقاچ ئۇرۇقلارنى سېنىڭ جېنىڭ،
جان بەردى شۇ ئۇرۇقلار بىزگە ئاندىن.
باغلاندۇق بىز ئۆزئارا ئۇرۇق بىلەن
بولغاندەك بۇ تەن پۈتۈن گۆش ۋە قاندىن.
بېرىش ۋە قايتۇرۇشنى ئايلاندۇرۇپ،
ساقلىدىڭ بۇ ھاياتنى گۆدەك پېتى.
تويغۇزدۇڭ تويماسلارنى مال ـ دۇنياغا،
بەردىڭ ئاش كەلسە ئاچلار سېپى ـ رېتى.
سىلىق ۋە جىددىيلىكنىڭ بەركىتىمدىن
مۇناسىپ نېسىۋىلەر ئالدۇق ھەممە.
سىڭدۈرۈش ئۇدۇمىڭدىن ئەي كەڭ تۇپراق،
پەرزەندىڭ ـــ ئىنسان قىلدۇق توي تەنتەنە.

2

كەڭ تۇپراق كۆيۈپ كەلدىڭ، سۆيۈپ كەلدىڭ
يارىتىپ كۆيۈش، سۆيۈش ئۆلگىسىنى.
قاندۇردۇڭ ئارمانلىقنى ئارمىنىغا،
قوزغاپ بار مەۋجۇداتنىڭ كۈلكىسىنى.

كۆرۈشلۈك ياشناتقۇچى روھ مىسالى
ھەممىدە ئويغاتتى تەڭ ئىنتىزارلىق.
كۆيۈشلۈك قىلدى پەيدا تاشلىقتا گۈل،
دەشتى - ساي ئارا چەكسىز ئىپكىنزارلىق،
سۆيۈشلۈك «ئادەم ئاتا» پىراقىنى
سالدى كەڭ «ھاۋا ئانا» يۈرىكىگە.
سۆيۈشلۈك لەكمىڭ جۈپنى - قوشماقلارنى
باشلىدى ۋاپا، مەردلىك يۈرىكىگە.
شۇ چىراغ، ئاشۇ كۆرەك ھەممىمىزنى
باغلىدى مېھىر - شەپقەت رىشتىسىدە.
ھارارەت بەردۇق ئېلىپ ھارارەتنى،
يايراپ بۇ خۇش خۇي ھايات رەستىسىدە.
كەتكەنلەر كەتسە سېنى سۆيۈپ قېنىپ،
تۇغۇلدۇق كۆيگىلى ھەم چىن سۆيگىلى.
ئۇزاردى بۇ ئەقىدە، بۇ ئىخلاستىن،
ھاياتنىڭ مۇساپىسى ھەم ئۆتكىلى.
تىرىشتۇق پاك بولۇشقا پاكلىقىڭدەك،
تۇتۇشقا قەلبىمىزنى سەن كەبى كەڭ؛
تىكلەشكە يۈكسەكلىكتىن قەد - ساباتنى،
چامدىدۇق قولىمىزنى تۇتۇشۇپ تەڭ.
سەن سۆيدۈڭ بىزنى، بىز ھەم سۆيۈپ سېنى
ئاقلايمىز چىن ئىنسانلىق ئەھدىمىزنى.
ئەي تۇپراق لەۋلەر يېقىپ باغاشلىشىپ،
قۇتلايلى نۇرلۇق يېڭى ئەتىمىزنى.

جىسمىمىز، جېنىمىز سەن ئانا تۇپراق،
كۆيلەيمىز سېنى، مىسرا تىزىپ ئويناق.

## مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق

كېلىپ، كېتەر ھايات بۇ،
ئۆمۈر گويا ئاتقان ئوق،
قايناق بازار بۇ دۇنيا،
سىر، ھېكمەتكە باي، ئۇلۇغ.
بۇندا سەۋدا سېتىلار،
ئالغۇچى كۆپ تېپىلار،
خېرىدارلار ئىچىدە
مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق.

باھا - نەرخ تالاشماس،
قىلماس زورلۇق، تەنە - دوق.
بولغاچ ئۆزى تەمەسىز
بار ۋۇجۇدى تۇرار توق.
تاۋى نازۇك قىل كەبى،
كۆچتۆرگۈدۇر پىل كەبى،
مۇجەسسەمى پاكلىقنىڭ
ئۇنىڭ يالغان سۆزى يوق.

قاراڭغۇ دىل تۆرىگە
چىراغ ياقار ئۇ نۇرلۇق.
ۋاپا، مەردلىك يېرىگە
چۈشەر بولۇپ دان - ئۇرۇق.
ئۇز، كۈرۈمسىز چىرايغا،
بېقىپ ئوخشاش كۈن، ئايغا،
تەگشەر ئۆمۈر تەمنى،
گەر بولمىسا «تۇزى» يوق.

ئىرىق، مىللەت ئايرىماس
چېگرا سېزىپ ئۇ قورۇق.
ئالماس قايسى خاقاندىن
بىر قەۋمگە يولىيورۇق.
تۇرسا قەسىر، كەپىدە،
يۈرسە ياياق، مەپىدە،
شاھ، گادايىنى تەڭ كۆرەر
ئۇنىڭ ئىككى يۈزى يوق.
رىغبەت، ئارزۇ ھەر جاندا
ئۇ بىلەن زور ھەم تولۇق.
چۈشمەس ئالەم مەڭزىگە
شۇڭا سىزىق ۋە قورۇق.
يېشىپ تۈگۈچ - قاتلارنى،

دوستلاشتۇرۇپ ياتلارنى،
ئەيرەڭ، ھەسەت تەختىدىن
يىراق قاچار، ئۆزى يوق.

خىزىر ئۇنىڭ ئاتىسى،
يىلىلىق قوينى كەڭ، يورۇق.

پەرىشتىدۇر ئانىسى،
بوي ـ قامىتى گۈلسۈرۈق.
پەشۋا بېرىپ سوغ ـ جۇتقا،
ئەلنى پۈركەپ شان ـ قۇتقا.
قىلىپ سەپەر، كەزمىگەن
ئۇنىڭ دالا ـ تۈزى يوق.

ئادىلجان تۇنىيار

# قىش جىلۋىسى، زۇمرەت يۇلتۇزلار

## قىش جىلۋىسى

كەڭ دالىنى پۈركەپتۇ ئانا قۇشتەك ئاپئاق پەي،
چۆپلەر ئاجىز ئۇن بىلەن مۇڭلىنىدۇ چېلىپ نەي.
مەندىن جىمغۇر تەبىئەت سۆيلەر سوغۇق ئۇيقۇنى،
ئۇنىسىز قېتىپ تۇرىمەن يۈرىكىمۇ تاشتەك، ھەي...

ئۇزاق دەريا قىرغىقى سۇس ۋە گۈزەل چاقنايدۇ،
مۇز دولقۇنى ئۆلگەن قۇش پەيلىرىنى قاقمايدۇ.
شامال سوقۇپ ئۆتسىمۇ ئازابلارنى تاتىلاپ،
قاتمۇ ـ قات تۈك بار دىلدا! روھ جۇش ئۇرۇپ ئاقمايدۇ.

ئەگىز سۆيى ئورنىدا قۇيۇلغاندا مۇڭلۇق ساز،
ئىنتىلىشنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كەتكەن قوشماق غاز.
مۆگدەيدىكەن نەلەردە تۇمان باسقان ئورمانلار،
چۈشلىرىنى بۆككىدە چۈمكىگەندۇ يېشىل ياز.

رەڭسىز سۆزۈك بۇشلۇقتا قىش جىلۋىسى كەزمەكتە،
ماڭا ھەم بار دۇنياغا رومانتىك تۇس بەرمەكتە.
يېلىك ئورمان، قاقشال شاخ ئارىسىدىن كۈن پەقەت
يازنى ئاستا يېتىلەپ تىترەپ ـ تىترەپ كەلمەكتە.

## دەريا

بار قەيەردە تېپتىنچ دەريا،
بۈگۈنگىچە بىلمەيدۇ جاھان.
ئاشكارىلاپ تۇرسا ئاخشىسى،
قىلالامدۇ سىرىنى پىنھان؟

كىم ئۇنىڭغا بەرگەن يول ياساپ؟
چۇقانلاردىن كەلدى بار قىلىپ،
تۇتاشتۇرۇپ ئىككى قىرغاقنى،
ئۇيۇقلاردا ئاقار چايقىلىپ.

سەكرىشىدۇ دولقۇنلار ھامان
ئۇيۇقتىن كۈن كەلگەندە مىڭىپ.
ھىجران بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ئەمما،
كۆپۈكلەرگە كېتىدۇ سىڭىپ.

چېكى نەدە، كەلگەن قەيەردىن،
ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ئەسلا.
ئارىسىدا ئىككى قىرغاقنىڭ
ئېقىپ تۇرار پەقەت بىر دەريا.

## زۇمرەت سەھەر، زۇمرەت يولتۇزلار

زۇمرەت سەھەر، زۇمرەت يولتۇزلار
يوقالماقتا، ئۆچمەكتە بىر-بىر.
قوغلاشقاندەك چېچى قوندۇزلار
باغدا چېچەك تۆكۈلەر پىر-پىر.

سۆيمەك بولۇپ باھارنى ئاستا
گۈل شېخىنى قايرىيدۇ شامال.
چۆشلىرىدە سېغىنار ناخشا،
قىز-يىگىتتىن بولغىنىچە لال.

دېرىزەمنى ئاچماقتا سۆيمى،
ئېچىلماقتا قەلبىمدىن رۆجەك.
زىلۋا بويۇك ئۈچىدۇ خۇددى
كۆل بويىدا يۈرگەن ئاق قۇددۇك.

زۇمرەت سەھەر، ئاھ زۇمرەت يولتۇز،
كەتتى مەندىن يىراقلاپ بىر-بىر.
ئولتۇرىمەن مىسكىن ھەم يالغۇز،
چۈشەر چېچەك بېشىمغا پىر-پىر.

## خەير، قوشماق غاز

جىمجىت ياتقان جىمجىت ئېقىنغا
يۈرىكىنى تاشلاپ قويغان كىم؟
ئۈنلىمەيسەن دولقۇنلار ئەجەب،
ئەتراپ يەنە بولۇپ قالدى جىم.

پەيلىرىنى سىلكىپ تىترىتىپ،
ئۈزۈپ بارار ئىككى غاز ئەنە.
كۈيلەنمەكتە سۆيگۈ قوشىقى،
كۈيلەنمەكتە قوش يۈرەك يەنە.

مەن قىرغاقتا كۈتمەن جىمجىت،
كېتىۋەرگىن، خەير، قوشماق غاز.
كىمنى كۈتتۈم بىلمەيمەن ئەمما،
قىش كەينىدىن كېلەر چوقۇم ياز.

تەلئەت قادىر

# زەرەپشاندا دولقۇنلىغان خىياللار

پوسكام ئېغىتلىكىنى كۆرۈپ...

### زىيەمن قەسىدىسى

گويا يۈرۈپ قالغىنىدەك ئاسماندا
ئىنسانلارغا ناتونۇش بىر سەييارە.
زەرەپشانىنىڭ ۋادىسىدا بىر شەھەر
قىلدى يىراق بىر مەنزىلنى ئىشارە.

قەيسەر ئانا - قاغجىرىغان شۇ تۇپراق
قىپتۇ گۈزەل بىر دۇنيانى تەۋەللۇت.
قىلغىنىمدا ئېغىتلىكنى زىيارەت،
تومۇرۇمدا ئۇقچىدى قان جۇش ئۇرۇپ.

ئۇلغايماقتا كۆز ئالدىمدا تاشقىنلاپ
يۇلتۇزلارغا چۆمگەن رەڭدار بىر ئاسمان.
خىيال قىلدىم لېكىن زېمىن توغرىلىق
ئېمىشقىدۇر شۇ دەقىقە - شۇ ئاخشام.

كۆز ئالدىمغا كەلدى شۇدەم پەرزەنتكە
سېخى ئانا - مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان.
بېغىشلىغان بارلىقىنى بالىغا
كىيىمىسىمۇ، ئىچمىسىمۇ ھەر قاچان.

بىر كۆيۈمچان ئانا زېمىن سەن شۇنداق،
بىر تىرىشچان دادا زېمىن سەن پەقەت.
ئاھ، زېمىننىڭ ئېسىلىنى ئەجدادلار
بىلىپتىكەن، تاللاپتىكەن شۇ سەۋەب.

باشلىماقتا خەزىنەڭگە ھۇجۇملار
ئىنسانلارنىڭ پاراستى - تەدبىرى.
ئويلاپ قالدىم بايلىقىڭسىز - سېنىڭسىز
نېمە بولار ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى.

ئۇيۇق بويلاپ سىڭىپ كەتتى بىر ناخشا،
ئۇ كۈيلەرنىڭ، ناخشىلارنىڭ ئانىسى.
ھاياتلىقتا زېمىن ئانا ۋە دادا،
بىز ئىنسانلار پەقەت ئۇنىڭ بالىسى.

## زەرەپشان

يۇقلاپ كەلسەم ئانا دەريا يىراقتىن
ئالدى مېنى قۇچىقىغا كۈيلىرىدىڭ.
شادلىقىڭدىن چانقىڭغا - قىرغاقتا
مەرۋايىتتەك تامچىلىدى كۆز يېشىڭ.

قەدىم دەريا سېنىڭ بىلەن تونۇش مەن،
چۆشلىرىمگە كىرگەنىدى شاۋقۇنىڭ.
ئۆركەشلىگەن ئەللىيىدەك - ئانامنىڭ
مېنىڭ يۈرەك تومۇرۇمدا دولقۇنىڭ.

كېلەر ئەنە شاۋقۇنىڭدىن ھە بۈگۈن
ئەسىرلەرنىڭ تىنىقلىرى ئۇرۇلۇپ.
مەن بىلىمەن رىتىمىغا ناخشاڭنىڭ
كەتكەن ھايات قىسمەتلىرى قوشۇلۇپ.

دولقۇنىڭدىن نەرە تارتقان شامماللار
قىلدى قەدىم بارخانلارنى قونالغۇ.
چارچىغاندا سېنىڭ ياڭراق كۈيلىرىڭ
يولغۇنلارنى قىلدى ئۆتەڭ - تۇرالغۇ.

دولقۇنلىرىڭ سالار بەزەن ئېسىمگە
ناخشىسىنى بىر ئىسيانكار شائىرنىڭ.
ھەقىقەتنى سۆيگەن بەلكى كۈيلىگەن،
يوشۇرمىغان ئەيىبىنى تارىخنىڭ.

ئۇيۇقلارغا چېقىن تاشلاپ ناخشاڭدىن
بوران ئوخشاش ئىلگىرلەيسەن، زەرەپشان.
ئۆركىشىڭدە پەسەيمىگەن ئەسىرلەپ
خەلقىمىزنىڭ قەيسەر روھى نامايان.

## ئۇنتۇلمىسۇن شۇ ناتونۇش ناخشىلار

ناتونۇش قىز ناتونۇش شۇ كوچىدا
ئۆتكىنىڭدە ماڭا بىردىن يېقىنلاپ،
ھەر ئىككىمىز يۈرىكىدە تاسادىپ
ناتونۇش بىر تۇيغۇ كەتتى چېقىنداپ.

سەن گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ، بىلمىدىم،
شۇلىسىمۇ ھاياتلىقتا چېچەكلىگەن.
يا تەبىئەت دۇنياسىغا سىن بەرگەن
دالادىكى ياۋا گۈلمۇ ئېچىلغان.

سەن بىر پارچە رەسىم گويا تالانتلىق
بىر رەسسامدىن پۈتۈپ چىققان - سىزىلغان.
سەن بىر پارچە شېئىر سۆيگۈ ۋە تالانت
قانلىرىدا ئارمان بىلەن يېزىلغان.

دېمەك سەن بىر رەڭدار ئەسەر مۇكەممەل،
تالانتلارنى قىلغان جاكا - نامايان.
بىراق، شائىر، رەسسام ئەمەس ئاپتورىڭ،
بىر تالانتلىق داداڭ بەلكى ۋە ئاناڭ.

سەن شۇلارنىڭ قىزى ــ گۈزەل ئەسىرى،
ساڭا شۇنچە قىزىقىدۇ كىتابخان.
لېكىن، ماڭا بولۇپ قالدىڭ بىر شېئىر
ياش كۆڭلۈمنىڭ قۇرلىرىغا يېزىلغان.

بىر بېقىشىڭ، جىلمىيىشىڭ باھاردەك
ۋۇجۇدۇمنى ئۆتتى سۆيۈپ ـ يىلىلتىپ،
كۆزلۈگۈڭدىكى تەبەسسۇم ۋە جىلۋىلەر
قارىچۇقىمغا كەتتى نۇردەك سىڭىشىپ.

يۈرىكىڭدە ناتونۇش بىر ناخشا بار،
بىلەلمەيسەن ئۇنى ساڭا كىم بەرگەن.
يۈرىكىمدە ناتونۇش بىر ناخشا بار،
بىلەلمەيمەن ئۇنى ماڭا كىم بەرگەن.

تونۇشىمدۇق، قارىشىپلا ئۆتۈشتۇق،
يۈرەكلەرگە ئېزىقان كۆي يادىكار.
بىراق، سۆيگۈ ئۇيۇقىدا قۇياشسىز
ئۇنتۇلمسۇن شۇ ناتونۇش ناخشىلار.

مۇھەممەتجان ئەمەت

# ئىككى شېئىر

## ئۇنداق ئەمەس ساڭا ئاتاپ يازغان شېئىرلار

ئۇنداق ئەمەس ساڭا ئاتاپ يازغان شېئىرلار،
دېگىنىم يوق، ئازابلاندىم، ئەمدى پەندىيات.
كۆلسەم ئەسلەپ بىر چاغدىكى تەبەسسۇمىڭنى،
بالقىپ كېتەر ۋۇجۇدۇمدا تاتلىق كەيپىيات.

ئېگىلمەن سۇرىتىڭگە يېنىشلاپ بېقىپ،
ئېگىلگەندەك ئاي زېمىنغا قىيالماي قاراپ.
مەيلى ئەخمەق قىلغىن مېنى ئەلنىڭ ئالدىدا،
مەيلى يانسۇن كۆزلۈك ئىچرە رەشك ۋە ئازاپ.

ئۇنداق ئەمەس ساڭا ئاتاپ يازغان شېئىرلار،
كەتكىنى يوق كۆز ئالدىمدىن نۇرانە سىما.
ئۇنتۇلغاندۇر بەلكى خەق ۋە ۋاپاسىز ئالەم،
ئىشەن ماڭا، ئۇنتۇلمىدىم سېنى پەقەتلا.

خەققە ئاتقان ئالتۇن تاڭلا ئاتار ماڭىمۇ،
تەنھا تىترەر شولام قۇياش نۇرىدىن ئەمما.
قۇياش چارچاپ يانتايغاندا چارچايمەن مەنمۇ،
ھەمراھى بار ھەممىسىنىڭ، يالغۇزى مەنلا.

ھېچكىم دېمەس: سىزنى ساقلاپ تۇرغىلى نېكەم،
يوقتۇر بۇندا شۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باققىنىم.

كېتەر بارى ئۆز يولىغا يۈرسەممۇ ئەگىپ،
قالار مېنىڭ ئاۋارە بوپ ئۆپكە قاقىنىم.

قولتۇقلىشىپ كېتەر بارى تەرەپ ـ تەرەپكە،
غايىپ بولار مۆجىزىدەك، ئالۋۇندەك دەرھال.
يۆلەنسەممۇ ئەنبەر، زەيتۇن گۈلىنىڭ شېخىغا،
يوقتۇر ھىدىم، غول ـ شاخلىرىم كۆسەيدەك قاقشال.

كۆرمەس ھېچكىم ئۇچراشساممۇ يولىدا تەكرار،
سەنسىز ھېچكىم باقماس ماڭا قىلماس ھەم سالام.
بولسىكەن دەپ ئاشۇ چاغدا قاقشايمەن، بۇ راست،
لېكىن بۇلار پۇشايماندىن يىراقتۇر تامام.

ئۇنداق ئەمەس ساڭا ئاتاپ يازغان شېئىرلار،
ئەگەشكىنى ئاللىكىمنىڭ يالغاندۇر يالغان.
ئىشەنمىگىن، ئۆسەكلەرگە ئېسىڭدە بولسام،
مەن سېنى دەپ ئۆلۈملەرگە تېگىشمەي قالغان.

ئۇنداق ئەمەس ساڭا ئاتاپ يازغان شېئىرلار.
ئۇنتۇدى دەپ شەنىڭگە مەن تۆكمىدىم لەنەت.
ھەممىسىدە بار سېغىنىش دەريا ـ دەريا ياش،
بىرلا سېنى ئۈمىد بىلەن كۈتتۈممەن پەقەت.

مەيلى يىغلاي، كۈلەي ساڭا ئۆزۈمنىڭ ئىشى
تىكىلگىنى بىكار خەقنىڭ ئىزدەپ پۇشايمان.
كۈلسەم ئەسلەپ بىر چاغدىكى تەبەسسۇمىڭنى،
سېغىنغىنىڭ لەۋلىرىڭدە بولار نامايان.

## توزار ياشلىق توزۇغاندەك گۈل بەرگى

توزار ياشلىق توزۇغاندەك گۈل بەرگى،
جىلۋە ئۆچەر، قۇياش كېتەر كۆزۈڭدىن.
توزار ياشلىق توزۇغاندەك گۈل بەرگى،
شىرنە كېتەر، يالقۇن ئۆچەر سۆزۈڭدىن.

هاردۇق يېتەر، ئۇنتار سېنى بارچىسى.
بولغۇڭ كەلمەس ھېچ نەرسىگە ھېرىسمەن.
دەيسەن شۇندا ئۆز ئۆزۈڭگە پىچىرلاپ:
قالغاندىمەن بەش يۈزلەرگە كىرىپمەن…

ھەيرەت غۇپۇرى

## باھارنىڭ باغرىدا ھەربىر ئەنسالار

تەبىئەت دوزاخمۇ، جەننەتمۇ دەيسەن؟
ئاڭلىغىن، ئوماق قىز، دەپ بېرەي ساڭا.
ئۇندىگەك ئانىنى بەلكىم بىلمەيسەن،
ھايات ۋە بەختىمىز باغلانغان ئاڭا.

جىمىكى ئادەمنىڭ يۇرتى تەبىئەت،
تاغلارنىڭ، قۇملارنىڭ ھەمدە دېڭىزنىڭ.
مېھرىبان ئانا ئۇ، بۇ بىر ھەقىقەت،
ئەبەدىي ئىسمى ئۇ سايىنىڭ، ئېگىزنىڭ.

ھەممىسى تەبىئەت مۈلكىدۇر بۇندا،
ھەممىسى ئۇنىڭكى، ئۇنىڭ مۈلكى كۆپ،
ھەققى بار كۆل، ئوتتا ھەمدە ئالتۇندا،
زەڭگەر تاش ئۇنىڭكى ھەمدە زەڭگەر چۆپ.

مەن شۇڭا ئانا دەپ ئاتىدىم ئۇنى،
دالىلار، كەڭلىكلەر پۈتمەس شاپائەت.
ئوچۇملاپ ئىچسەمەن كاچكۇلدا سۇنى،
جەنۇبتا قىش سۇيى كاچكۇلدا پەقەت...

ئايازنىڭ، باھارنىڭ، ياز ھەمدە كۆزنىڭ
ئانىسى تەبىئەت، ئۇ بىزگە ئەجداد.
پەرزەنتى تۆت جاندۇر. ھەممە ئۆيلەرنىڭ،
دېمەككى تەبىئەت تۆت پەسىل ئەۋلاد.

باھارنىڭ قەدىمى يەتكەندە ئاستا،
چىقىدۇ زېمىنغا كۈچتۈگۈر قانات.
كائىنات ئويغىنىپ باشلايدۇ ناخشا،
جايىمىز بېھىشكە ئايلىنار ھەيھات.

كۈيلىدىم زوقلىنىپ قۇلاق سال، دىلبەر،
يالقۇنلۇق سۆيگۈدۇر بىز سۆيگەن باھار.
يايراپ ھەم سايراپ ھەم شادىمان ئۆتەر،
باھارنىڭ باغرىدا ھەر بىر ئەنسالار.

مەتەمىن بارى

# خۇشاللىقىڭ خۇشاللىقىم مېنىڭكى

## يۇرتۇم

گۈزەللىكنىڭ بۆشۈكى سەن، ئانا يۇرتۇم،
مۇشكى-ئەنبەر تۆكۈلىدۇ شامىلىڭدىن.
ساڭا ئاتاپ بار ئاۋازدا ناخشا ئېيتتىم،
كەتتى ئۈنۈم ھالقىپ ئېگىز ئاسمىنىڭدىن.

سۈردۈم سەندە باللىقىنىڭ ھۇزۇرىنى،
شوخ كىيىكتەك ئەركىن يايراپ نەپەس ئالدىم.
پېشانەمدىن تەپچىرىدى مەرۋايىتلار،
تۇپرىقىڭغا باھار گۈللۈك گىلەم سالدىم.

تۇغدى مېنى ئەزىز ئانام قۇچىقىڭدا،
توپىلارغا مىلەندىم مەن راھەتلىنىپ.
ساغلام، روھلۇق ئوغۇل بولۇپ يېتىلدىم مەن،
قەھرىمانلار خىسلىتىدىن ئىلھام ئېلىپ.

قانلىرىمغا سىڭگەن ئانام ئەقىدىسى،
ئىرادىسى كېپىل مېنىڭ ئىرادەمگە.
تىز چۆكمەيمەن دۈچ كەلسىمۇ خەۋپ-خەتەر،
قەھرىمانلىق ئېلىپ بارار نىشانەمگە.

قۇتلۇقلايمەن قازانغان مول غەلىبەڭنى،
خۇشاللىقىڭ خۇشاللىقىم مېنىڭ، ئانا.
قەھرىم ۋولقان، كۆزلىرىم ئوت، تېنىم بومبا،
كۆز ئالايتسا دۈشمەنلىرىڭ ئەگەر ساڭا.

## «پرىنسىپ»

قۇرۇق قول ئىزدەپ بارسام نەچچە قېتىم،
«ۋاقتىم يوق» دېگەنىدى قوبۇل قىلماي.
بارغانتىم لايىقىدا سالام بىلەن،
ئالدىمغا چىقتى مېنىڭ يىللىق چىراي.

مەن ئۇنىڭ خۇي-پەيلىنى بىلىۋالدىم،
بىر كىچىك مەسىلىنى ھەل قىلىشتا.
ھەل بولدى ئايالىمنىڭ نوپۇسىمۇ،
سالغانتىم ئايىماستىن پۇلنى ئىشقا.

بولسىمۇ كۆرۈنۈشتە ئېھتىياتچان،
پەم بىلەن باپلايدىكەن ھەممە ئىشنى.
كېلىنى ياغلىغانتىم ئاشپۇزۇلدا،
ئالمىدى ئېغىزغا ئۇ پرىنسىپنى.

يىغىندا جار سالغىنى «پرىنسىپ» دەپ
كۆز بوياپ كىشىلەرنى ئالدىغىنى.
تۆرەمنىڭ سىرىنىمۇ بىلىۋالدىم،
ئاشكارا بولدى ئەمدى راست-يالغىنى.

## تاش ھەيكەل

زۇمرەت دېڭىز شامىلىدا يانپاشلاپ،
خۇددى تاغدەك يوغان يولۋاس يېتىپتۇ.
ئىككى كۆزى يىراقلارغا تىكىلگەن،
تاشچى ئۇنى ئويۇلتاشتىن چېپىپتۇ.

نىرناقلىرى قامالىغان تاشلارنى،
يىقىلغاندۇر ئانا يەرگە گەۋدىسى.
كۆزلىرىدە قەھرۇ-غەزەپ چاقنايدۇ،
تىرنىقىدا كەچمىش يىللار بەلگىسى.

تۆت تەرىپى ئېلىنغاندۇر قورشاۋغا،
زەنجىر بىلەن بىتونلار چىلىڭ چېتىلىپ.
ئۇزۇنكەن ئۆمرى ئۇنىڭ تاغلاردىن،
(تۇرغان گويا بۇلۇتلارغا ئېتىلىپ).

ئۇنىڭ مەغرۇر قامىتىنى تەڭداشسىز
پىداكارلار قامىتىگە ئوخشاتتىم.
كۆز ئالدىمدا بولدى تارىخ نامايان،
ئەجدادلارنىڭ ھۆرمىتىگە كۆي قاتتىم.

## ھۆرمەت

ماڭلىيىڭدىن تۆكۈپ ئۇنچە-تەر،
چىراغ ياقتىڭ قاراڭغۇ دىلغا.
ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ،
تىلسىزلارنى كىرگۈزدۈڭ تىلغا.

پەرۋىش قىلدىڭ يۇمران كۆچەتنى
قويماي ھەرگىز زىيان-زەخمەتكە.
بىلىم بەردىڭ ئالغا يېتەكلەپ،
سەن مۇناسىپ شۇڭا ھۆرمەتكە.

كۆلكە يېيىپ نۇرار سېمىرىكىدىن،
قاپاق تۇرۇپ باقمىدىڭ زادى.
ئالىجاناب پەزىلىتىڭدىن
بولدى دائىم كىشىلەر رازى.

ساڭا مەڭگۈ مەغرۇرلىنىش يات،
يىراقلارغا تىكتىڭ كۆزۈڭنى.
ئۇرۇنمىدىڭ يۆتكىسەڭمۇ تاغ
كۆرسىتىشكە پەقەت ئۆزۈڭنى.

نۇر بوپ سىڭدىڭ، شولا بوپ سىڭدىڭ
ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر.
قەيەرلەرگە بارمىغىن مەيلى،
چېچىپ كەلدىڭ شۇ يەرلەرگە نۇر.

ئۇرۇن قالماس قاراڭغۇلۇققا،
سەندەك بولسا ئادەملەر تامام.
بار ھۆرمىتىم ساڭا تالىقتۇر،
يىراقلاردىن بېرىمەن سالام.

## ئەركىلىسە

ئەركىلىسە شۇ گۆدەك ئۇغلۇق،
باش ئۇستۇڭگە ئېلىپ كۆتۈردۇڭ.
قويۇۋېتىپ ئۇنى رايىغا،
گەپ ئاڭلىماس قىلىپ ئۆستۈردۈڭ.

تۇتۇۋالدى تومۇرىڭنى ئۇ،
مىنىۋالدى مانا بويىنۇڭغا.
چىقسىمۇ گەر قوينۇڭدىن سېنىڭ،
پاتماي قالدى ئەمدى قوينۇڭغا.

بارماق چىشلەپ قالدىڭ ئاخىرى،
ئۈمىدلىرىڭ نەلەردە قالدى.
مانا ئەمدى بالاغا قالدىڭ،
سۆيۈنۈشنى ئۆكۈنۈش ئالدى.

## قارىغاي

قەھرىتان قىشنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنىمۇ
قارىغاينىڭ قامىتىنى ئېگەلمەيدۇ.
يىلتىزى زېمىن بىلەن گىرەلەشكەن،
گەۋدىسى بورانلارنى يۈگەنلەيدۇ.

تىك تاغلار چوققىسىدىن ئورۇن ئالغان،
تاقاشقان بۇلۇتلارغا ئۇنىڭ بېشى.
تەڭرىتاغ تارىخىدەك ئۇزۇن شۇنچە
باراقسان قارىغايلارنىڭ ئۆمرى، يېشى.

چېگرىدا پوستا تۇرغان جەڭچىلەرمۇ
ئوخشايدۇ خۇددى قەيسەر قارىغايغا.
كۆز تىكىپ كېچە - كۈندۈز تۇرۇپ ھوشيار،
سىنالغان ئۇمۇ شۇنداق شىۋىرغاندا.

كۆرەشچان ھۆسەيىن

2

## جانان، بىر قېتىم

چاچلىرىڭنى يايغىن بىر قېتىم،
ھەسەت قىلىپ ئاقارسۇن كېچە.
يوقالمىسۇن ئاشۇ ئاقىرىش،
يالتىرىسۇن ئاپئاق پېتىچە.

يۈزۈڭنى تۇت كۆككە بىر قېتىم،
چىرايىڭدىن چىراي ئالسۇن ئاي.
يەردە قويما ئۇنىڭ كۆڭلىنى،
كۆڭۈل دېگەن ئارزۇلارغا باي.

داللارنى كەزگىن بىر قېتىم،
قېپىۋالسۇن چىمەنلەر كامال.
قويۇپ تەرسا بەگباشلىقنى،
ئۆرنەك ئالسۇن خۇيۇڭدىن شامال.

كۆيلىرىڭنى ياڭرات بىر قېتىم،
يۈرەكلەرگە بەرسۇن ئۇ ئارام.
بۇلاقلارغا قاراپ قوي ئاستا،
نۇرلار ئاقسۇن ئارام ۋە تارام.

قوشۇماڭنى تۈرگىن بىر قېتىم،
رەزىللەرنىڭ كېسىلسۇن يولى.
قاناتلانسۇن قاناتقا زارلار،
پۇختا بولسۇن دوستلۇقنىڭ ھولى.

قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلگىن بىر قېتىم،
گۈل-چېچەكلەر كۈلسۇن بىر قېتىم.

يانسۇن جېمى يانماقچى ئوتلار،
تۇرسۇن مەڭگۈ ئەبەدىي يېنىپ.

ئەسقەر يالسىن

# دۈپۈلدەيدۇ يۈرىكىم، ئانا

## ئانا سېغىنىشى

قۇياش ئاستىدا بولدى كۆپ گۇناھ!
بارچە بۇلۇت نەم تىلى بىلەن
كۆلچەكلەرنى قىلدى ئوكيان.
يەنە شۇنداق كۆز يېشىڭ ئارا،
ئۆتكەنسەنمۇ بۈگۈن ئانىجان؟

ئوكيانلاردا ئېغىر قەدىمىم،
ئىز قالدۇردى يارقىن ۋە كۆركەم.
دۈپۈلدەيدۇ يۈرىكىڭ، ئانا،
كۆرۈنگەندە چوڭ، غالىب قەدەم...

قالدۇرمىدىم ساڭا بىر شادلىق،
قالدۇرمىدىم ساڭا بىر ئازاب.
سوئالىڭغا تۇغۇلۇپ تېخى،
بېرەلمىدىم تۈزۈك بىر جاۋاب...

ئانا، ئوغلۇڭ سېغىندى سېنى،
ئادا بولدى نۇردىن سوراقلاپ.
لاي-پاتقاقلىق چۈشىدە هامان،
ئەسلىمىنىڭ كۆلچىكىدە هەم،
تۇرار ئوغلۇڭ سېنى قۇچاقلاپ...

## دەردىم بارمىدۇ ساڭا ئېيتقۇدەك

سونىتلار

1

شۇ كىچىك قولۇڭنى تۇتتۇم تەشۋىشتە،
ئىشىك هەم يېپىلغان، ئۆزۈن بىر سايە.
شۇ كىچىك سايەڭنى تۇرار قۇچاقلاپ.
كۆزۈڭدىن جىق سوئال ياندى جىمىدە،
سۇباتىم يەتمىدى بېرىشكە جاۋاب.
كۈڭگا نۇر ئىچىدە تەۋرەنگەن مېهراب
چۆچۈتتى ئېهتىمال سېنى زىيادە.
ساقايماس كۆڭلۈمنىڭ يارىسى ئەسلا،
قاچانكى سەن مېنى سۆيسەڭلا، جانان،
ئارىمىز تېخىمۇ كېتەر يىراقلاپ.
تەۋرىنەر سايىمىز ئۈنسىز سوغۇقتا،
كۆڭلۈمدە يەنىلا بىر تەشۋىش، گۇمان،
لەيلەيدۇ...
گويا ئۇ يوقالماس ئازاب،
گويا ئۇ روهىمدا لەيلىگەن تۇمان.

2

تىنمايدۇ، پەرىشتەم، شوخ ناخشاڭ هامان!
سارغايغان چىرايىڭ بولسا نامايان،
يۈرىكىم ئېچىشىپ بولار مىڭ پارە.
كۆز يېشىم-نالەمگە بولمىغىن هەيران،
سايەڭنى كۈمۈشكە قىلدىم ئىپادە.
يەلكەمگە باش قويدۇڭ سىلىق-سىپايە،
دېدىڭ هەم:
بارلىقىم ساڭا ئاتالغان...
دەهشەتلىك هۆدۈقۈپ قارىدىڭ ماڭا،
گۈللەرنىڭ بەرگىنى ئۇچۇرسا شامال،
گوياكى سۆيگۈمىز بولغاندەك سەرسان.
مۇزلىغان تەبىئەت چىقارماس سادا،
ناخشاڭنى ئاڭلىدى، ئۇمۇ ئېهتىمال.

قاچانكى سەن كەلسەڭ يېنىمغا، جانان،
باغرىمغا باش قويغىن، سۆيگىن بىمالال!

3

مەجنۇنتال يەلپۈنۈپ تۇرغاندا ھەددەپ،
ئەمدى بىز بۇ يەردە تۇرالمايمىز دەپ،
پېچىرلاپ شامالغا ياش تۆكتۇق ئۇزاق.
نە قىلاي ئۆتۈشنى ئۆزگىگە سۆزلەپ؟
نە قىلاي ھازىردىن بۇنچە ۋايىم يەپ؟
بىلەمسەن، بۇ قەلبىم ئاي نۇردەك ئاق!
قەلبىمدىن ئۆرلىسە يىللىق ھېسسىيات،
باھارنىڭ قۇشلىرى قالدۇ تىنىجىپ.
دولقۇنلار ئەۋجىدە تۇرسىمەن لەيلەپ،
ئۇ بارچە نەرسىنى كۆرسەتمەكتە يات.
سەن ئەزىز مېھمانسەن،
كەڭ قۇچاق ئېچىپ،
داۋانلار ئېرىسىدا كۈتمەكتە ھايات،
مەجنۇنتال يەلپۈنسە نەۋباھار كېلىپ،
ئېھتىمال كۈلەرمىز قۇچاقلىشىپ شات!

### ئاشۇ بىر سەھەر...

1

چۈشلىرىمنى كەتتىڭ ئوغرىلاپ،
كەلمىدىڭسەن قىلىپ تەبەسسۇم.
قالدى ئارمان چىغىر يوللاردا،
ئاخىرلىشىپ ياپيېشىل مەۋسۇم.

مەن بېغىشلاپ ساڭا كېچەمنى،
تۈنەپ چىقتىم ئۇندا يېگانە.
تەييارلىغان سۆزلىرىم ساڭا
قالدى ئەمدى مەڭگۈ پىنھانە.

سۇرەن سالدۇق ئۇندا بىر ھازا،
سەن ئىشەنمەي ماڭا، مەن ساڭا،
خەيرلەشتۇق ئاجايىپ سىرلىق،
ئاڭلانمىدى ھېچقانداق سادا.

يۈرۈپ كەتتۇق ھەرياققا جىم - جىم،
چاقنىماقتا نۇر ئىچرە سەھەر.
بىزگە ئەمدى بولۇپ قالدى سىر،
كەلگۈسىدە كىم قۇچار زەپەر؟

2

خىيالىڭدا كۈيلىرىم سېنى
قىلغان بەلكىم ماڭا ئەمدى زار.
ئايان بىزگە، قوشۇلالمايمىز
ياشساقمۇ بولۇپ ئىنتىزار.

•

بىز ئاجايىپ سۆيۈشكەنمىدۇق،
بىز ئاجايىپ خوشلاشتۇق يەنە.
موڭ باسىدۇ مېنى ھېسابسىز
سەن ھەر قېتىم كەلسەڭ ئېسىمگە.

رىزۋانگۇل ھۇسەيىن

## بار ئېسىمدە ئاشۇ بىر چاغلار

### سىرلىق كۆزلەر

ئۇچراشقاندا كۆزۈڭگە كۆزۈم،
ئۇلىشىدۇ تېنىمگە تىترەك.
نەشتەردەك سوغ قاراشلىرىڭدىن
قاچۇرسىمەن كۆزۈمنى تېزرەك.

ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ مېنىڭ
كۆزلىرىڭنىڭ ئۆزگەرگىنىگە.
كۈلۈپ باققان خۇمار كۆزلەرگە
غەزەپ ئوقى ئۆزگەتىلگەنگە.

بار ئىسمىدە ئاشۇ بىر چاغلار،
چاقنار ئىدى كۆزۈڭدىن زىبا.
بىقشىلىرىڭ ئاجايىپ سىرلىق،
قىلار ئىدى دىلنى مەھلىيا.

بىر قارىساڭ ئەگەر لەپپىدە،
ئاتەش كەبى ياناتتى يۈرەك.
بىخ سۈرەتتى قەلب تۆرىدە
شۇندىن باشلاپ گۈزەل بىر تىلەك.

قاراشلىرىڭ ئويغاتقان ئىدى
يۈرىكىمدە شېرىن تۇيغۇنى.
ئۆلىناتتى تۈنلەر تاڭغىچە،
تەرك قىلغاچ ئىشقىڭ ئۇيقۇنى.

بىراق بۈگۈن كۆزۈڭ باشقىچە،
ئاڭا چەكسىز ئىزتىراپ چۆككەن.
بىلمىدىم ھېچ ئۇندىكى سىرنى،
قارىچۇقلاردىن نۇر زىبا كۆچكەن.

**تۇرغۇن ئۇبۇلقاسىم**

## دوستۇمغا خىتاب

قىز تۇغدۇم دەپ بولما پەرىشان،
ئۇمۇ چىققان باغرىڭنى يېرىپ.
كۆرسەتمىگىن مەيۈس چېھرىڭنى،
چوڭ بولسۇن ئۇ مېھرىڭگە قېنىپ.

مەيۈسلەنمە پەرزەنتىم قىز دەپ،
خۇن قىلمىسۇن باغرىڭنى پىنھان.
سۈبھى كەبى پارلاق قەلبىڭنى
قاپلىمىسۇن بىھۇدە تۇمان.

كىرپىكىڭگە قونمىسۇن شەبنەم،
ياش يۇمىسۇن گۈلگۈن يۈزۈڭنى.
ئاڭلىمىسۇن ئاشۇ مەسۇم قىز
تىترەپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزۈڭنى.

دۇنيا گىگانت بىر ئادەم، ئۇنىڭ
ئوغۇل - قىزلار تېنى ۋە جېنى.
بىلسەڭ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ
جۇش ئۇرىدۇ ئەجدادىم قېنى.

# غەزەللەر

## تەمبۇر

زېمىن تىترەيدۇ ھەر دائىم چېكىلسە تارلىرىڭ تەمبۇر،
شۇئان توختار تولۇن ئايىم، چېكىلسە تارلىرىڭ تەمبۇر.

ئېرىپ ساپ قانغا ئايلانغاي يۈرەكتە بولسا تاش ھەتتا،
تۈگەر بولغاندىمۇ ئاھىم، چېكىلسە تارلىرىڭ تەمبۇر.

ئۇسسۇلغا چۈشكۈسى گۈللەر، دەرەخلەر، كۆكتە قۇشلار ھەم،
چۆمەر شاد تويغا يۇرت - جايىم چېكىلسە تارلىرىڭ تەمبۇر.

يېقىملىق كۈيلىرىڭگە خۇش غەزەلخانلار چاچار چاچقۇ،
يۈرەكتىن ناخشا ئېيتماس كىم، چېكىلسە تارلىرىڭ تەمبۇر.

## ئاشىقسەن

قۇياش بالقىيدۇ مېھرىڭدىن، يەنە سەن نۇرغا ئاشىقسەن،
گۆھەر چاقنايدۇ چېھرىڭدىن، يەنە سەن دۇرغا ئاشىقسەن.

كۆزۈڭ چولپان، چېچىڭ بوستان، جامالىڭ بىر گۈزەل داستان،
ئۆزۈڭ رومان، لېكىن ھېكمەت يارالمىش قۇرغا ئاشىقسەن.

يېقىملىق ناخشا ئاۋازىڭ، قۇچار ئالەمنى پەرۋازىڭ،
جاراڭلاپ تۇرسىمۇ سازىڭ، يېڭى، شوخ خورغا ئاشىقسەن.

تىرىك مەڭبۇد ئەزىز جىسمىڭ، يانار تاغدۇر ھەۋەس - ئىشقىڭ،
ئۆزۈڭ بىر تۆھپىكار ھەم تۆھپىسى ئەڭ زورغا ئاشىقسەن.

## كۆزلىرىڭ

گۆرزە - ئوقلار ئىچرە مۆلدۈرلەيدۇ ئاھۇ كۆزلىرىڭ،
چاچمىسۇن، جان، نەيزە - ئوقتىن جانغا چاچقۇ كۆزلىرىڭ.

ئۆكلىنەرمەن، پۈكلىنەرمەن تاشلىساڭ ئوتلۇق نىگاھ،
بوغمىسۇن روھىمنى، شوخ ئەركىمنى جادۇ كۆزلىرىڭ.

لەرزىگە كەلگەي جاھان كىرپىكلىرىڭ ئۇچراشسا ھەر،
گاھ تۇغار نۇرلۇق قۇياش، گاھى قاراڭغۇ كۆزلىرىڭ.

نە قاراڭغۇ، قارىچۇقۇڭ ئاق تىلسىماتنى قۇترىتار،
بىر ئارام تاپقان بولاتتىم سۆيسە ئۇيقۇ كۆزلىرىڭ.

ئۇخلا، ياق - ياق، ئۇخلىساڭ قىينار يۈرەكنى ۋەسۋەسە،
پۈركىسۇن ئالەمنى سىرغا ھەر دەقىق شۇ كۆزلىرىڭ.

رەشك - ئوتۇڭدا مەن ھايات، يالقۇنلىرىڭ تاۋلار مېنى،
بىر ئۆمۈر شائىرلىقىمغا يېڭى تۇيغۇ كۆزلىرىڭ.



# چۆل ئوغلى

نۇر مۇھەممەت توختى

(پوۋېست)

1

تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۇمۇش دۆۋىلىرىدەك چوقچايغان قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدا غايەت چوڭ زۇمرەت لېگەندەك پايانسىز بىر كۆل يېيىلىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ قىرغاقلىرىنى ئادەم بويى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك ئۆسكەن قومۇش، يەكەن ۋە مىسىل قاپلىغان. لېكىن كۆلنىڭ يىراق قىرغاقلىرى بىپايان ئۇپۇق بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن، خۇددى يېشىل ئاسمان بىلەن زۇمرەت كۆل قوشۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ.

قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى كۆل يۈزىدە جىمىرلايدۇ. شوخ بېلىقلار پىلتىڭلاپ سۇ يۈزىدە يۇمىلاق ـ يۇمىلاق چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلغاندا، ھەر بىر چەمبەردىن مىڭلىغان ئالتۇن ئۇقيالار چاچراپ چىققاندەك كۆرۈنىدۇ.

كۆل ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز، تۇرنا، مەشۇ، ئاق قۇ ۋە بېلىقچى قۇشلارنىڭ كۆلەڭگۈلىرى سۇ يۈزىنى مەيىنغىنا سىيپاپ ئۆتىدۇ. كۆل ئىچىدىن چۇمۇلۇۋاتقان قۇشلارنىڭ غاقىلدىشى، بېلىقچى قۇش ۋە چايكىلارنىڭ شوخلۇق بىلەن چىرقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ قۇشلارنىڭ جەننىتى.

كۈزدە دەريادىكى لاي ـ لاتقىلار تىنىپ، سۇ سۈزۈلگەن چاغلاردا دەريادىن باشلانغان بىر زۇمرەت ئېقىن قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ مانا مۇشۇ پايانسىز كۆلگە قۇيۇلىدۇ. ئەتىيازدا پەسىللىك دەريالارنىڭ سۈيى توختاپ، يەرلەر قاغجىرىغان چاغدا مانا مۇشۇ كۆلدىن باشلانغان بىر زۇمرەت ئېقىن يەنە قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تەكلىماكاننىڭ يەنىمۇ ئىچكىرىسىدىكى يېزىلارغا قاراپ ئاقىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا بۇ كۆل ئەمەس، سۇ ئامبىرى.

بۇلاڭدىن ئوتتۇز يىللارچە ئىلگىرى بۇ يەردە سۇ ئامبىرىمۇ، ئادەممۇ يوق ئىدى. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا پاياسىز كەتكەن قۇمۇشلۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى. كېيىن كىشىلەر كەلدى. قۇمۇشلۇقنىڭ شىمالىغا توغان ـ دامبا ياسىدى. سېمونت چۆشۈرگە قۇردى. دەريادىن قۇمۇشلۇققا، قۇمۇشلۇقتىن كەنتلەرگە ئۆستەڭلەرنى چاپتى... شۇنداق قىلىپ مانا شۇ كۆل ـ سۇ ئامبىرى پەيدا بولدى. قۇمۇش ـ يېكەنلەر باراقسان بولۇپ ئۆستى. غاز ـ ئۆردەكلەر ئۇچۇپ كەلدى. كۆلنى، سۇنى باشقۇرىدىغان ئادەممۇ كەلدى. باشقۇرغۇچى كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىغا ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ شۇ يەرگە جايلاشتى. ئۇ يېشى خېلى يەرگە بېرىپ قالغان بوۋاي ئىدى. ئۇ كۆپ ئۆتمەيلا دەم ئېلىشقا چىقتى. بوۋاينىڭ ئورنىغا كەلگەن يېڭى باشقۇرغۇچى كۆل بويىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلدى. ئۇ ئىدارىدىكى شەكىلسىز ئىسكەنجىگە ئوخشايدىغان تۈزۈملەردىن، بەلگىلىمىلەردىن ۋە بۇيرۇقلاردىن قۇتۇلغانىدى. ئەمدى ئۇنى ئىدارە باشلىقى ئۇياققا تۇر، بۇ ياققا كەل دېيەلمەيتتى. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشىدا نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايتتى. «ئۆزى بەگ، ئۆزى خان» ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ھېچكىم ئارىلاشمايتتى. قاچان ئورنىدىن تۇرۇش، قاچان كالىنى سېغىش، قاچان ناشتا قىلىش، قاچان خىزمەت قىلىش، قاچان باغ، كۆكتاتلىقتا ئىشلەش (باغ بىلەن كۆكتاتلىقنى ئىلگىرىكى باشقۇرغۇچى بىنا قىلغانىدى) ھەممىسى ئۆز ئىختىيارىدا ئىدى. ئۇ ئۆزى تۈزگەن كۈندىلىك مەشغۇلات جەدۋىلىگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. ھەر كۈنى شەرق تەرەپ بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىشتىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇراتتى. ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىپ، سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۇپۇققا ئۇزاقچە تىكىلەتتى. ئاشۇ تۇخۇم سېرىقىدەك ئۇپۇقتىن نېمىنىدۇر كۆرمەكچى بولغاندەك نەزەر سالاتتى. ئۇنىدىن كېيىن دامبا ـ توغاننى چۆگىلەپ بىر قۇر تەكشۈرەتتى. كۆلدىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ كۆپەيگەن ياكى ئازايغانلىقىنى ئۆلچەپ خاتىرىلەيتتى. خۇددى ھېلىلا ئۇپۇققا تىكىلگەندەك زۇمرەتتەك سۇغىمۇ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلەتتى. ئۇ ئاشۇ تىكىلىپ تۇرۇشلىرىدا خۇددى سۇغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەمدەك، سۇغا قاراپ ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك، ئاشۇ زۇمرەت سۇ بىلەن قەلب داغلىرىنى چايقاپ، ۋىجدانىنى پاكلاشتۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قويلارنى چىقىرىپ (ئۇنىڭ ئېغىلىدا ئوندەك قويى بار ئىدى) قومۇشلۇققا ھەيدەۋەتكەندىن كېيىن، سېيىرنى سېغىشقا باشلايتتى. چوڭ كورۇشكىدا ئاپئاق سۈت بۇژغۇنلايتتى. ئېغىلدىن چىقىرىلغان كالا مېھرىبانلىق بىلەن مۆرەپ، موزىيىنى ئىزدەپ كېتىپ قالاتتى... بۇنداق چاغلاردا ئۇ بىردەم كورۇشكىدىكى ئاپئاق سۈتكە، بىردەم ئالدىرىماي كېتىۋاتقان كالىغا قاراپ قالاتتى. ئاشۇ قاراشلىرىدا، خۇددى ئۆزىنى ئاشۇ كالىغا، قەلبىنى ئاپئاق سۈتكە سېلىشتۇرۇۋاتقاندەك، سۈتكە سېلىشتۇرغاندا قەلبىنىڭ قايسى بىر بۇرجىكىدە ئاللىقانداق بىر داغنىڭ قارىيىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتى ۋە بىردىن بۇرۇلۇپ كۆلدىكى زۇمرەتتەك سۇغا تىكىلىپ قاراپ قالاتتى. ئۇ شۇ ھالىتىدە سۇدىن نېمىنىدۇر ئىلتىجا قىلىۋاتقانغا، زۇمرەت سۇنىڭ قەلبىدىكى ئاخىرقى داغلارنى يۇيۇۋېتىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقانغا ئوخشايتتى... مانا شۇ چاغدا ناشتا ۋاقتى بولاتتى. ئۇ ئوغلىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرەتتى:

— سالام، ھوي سالام، ئورنىڭدىن تۇر. كۈن ئاش ۋاقتى بولدى.
ئاتا قوللىرىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە — ئوغلىنىڭ قويىنىغا تىقىپ ئۇلى بوش غىدىقلايتـ-
تى. سوغۇق قولدىن ئەندىككەن سالام كۆزلىرىنى خىرە - شىرە ئېچىپ، بۇدۇرۇققىنا قول-
لىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالاتتى.
— تۇر قوزام، ئەمدى ناشتا قىلىمىز.
— تاڭ ئاتتىمۇ؟
— تاڭ ئاتقىلى نەۋاخ، يېزا بالىلىرى ئاللىقاچان ئېشەك ئۇچۇرۇشقا باشلىدى.
— ئېشەكمۇ ئۇچامدۇ؟
— ئۇچۇرسا ئۇچىدۇ.
— يالغان!...

2

قوياش يىراقتىكى قوم بارخانلىرىنىڭ كەينىگە ئاستا - ئاستا چۆكۈشكە باشلىدى.
سالام ئۆيىنىڭ ئالدىدا كۆلگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ قوياشنىڭ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ
سۇدىكى شولىسىدىن كۆرۈپ تۇردى. سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىدە گۈلخانىدەك قىزىل كەچكى
شەپەق جىلۋە قىلاتتى. ئۇپۇق لىباسى قىزىلدىن كۆل رەڭگە، كۆل رەڭدىن قارىغا ئۆزگەردى.
سالام قۇياشنىڭ راستىنلا كۆلگە چۆككەنلىكىنى كۆرگەندەك، ئاشۇ قىپقىزىل ئوتلۇق شار-
نى كۆل سۈيى ئۇچۇرۇپ تاشلىغاندەك ھېس قىلدى.
سالام قۇياشنىڭ پېتىشىنى، كەچكى شەپەقنىڭ ئۇچۇشىنى دائىم ئاشۇ كۆل سۈيى
ئارقىلىق تاماشا قىلاتتى. كۆلنىڭ زۇمرەت سۇلىرى ئىچىدە كۆرۈنگەن ئوتلۇق قوياش،
گۈلخانىدەك قىزىل كەچكى شەپەق ئۇنىڭغا تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇنداق چاغ-
لاردا تەبىئەتنىڭ سىرلىق گۈزەللىكىدىن راھەتلىنىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ خىل
تۇيغۇسى ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمايتتى. ئۇپۇقنىڭ قارا لىباسقا پۈركىنىشى، زۇمرەتتەك
يېشىل سۇنىڭ ئاستا - ئاستا غۇۋالىشىپ قارىيىپ كېتىشى ئۇنىڭ قەلبىدە مۇڭ ئويغىتات-
تى. ئۇ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك مۇڭلىنىپ قالاتتى.
سۇنىڭ تېگىدە ئاخىرقى قىزىل نۇرلار ئۇچۇپ، سۇنىڭ رەڭگى بىلەن ئۇپۇقنىڭ
رەڭگى قوشۇلۇپ كەتكەندە، سالام ھېلىلا قوياشقا دېگەن سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم
تەكرارلىدى:
— خوش، شەپەق، ئەتە كۆرۈشكىچە خوش...
— سالام، ھەي سالام، چۈجىلىرىڭ قايتىپ كەلدىمۇ؟
— ياق دادا، ئۇلار تېخى كەلمىدى.
سالام كۆزلىرىنى يۈتكەپ يىراققا — كۆلنىڭ قارىيىپ كۆرۈنگەن يىراق قىرغاق-
لىرىغا تىكىلدى. ئۇ يەردىن ئاققۇ، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ شادىيانە غاقىلداشلىرى،
كۆل سۈيىگە ئۇرۇلغان قاناتلارنىڭ پاقىلداشلىرى بوش ئاڭلىناتتى. «ئۇلار بەزىملىرىنى
تېخى تۈگەتمەپتۇ. سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلەر، ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ، قايتىپ...»

مۇڭلۇق كۈي كۆل يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى. ئاتا ھەر كۈندىكىدەك ئىسكىرىپكىسىنى چېلىشقا باشلىغانىدى. ھەر كۈنى قوياش ئولتۇرۇپ نۇرلار ئۆچكەن، ئۆي ئىچى گىرىمسەن قاراڭغۇلۇققا تولغان چاغدا ئاتا ئىسكىرىپكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقاتتى ۋە ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ چېلىشقا باشلايتتى.

سالام كۆلنىڭ قارىيىۋاتقان قىرغاقلىرىغا نەزەر سالغان ھالدا ئىسكىرىپكا ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. مۇڭلۇق كۈي تەبىئەتنى، ئۇپۇقنى، كۆلنى، كۆل ئەتراپىدىكى قومۇش ۋە يېكەنلەرنى، تېخىمۇ يىراقتىكى قۇم دۆۋىلىرىنى، توغراقلىق - يۇلغۇنلۇقلارنى ئەللەيلەۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. «ئۇخلىسۇن، ئۇپۇقمۇ، كۆلمۇ، قومۇش، يېكەنلەر... مۇ ئۇخلىسۇن، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بوۋاقتەك پۇشۇلداپ ئۇخلىسۇن، بىر كۈن — ئون ئىككى سائەت ئۇلارنى ھاردۇردى. كۆزلىرىنى تالدۇردى. ئەمدى ھاردۇق ئالسۇن، سەپەردىن كەلگەن كارۋاندەك راھەتلىنىپ ئۇخلىسۇن، ئۇخلا تاتلىقىم، ئۇخلا گۈزىلىم...» ئىسكىرىپكا ئەنە شۇنداق خىتاب قىلاتتى.

كۈي ئالماشتى. ئالماشقىنى يەنىلا مۇڭلۇق، يۈرەكلەرنى ئېزىدىغان، ھەسرەتلىك كۈي ئىدى. سالامغا كامالچىنىڭ قىللىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقىنى يىغىدەك، كىمدۇ بىرىنىڭ خىلۋەتتىكى دوڭغاق توغراققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىچ - ئىچىدىن تۆكۈۋاتقان ھەسرىتىدەك تۇيۇلدى. ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى راستىنلا ئانىسى بىۋاقىت ئۆلۈپ كەتكەن يېتىمنىڭ قايغۇلۇق پەريادىغا، ئىسسىق قۇچاقلاردىن، تاتلىق، شېرىن ئەركىلىتىشلەردىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغىنىغا ئىشەنگەن گۆدەكنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىغا ئوخشايتتى.

ئاسمان قارايدى. كۆل يۈزى قارايدى. تەبىئەت ئۇيقۇ ئالدىدا مۇڭلۇق خىياللارغا پاتقاندەك ئېغىر پۇشۇلدايتتى. كۆل ئاسمىنىدىن ئىسقىرتقاندەك ۋىشىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «چۈجىلىرىم، مېنىڭ چۈجىلىرىم كەلدى...» سالامنىڭ قەلبىدىن ئاشۇ پىكىر كېزىپ ئۆتتى. بىر جۈپ ئۇزۇن بويۇن ئاق قۇ سالامنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قوندى. سالامنىڭ يۈزلىرىگە يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلىق ھاۋا دولقۇنى كېلىپ ئۇرۇلدى. ئاق قۇلار كۆكرەكلىرىنى كېرىپ، قاناتلىرىنى تىك يۆلىنىشتە ئېچىپ، ئۇزۇن پۇتلىرىنى يەرگە تەگكۈزگەندە، ئۇلار سالام بىلەن تەڭلىشەي - تەڭلىشەي دەپ قالدى... مانا شۇ بىر جۈپ ئاق قۇ سالامنىڭ چۈجىلىرى ئىدى.

ئۆتكەن يىل ئەتىيازدا سالام شەرقىي قىرغاقتىكى مىسىللىقتا ياۋا ئۆردەك تۇخۇملىرىنى يىغىپ يۈرۈپ بىر جۈپ ئاق قۇ چۈجىسىنى ئۇچرىتىپ قالدى. چۈجىلەرنىڭ سېرىق تۈكلىرى تېخى نەم بولۇپ، تۇخۇمدىن ھېلىلا چىققاندەك كۆرۈنەتتى. يېنىدا يوغان ئانا ئاق قۇ غاقىلداپ ئولتۇراتتى. سالامنىڭ قەلبىدە بىردىن ئاجايىپ بىر قىزىقىش ئويغاندى، ئاق قۇ چۈجىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ باقماقچى بولدى. ئۇ چۈجىلەرگە يېقىنلاپ بارغاندا ئانا ئاق قۇ ئۇزۇن بويۇنلىرىنى يەر بېغىرلىتىپ سوزۇپ، قاناتلىرىنى يېيىپ، قەھرى بىلەن غاقىلداپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. سالام ئارقىسىغا داجىدى، نېمىگىدۇ پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئاق قۇ ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرىنى چىشلەپ يىرتىۋەتتى... لېكىن سالاممۇ بوش كەلمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك قارشىلىشىش تۇيغۇسى باش كۆتۈرگەنىدى.

ئورندىن تۇرۇپ قىزىل يۇلغۇننىڭ چىۋىقلىرىدىن بىر تۇتام سۇندۇرۇۋالدى. ئۇلارنى بىر باغلام قىلىپ مەھكەم تۇتتىدە، ئاقۇغا يېقىنلىشىپ باردى. ئانا ئاق قۇ يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. سالام چىۋىق بىلەن ۋاسىلدىتىپ ئۇردى. چىۋىق ئانا ئاق قۇغا تەگدىمۇ، تەگمىدىمۇ، سالام بۇنى بىلەلمىدى. لېكىن ئەمدى ئاق قۇ قورقۇپ چېكىنگەندى. ئۇ قاناتلىرىنى كېرىپ يەردىن كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئون مېتىردەك يىراققا بېرىپ قوندى. سالام ئاق قۇ چۈجىلىرىگە يېقىن كەلدى. ئۇلار ۋىسىلدىشاتتى. ئۇلارنى ئەمدى تۇتاي دېگەندە ئانا ئاق قۇ يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. سالام چىۋىقلارنى ۋىژىلدىتىپ چۆرۈپ ئۇنى يەنە قوغلىۋەتتى. ھايال ئۆتمەي ئاق قۇ ئىككى بولدى، جەڭ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ سالام ئاخىرى ئىككى چۈجىنى شەپكىسىگە سېلىپ ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى. ئاق قۇلار بىردەم ئۇچۇپ، بىردەم غاقىلداپ يوگۈرۈپ ئۆيىگىچە ئەگىشىپ كېلىشتى. لېكىن ئەمدى ئۇلار چۈجىلىرىدىن رەسمىي ئايرىلىپ قالغانىدى. يېرىم كۈندەك ئۆي ئەتراپىدا غاقىلداپ چۆگىلەپ يۈرۈشتى ـ دە، كېيىن كېتىپ قالدى.

ئەنە شۇندىن كېيىن سالام ئاق قۇ چۈجىلىرىنىڭ ئانىسىغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئانا ھەققىدە چۈشەنچىسىمۇ، ھېسسىياتىمۇ يوق ئىدى. ئانا دېگەننىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنىمۇ، ئۆز بالىلىرىنى قانداق باقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئاق قۇ چۈجىلىرىگە قولىدىن كېلىدىغان ياردەملەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلاردا ئاتا مەسلىھەتچى ئىدى. نان پارچىلىرىنى يۇمشاق ئېزىۋېتىپ يېگۈزۈشتى، شېكەرنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈشتى، داستىكى سۇغا چۆمۈلدۈرۈشتى... چۈجىلەر سالامنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى ئانىسىغا ئەگەشكەندەك ئەگىشىپ، ۋىسىلدىشىپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا سالام ئۇلارنى كۆلگە ئەگەشتۈرۈپ كىردى. سالام ئالدىدا سۇنى شالاقشىتماستىن تىنىمچىقىنا ئۈزەتتى. كەينىدىن چۈجىلەر ئەگىشەتتى. ئەلۋەتتە چۈجىلەرنىڭ شوخلۇقلىرىمۇ بار ئىدى. سۇغا شۇڭغۇيتتى. قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ سۇ يۈزىدە چېپىشاتتى. سۇ ئىچىدىن نېمىلەرنىدۇر تېپىپ يەيتتى. لېكىن سالامنىڭ ئەتراپىدىن يىراق كەتمەيتتى. بەزىدە يىراق كېتىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار نېمىدىنىدۇر ئۈركىگەندەك، ئالدىقانداق ئاۋازلارنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك ئۇزۇن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ يىراقلارغا نەزەر سېلىشاتتى. ئارقىدىنلا غاقىلدىشىپ سالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەتتى. سالام سۇدىن چىقسا ئۇلارمۇ بىللە چىقاتتى. بەدەنلىرىدىن سۇ ساقىپ تۇرغان سالام ئالدىدا يوگۈرەيتتى. ئاق قۇ چۈجىلىرى بولسا قاناتلىرىنى يېيىپ، خۇددى ئۇچماقچى بولغاندەك لېكىن ئۇچالمايۋاتقاندەك سالامنىڭ ئارقىسىدىن چېپىشاتتى. ئۆيگە كەلگەندە سالام يەنە نان ئۇۋاقلىرىنى، يېزا بازىرىدىن ئەكەلگەن قوناق، بۇغدايلارنى يېگۈزەتتى. ئەمدى ئۇ دانلارنى قاچىغا سېلىپ بەرمەي ئالقانلىرىدا تۇتۇپ يېگۈزىدىغان بولغانىدى. ئىككى چۈجە سېرىق رېزىنكىگە ئوخشايدىغان تۇمشۇقلىرىنى سالامنىڭ ئالقانلىرىغا پاتۇرۇشالماي تالىشاتتى. داننى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەتتى ۋە توپا ـ تۇمان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەۋېرەتتى. ئارقىدىنلا سالام كۇرۇشكىدىكى شېكەر سۈيىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قوياتتى. چۈجىلەر شېكەر سۈيىگە شۇنچىلىك ئامراق بولۇپ

كېتمىشكەنىدىكى، كۆرۈشكىنى كۆرگەن هامان شوخلۇق بىلەن غاقىلداشقا باشلايتتى... تاماقتىن كېيىن سالام چۈجىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ يەنە كۆلگە چۈشەتتى. كېيىنچە ئۇ قېيىقنى ھەيدەپ، كۆلنىڭ ئولتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىغان، چۈجىلەر بولسا قېيىقنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈپ ئوينايدىغان بولدى.

7 ـ ئاينىڭ بېشىدا چۈجىلەر ئۇچۇشقا تەييارلاندى. ئۇلار يەردە تۇرۇپ، قاناتلىرىنى يېيىپ توختىماي لەپەڭلىتەتتى. ئاشۇ ھالەتتە ئۇلار خۇددى قاناتلىرى بىلەن شامال چىقىرىپ ئويناۋاتقانغا ئوخشايتتى. قاناتلىرىنى كۈچەپ لەپەڭلەتكەن چاغلىرىدا يەردىن ئىككى غېرىچ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك كۆتۈرۈلۈپ يەنە يەرگە چۈشەتتى. كېيىنرەك ئۇلار ئون ـ ئونبەش مېتىر ئارىلىققا ئۇچالايدىغان، ئۆينىڭ ئالدىدىن كۆتۈرۈلۈپ قېيىقنىڭ يېنىغا ـ سۇغا قونىدىغان بولدى. سالام چۈجىلىرىنىڭ ئۇچقانلىقىدىن خۇشال ئىدى، لېكىن قەلبىدە يوشۇرۇن بىر ئەنسىزلىكمۇ يېتىلىپ كېلەتتى. «ئۇلار ئۇچۇپ كەتسە، ئۇچۇپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىسە قانداق قىلارمەن؟ ئۇچۇپ كەتكەنچە كەلمەيمۇ قالارمۇ؟...»

ئاتا سالامغا ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى بوغۇپ قويۇشقا مەسلىھەت بەردى.

ـ بالام، چۈجىلىرىڭ ئۇچۇپ كېتىپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى بوغۇپ قوي، پەيلىرىنى كەڭ يايالمىسا ئۇچالمايدۇ. يىراققىمۇ كېتەلمەيدۇ...

ـ قاناتلىرى ئاغرىپ كەتمەسمۇ؟

ـ ياق، ئاغرىمايدۇ. پەيلىرىنى قىرقىۋەتسەڭمۇ ئاغرىمايدۇ. لېكىن قىرقىما. سەتلىشىپ قالىدۇ. پەقەت بوغۇپ قويساڭلا ھېچنەگە كېتەلمەيدۇ.

سالام ئاتىسىنىڭ مەسلىھىتىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇ بوغۇپ قويغان قاناتلارنىڭ ئاغرىمايدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى. شۇنداقلا ئۇ ئاق قۇ چۈجىلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىگە، ئۆزىنى مەڭگۈ تاشلاپ كېتىشىگىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئۇچۇپ كېتىدىغان بولسا ھازىرلا كەتمەيتتىمۇ؟ ئۇچۇپ كۆلگە بارىدۇ، كۆلدىن ئۇچۇپ ئۆيگە، مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ، ياق، ئۇلار كەتمەيدۇ. ئۇلار مېنى تاشلاپ كەتمەيدۇ... سالامنىڭ قەلبى، يۈرىكى بۇنىڭغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئەنسىرەشمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەگەر چۈجىلەر راستىنلا ئۇچۇپ كېتىپ قالسا...

ئەندىشە رېئاللىققا ئايلانغان كۈنمۇ كەلدى. بىر كۈنى ئەتىگەنىدە سالام چۈجىلىرىنى كاتىكىدىن چىقاردى. چۈجىلەر (ئەمدى ئۇلار چوڭ ئاق قۇغا ئايلانغان، لېكىن سالام تېخىچە «مېنىڭ چۈجىلىرىم» دەپ يۈرەتتى) قاناتلىرىنى شوخلۇق بىلەن لەپىلدىتىشتى، غاقىلداپ قىقاس سېلىشتى ۋە بىردىن كۆتۈرۈلۈپ ئېگىزلەپ كەتتى. ئۇلار كۆلگە چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سالامنىڭ كۆزلىرى كۆلگە تىكىلىپ ئاق قۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. چۈجىلەر قاتارلىشىپ كۆلنىڭ ئەتراپىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. سالاممۇ ئۆز ئورنىدا ئىككى قېتىم چۆگىلىدى. چۈجىلەر بارغانسېرى ئېگىزلەپ كەتتى. زۇمرەتتەك كۆك ئاسماندا ئىككى ئاق قۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئاق قۇلار بارغانسېرى كىچىكلەپ ئىككى ئاق چېكىتكە ئايلاندى. سالامنىڭ كۆزلىرىدىكى ئاق چېكىتلەر بارا ـ بارا كۆك ئاسمانغا سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت ئەندىشە، ھەسرەتنىڭ كۆلەڭگۈلىرىلا قالدى.

ئاق قۇلار چۈشتە قايتىپ كەلمىدى. كەچتىمۇ قايتىپ كەلمىدى. سالام چۈشتە خۇشياقمىغان هالدا ئازراقلا تاماق يېگەندى، كەچتە گېلىدىن هېچنېمە ئۆتمىدى. ئۇ نېمىگىدۇر تىت-تىت بولاتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئاتىسى چالغان ئىسكىرىپكا تېخىمۇ مۇڭلۇق ئاڭلاندى. كۆل سۈيى مۇڭلىنىپ ھەسرەت چېكىۋاتقاندەك، ئاستا-ئاستا قارىيىۋاتقان ئۇپۇق خورسىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. سالام نېمىگىدۇر قۇلاق سالاتتى. كۆلگە، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلىپ قارايتتى. ئاشۇ بىر-بىرلەپ چاراقلاپ چىقىۋاتقان يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئاق چېكىتلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى، چۆجىلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى نېمىنىدۇر ئارزۇ قىلىپ كەلگەنلىكىنى هېس قىلدى. لېكىن ئۆز ئارزۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ توختىماي ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى. قەلبىدىن، يۈرىكىدىن بىر نەرسە ئېقىپ چىقىپ كەتكەندەك، كېمىدۇر بېرى قەلبىدىكى ئەڭ زۆرۈر نەرسىلىرىنى بۇلاپ ئەپكەتكەندەك بىئارام بولاتتى. راست، ئۇنىڭ ئاق قۇلىرى ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئاشۇ ئاق قۇلار مىدىكىنە؟ ياق، ئاق قۇ دېگەن كۆلدە كۆپ، ئۇلار مىسىللىقا تۇخۇم تۇغۇپ چۆجە چىقىرىدۇ. باقمىغان دېسە يەنە ئاق قۇ چۆجىلىرىنى تاپالايدۇ، كېلەر ئەتىيازدىلا تاپالايدۇ. ياق، بۇ ئەمەس، ئۇ ئاشۇ چۆجىلەرنى باققاندا نېمىنى ئارزۇ قىلىشىدىكىنە؟ چۆجىلەردىن نېمىنى كۈتۈۋىدىكىنە؟... سالام ئويلايتتى. قەلبىدىن يوقالغان ئاشۇ نەرسىنى ئىزدەيتتى. لېكىن يوقالغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ نېمىگە تەشنا ئىكەنلىكىنى، نېمىنى ئارزۇلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئاشۇ ئاق قۇلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشى بىلەن قەلبىدىنمۇ نېمىنىڭدۇر يوقالغانلىقىنى، قەلبىدىكى نامەلۇم بىر بۇرجەكنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى هېس قىلاتتى. ئاق قۇلار قايتىپ كەلسە ئاشۇ بوش قالغان ئورۇننىڭ قايتا تولىدىغانلىقىنى هېس قىلغاندەك بولاتتى.

شۇ كېچە سالام تۈزۈككىنە ئۇخلىمىدى. خىيال بىلەن چۈشنىڭ ئارىلىقىدا لەيلەپ چىقتى. ئۇنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاتىسى ئويغىتاتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن ئۆزلۈكىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئالدى بىلەن ئاق قۇلارنىڭ كاتىكىنى يوقلىدى. ئۇلار قايتىپ كەلمىگەندى. سالام ناشتىمۇ قىلماستىن كۆلنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ قومۇشلۇق ۋە مىسىللىقلارنى ئارىلاپ چۆجىلىرىنى ئىزدەيتتى. كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق قۇلارغا، ياۋا غاز، ئۆردەكلەرگە قاراپ «غاق، غاق» دەپ توۋلاپ قوياتتى. ئۇ چۆجىلىرىم ئاۋازىمنى ئاڭلىسا يېنىمغا كېلىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ كۆلنى بىر چۆگىلەپ قايتىپ كەلدى. خۇددى ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان ئادەمدەك بىردەم ئاسمانغا، بىردەم كۆلگە قارايتتى. ئۆز-ئۆزىگە نېمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلايتتى.

ئاتا ئوغلىنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەتنى چۈشىنەتتى. ئۇ سالامنى دەرس تەكرارلاشقىمۇ، ئىسكىرىپكا مەشىق قىلىشقىمۇ زورلىمىدى. پەقەت تاماق يېيىشكىلا زورلاپ قويدى.

— تامىقىڭنى يەۋال، مەن ساڭا دېگەننىغۇ، ئەمدى پۇشايمان قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق. مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم. بىلىسەنغۇ، ئۇلارنىڭ خاسىيەتلىك قاناتلىرى بار. ئۇچۇپ كېتەلەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇچۇپ كەتسىلا مۇشۇنداق دەردكە قالىدىغان

گەپ. سېنىڭ ئاق قۇلرىڭنىڭ جەننەتتى ئاسمانىدا، ئۇلار كەڭ ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىدۇ. كۆللەردە، دەريالاردا راھەتلىنىپ ئۈزىدۇ. سەن ئۇلارنى كاتەككە سولاپ قويساڭ ئۇلار زېرىكمەمدۇ؟ ئەمدى ھەسرەتلىنىشۋەرمە. ئۇلار بەختىنى، ئەركىنلىكىنى تاپتى. ئۇلار ئۇچۇن خۇشاللان. ئەسلىدىلا ئۇلارنى تۇتقۇنغا ئايلاندۇرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى، ئەمدى بولسىمۇ كېچىكمىدى... بولدى قوي، بالام، تامىقىڭنى يەۋال. ئۇلار سېنى ئۇنتۇمايدۇ. يىراقتا قالغان ئانىسىنى ئەسكە ئالغاندەك ئەسلەپ تۇرىدۇ.

ئاتا سۆزىدىن توختاپ قالدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن «ئانا» سۆزى ئۇنى توختىتىپ قويدى. ئۇ سالامنىڭ ئالدىدا «ئانا» دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىشتىن، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىمۇ كۆچلۈكرەك ھەسرەت ئويغىتىپ قويۇشتىن قورقاتتى. سۆز ئارىسىدا «ئانا» سۆزىنى تىلغا ئالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلدى. شۇڭا سۆزدىن توختاپ قالدى.

— ئال بالام، تامىقىڭنى يەۋال!

سالام ئىندىمىدى، تاماقنىمۇ يېمىدى. خۇددى ئاق قۇلار بىلەن بىرگە تىل-زۇۋانىمۇ، سەزگۇ-تۇيغۇلىرىمۇ ئۇچۇپ كەتكەندەك خامۇش ئولتۇراتتى. ئاتا ئۇنى ئىختىيارىغا قويدى. سالام نامازدىگەرگىچە كۆلگە، ئاسمانغا قاراپ ئاشۇنداق ئولتۇردى. نامازدىگەردىن كېيىن بىردىن ئىسكىرىپكا چېلىشقا باشلىدى. دامىنىڭ كەينىدىكى كۆكتاتلىقتا ئىشلەۋاتقان ئاتا ھەيران قالدى. ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك مۇڭلۇق ئىدىكى، ئاتا ئۆزى ئۆگەتكەن پەدىلەرنى سالامنىڭ قاچاندىن بېرى مۇنداق كېلىشتۇرۇپ چالىدىغار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ كۇلۇپ قويدى: «دەرد-ئەلەملەر ئادەمنى سازەندە قىلىپ يېتىشتۇرىدۇ...»

قۇياشنىڭ ۋە كەچكى شەپەقنىڭ شولىسى كۆل ئىچىگە چۆكۈۋاتقان مەھەلدە ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ كەچلىك تاماق تەييارلاۋاتقان ئاتا بىردىن ئوغلىنىڭ خۇشال ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى:

— چۆجىلىرىم، چۆجىلىرىم قايتىپ كەلدى!

ئاتا ئۆيدىن چىققاندا، سالام ئاق قۇلارنىڭ ئاپئاق بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئاق قۇلار بولسا خۇددى كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك ئېڭىلىپ-ئېڭىلىپ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ غاقىلدايتتى. سالامنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش دومىلاپ چۈشتى. ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملەشتى.

شۇندىن كېيىن ئاق قۇلار ئۇچۇپ كەتمىدى. قەھرىتان قىش كەلگەندىمۇ ئۇچۇپ كەتمىدى. ياز، ئۇچۇپ كېتىشنىڭمۇ كەتتى، لېكىن ئەتىگەندە ئۇچۇپ كېتىپ كەچتە قايتىپ كەلدى. ئەنە شۇندىن كېيىن بۇ بىر جۈپ ئاق قۇ سالامنىڭ ئايرىلماس ھەمراھىغا، زۇمرەت كۆلنىڭ بويىدا تۇرغان يېگانە ئائىلىنىڭ قانۇنىي ئەزاسىغا ئايلاندى...

مانا، ئاق قۇلار سالامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. سالام ئاق قۇلارنىڭ ئاپئاق پەيلىرىنى سىيلاپ قويدى. پەيلەر نەم ۋە سىيلىق ئىدى. ئۇلار سالامدىن نېمىنىدۇر تاما قىلىشىپ غاقىلدىشاتتى. سالام ئۇلارغا يېمەكلىك بەردى. شېكەر سۈيى كۇرۇشكىسىنى ئالدىغا قويدى...

ئاتا چېلىۋاتقان مۇڭلۇق كۈي تېخىچە، كۆل ئۈستىدە ياڭراپ تۇراتتى. كۆل ئۈي‌ـ قۇغا كەتكەنىدى. ئۈپۈقتا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاراقلايتتى. سالام مۇڭلۇق كۆزلىرى بىلەن شەرقىي قىرغاقتىكى قومۇشلۇققا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. ئۇ قومۇشلارنىڭ ئارىسىدىن شىلـ دىرلىغان ئاۋاز چىقىشىنى كۈتەتتى. قومۇشىنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ، خۇددى زوكامدىغان ئادەمنىڭ چۈشكۈرگىنىدەك ئاڭلىنىدىغان پۇشقۇرغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمىدى. سالامنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى يېرىم بولۇپ، تېخىمۇ مۇڭلىنىپ كەتتى.

— ئانام كەلمىدى، مېنىڭ ئانام كەلمىدى ...

— نېمە دېدىڭ؟ گەپ قىلدىڭمۇ بالام؟ — ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ئاتا سالامغا مۇراجىئەت قىلدى. ئىسكىرىپكا ئاۋازى يەنىلا ياڭراپ تۇراتتى.

— ئانام كەلمىدى دەۋاتىمەن. ئاھۇ ئانام بۈگۈنمۇ كەلمىدى.

— ئانام؟ — ئاتىنىڭ ئاۋازى ئۆزگىچە ئاڭلانمىغاندەك، شۇ ھامان ئۇخلاۋاتقان تون قوينىغا سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كامانچە تۇتقان، پەدە بېسىۋاتقان قوللىرى توختاپ قالدى. ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئۆچتى. سالام ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك سۈكۈتكە چۆمۈپ تۇراتتى، — يۈر، ئۇخلايلى بالام، ئاللىقاچان ئۇخلايدىغان چاغ بولدى.

ئاتىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. سالامنىڭ ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بىر خىل رېتىمدا پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

«ئانام؟ كىمنىڭ ئانام؟ ۋاي ئېسىت، ئۇ ئانا مېھرىگە تەشنا ئىكەن، ئانا باغرىغا موھتاجكەن، ئاپئاق قوزام، سېنىڭ ئۇۋالىڭ مېنىڭ بويىنۇمدا، ساڭا ئۇۋال قىلغان مەن. سېنى ئانا مېھرىدىن، ئانىنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىدىن ئايرىۋەتكەن مەن. كەچۈر، ئاپئاق قوزام، ئەقىلسىز داداڭنى كەچۈر ...» ئاتىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ بەش يىل بۇرۇنقى بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى. شۇ چاغدا ئاتا ـ بالا قېيىقتا ئولتۇرۇپ كۆلدىن بېلىق تۇتۇۋاتاتتى. سالام ئاتىسىدىن سورىدى:

— دادا، بېلىقنىڭمۇ ئانىسى بارمۇ؟

— بار بالام، بېلىقنىڭمۇ، غاز ـ ئۆردەكلەرنىڭمۇ ئانىسى بار.

— مېنىڭ ئانام بارمۇ؟

— نېمىشقا بولمىسۇن؟ بار، ئەجەپ بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— ئۇ قەيەردە؟

— يىراقتا، بۇ يەردىن بەكمۇ يىراقتا.

شۇ چاغدا سالام شوكلەپ كەتكەن، ئاتىنىڭ قەلبى تېمىندۇ ھېس قىلغان ۋە ئارامـ سىزلانغانىدى. سالام شۇندىن كېيىن بىرەر يىلغىچە ئانىسىنى تىلغا ئالمىدى. يەنە بىر كۈنى ئۇ ئاتىسىدىن: «دادا، ھەممە ئانا بالىسىنى سۈت بېرىپ باقامدۇ؟» دەپ سورىغان، ئۇ سالامـ نىڭ سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. بەلكىم «شۇنداق، ھەممە ئانىلار بالىسىنى سۈت بېرىپ، ئېمىتىپ باقىدۇ، سۈت دېگەن بەكمۇ ئۇلۇغ. كىمنى سۈت بەرسە شۇ ئانا بولىدۇ ...» دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا كېرەك. ئۇنداق دېمىگەن بولسا سالام ئاھۇنى ئانام دەپ ئويلاپ قالامتى؟ ۋاي ئېسىت، ئاپئاق قوزام، مەن ساڭا ئۇۋال قىلدىم.

مەن ساڭا ئۇز ئاناڭنى تېپىپ بېرىمەن. بۇ يىل ئۆتسۇن، كېلەر يىلى سېنى ئاناڭنىڭ
قېشىغا ئېلىپ بارىمەن. سەن ئۇنى قۇچاقلايسەن، ئۇنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىدا ياير ايسەن.
ئاھۇ سېنىڭ ئاناڭ ئىدىمەس، ئاھۇ سېنىڭ ئاناڭ...

ئاتا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

3

سالامغا، دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى كۆرگەن نەرسىسى ئاشۇ كۆلىدىڭ، كۆلدىكى
زۇمرەت سۇ ۋە ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇم دۆۋىسىدەك بىلىنەتتى. راستىنىمۇ
شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ قەلب ئەسلىمىلىرىنىڭ ئەڭ بېشىدا ئاشۇلار تۇراتتى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا ھېچنىمىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئاشۇ كۆل ۋە ئېگىز قۇم بارخىنى ئۇنىڭ دەس-
لەپكى كۆلكىلىرىگە، دەسلەپكى كەچۈرمىشلىرىگە شاھىت ئىدى. ئۇ قۇم بارخىنى ئۇستىگە
ھاسىراپ-ھۆمىدەپ يامىشىپ چىقاتتى ۋە قاقاقلاپ كۆلگىنىچە دومىلاپ، موللاق ئېتىپ
بارخان ئېتىكىگە چۈشەتتى. قايتا يامىشاتتى ۋە يەنە دومىلايتتى. بۇ يەردىن تارقالغان
قوڭغۇراق ئاۋازىدەك زىل كۆلكە كۆل سۈيىگە سىڭىپ كېتەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ بۇ خۇ-
شاللىقلىرىغا ئاتىمۇ شېرىك بولاتتى. ئاتىمۇ كېلەڭسىز گەۋدىسى بىلەن قۇم بارخىنىدىن
دومىلاپ قاقاقلاپ كۆلەتتى. ئارقىدىنلا كېيىملىرىنى سېلىپ تاشلايتتى - دە، سالامنى
ھاپاش قىلىپ كۆلنىڭ يېشىل سۇلىرىدا ئۈزۈشكە باشلايتتى. ئەندىككەن ۋە قورققان كى-
چىككىنە سالام ئاتىسىنىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سېلىۋالاتتى. «بۇغۇلۇپ كەتتىم، بوشراق
تۇت» دېگەنلىرىگىمۇ ئۇنىماي يەنىمۇ مەھكەمرەك چاپلىشاتتى. ئۇنىڭ شوخ كۈلكىسى
مەركەزداش چەمبەرلەردەك كۆل يۈزىدە يېيىلاتتى... كۆل بويىغا كۆچۈپ كەلگەن
دەسلەپكى چاغلاردىلا ئاتا ئۈچ ياشلىق سالامغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتتى. ئۇ قولى بىلەن
سالامنىڭ قورسىقىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈزەتتى.
سالام شوخلۇق قىلىپ ئالقانلىرى بىلەن سۇ يۈزىگە پاقىلدىتىپ ئۇراتتى. پۇتلىرىنى قالاي-
مىقان پۇلاڭلىتىپ، سۇنى چولتۇكلىتاتتى. ئاتا بۇنىڭغا ئۇنىمايتتى. پۇتلىرىنى رېتىملىق
ھالدا ئارقىغا تېپىشنى، قول ئالقانلىرىنى ئېچىپ سۇنى بەدەن يۆنىلىشى بويىچە ئارقىغا
تارتىشنى تەلەپ قىلاتتى. قايتا-قايتا مەشقتىن كېيىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى قېلىپقا چۈ-
شۈپمۇ قالدى. ئاتا تۇيدۇرماستىن سالامنىڭ قورسىقىدىن كۆتۈرۈپ تۇرغان قولىنى تارتى-
ۋالاتتى. سالام ئۆزىنىڭ چۆكۈپ كەتمىگەنلىكىگە ھەيران بولاتتى ۋە قورقۇپ كېتەتتى.
كېيىنرەك — سالام تۆت ياشتىن ھالقىپ بەشكە قەدەم قويغان چاغلاردا كۆلدە خۇددى
بېلىقتەك ئەركىن ئۈزىدىغان بولدى. غۇلاچ تاشلاپ ئەركىن ئۈزۈش، پاقىچىلاپ ئۈزۈش،
ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۈزۈش... ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالدى. ياۋا ئۆردەكتەك شۇڭغىغان چاغلى-
رىدا سۇ يۈزىدىن ئۈزۈنغىچە يوق بولۇپ كېتەتتى، ئاتىنىڭ قەلبى ئەنسىزلىككە تولۇپ،
ئەمدى ۋارقىراي دېگەندە سالام يىراق بىر يەردىن سۇ يۈزىدە خۇددى قۇندۇزدەك پەيدا
بولاتتى...

سالامنىڭ ئەستىلىكلىرىنىڭ ئەڭ بېشىدا ئەنە شۇلار تۇراتتى. ئۇنىڭ دۇنياسى
كۆل، قومۇلۇق، قومۇشلۇق ۋە يېكەنلىك. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قوزا ۋە موزاي ئىدى. ئالى-
سىمۇ، دادىسىمۇ بىرلا — ئاشۇ ئوچۇق سۆزلۈك ئاتا ئىدى. ئۇ جاھاننى پەقەت مۇشۇلار-
دىنلا تەركىب تاپقان دەپ ئويلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن كېيىنچە كۆلگە ئايدا-
يىلدا بىرەر قېتىم كېلىپ - كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ جاھاندا ئۆزلىرىدىن باشقا كىشىلەر-
نىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى. كۆلدىن ئىككى كىلومېتىر غەربتىكى — دەريا بويىدىكى چوڭ
يولغا بېرىشنى ئۆگەندى. باشتا ئاتىسى بىلەن بىللە باردى، كېيىنچە ئۆزى يالغۇزمۇ بارى-
دىغان بولدى. ئەنە شۇ يولدىن ساناپ بولغىلى بولمايدىغان ئادەملەر ۋە ئېشەك ھارۋى-
لىرى ئۆتۈپ تۇراتتى. ئەنە شۇ يولدىن يەنە ئۇلارنىڭ يېگانە ئائىلىسىگە ئايدا بىر قېتىم
ئۇن، ياغ، ھەپتىدە بىر قېتىم گېزىت - كىتاب ئەكىلىپ بېرىدىغان، ياۋايى ھايۋاندەك
ھۆركىرەپ - گۈركىرەپ ماڭىدىغان يوغان تۆمۈر مەخلۇقمۇ ئۆتەتتى. ئۇنى تۇنجى كۆرگەندە سالام
قورقۇپ كېتىپ، قاچماقچى بولدى. لېكىن ئاتا: «قورقما بالام، بۇ ئادەم توشۇيدىغان ئاپ-
تۇبۇس. چۆچەكلەردىكى قورقۇنچلۇق ياۋايى ھاۋان ئەمەس» دەپ ئۇنى توختىتىۋالدى.
سالام ھەيران بولۇپ ئېغىزىنى ئېچىپ قالدى. ئاپتوبۇسنىڭ غەزەپلەنگەندەك قەھرى
بىلەن گۈركىرىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلغانىدى. ئاپتوبۇستىن بىر ئادەم
چۈشۈپ ئاتىسى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئاخىرىدا ئاتىسى سىمغا
ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ تال چوڭ بېلىقنى ھېلىقى ئادەمگە بەردى. ھېلىقى ئادەم بولسا بىر
باغلام گېزىتنى ئاتىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. سالام «تېگىشىش» دېگەننى بىلەتتى. شۇڭا
«ئۈچ بېلىقنى بىر باغلام گېزىتكە تېگىشتۇق» دەپ ئويلىدى. ھېلىقى ئادەم ئاپتوبۇسقا چىق-
قاندىن كېيىن ئاپتوبۇس يەنە قەھرى بىلەن گۈركىرەپ، چاڭ - توزان ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.
سالام ئۇنىڭ گۈركىرىشىگىمۇ، چاقلىرىنىڭ پىرقىراپ ئايلىنىشىغىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇر-
غانلارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم ئولتۇرۇشلىرىغىمۇ ھەيران قالدى.

كېيىنكى چاغلاردا — سالام ئالتە ياشتىن ئاشقان كۈنلەردە، ھەر ھەپتىنىڭ ئاپتو-
بۇس ئۆتىدىغان كۈنى ئۇ ئەتىگەندىلا يول بويىغا كېلىپ قۇم بارخىنى ئۈستىدە ئاپتو-
بۇسنى ساقلاپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئاپتوبۇس يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇ چىۋىققا ئۆتكۈ-
زۈلگەن بېلىقنى ئېگىز كۆتۈرەتتى. ئاپتوبۇس بېلىقنى كۆرۈپ پۈشۈلداپ توختايتتى.
يەنە ھېلىقى ئادەم ئاپتوبۇستىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋارقىرايتتى:

— ھە، چۆل بالىسى، بۈگۈن نەچچىنى ئەكەلدىڭ؟ ھۇ پىخسىق، ئىككى - ئۈچىنى ئار-
تۇقراق تۇتۇپ بەرمەپتۇ - ھە...

سالام ھېچنېمە دېمەيتتى. بېلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇ ئالغاچ كەلگەن گېزىت،
قەنت - شېكەر، سەرەڭگە، تۇز... دېگەندەك نەرسىلەرنى سومكىسىغا سالاتتى - دە، ئاپتوبۇس
گۈركىرەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ تاكى كۆزدىن يوقالغىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇراتتى. ئاندى-
دىن كېيىن نېمىلەرنىدۇر ئويلىغاچ لەڭمەنتاقناقتەك سەكرەپ، توشقاندەك يۈگۈرۈپ كۆل
بويىغا قايتاتتى.

سالام تاشقى دۇنيا توغرىسىدا ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلاتتى. ئۇ، جاھاندىكى

ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى قۇمۇشلۇق كۆل بويىدىكى، قۇم بارخىنىنىڭ باغرىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇلارنى كۆلدىن بېلىق تۇتۇۋاتقان، كالا سېغىۋاتقان، كۆكتاتلىقتا ئىشلەۋاتقان ياكى يالغۇز ئوغلىغا دەرس ئۆگىتىۋاتقان ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇلارنى يەنە ھەر كۈنى كەچتە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئىسكىرىپكا چېلىپ ئولتۇرىدۇ دەپ پەرەز قىلاتتى. ئۇنىڭ ئابتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يىراقلارغا بارغۇسى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى، ئۆيلىرى ئالدىدىكى كۆللىرىنى، كالا ۋە قويلىرىنى كۆرۈپ باققۇسى كېلەتتى. ئاتىسى پات-پات سېنى شەھەرگە ئاپىرىمەن، ئۇ يەردە ئاجايىپ نەرسىلەر بار، دەيتتى. لېكىن بۇ سۆزىنى كۆپ ئۆتمەي ئۇنتۇپ قالاتتى. سالاممۇ پات-پات ئاتىسىنى سۆيلەپ ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئېسىگە سېلىپ قوياتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئاتا نېمىندۇر باھانە قىلىپ «كېيىن، كېيىن ئېلىپ بارىمەن، كېلەر يىلى يازدا بارايلى جۇمۇ، چوقۇم ياخشى ئويناپ كېلىمىز» دەيتتى. كېلەركى يىل ياز كەلگەندە بولسا ئۇ بۇ ۋەدىسىنى يەنە ئۇنتۇپ قالاتتى... شۇنداق قىلىپ، تا ھازىرغىچە سالام تاشقى دۇنيانى كۆرەلمىدى. لېكىن ئۇ تاشقى دۇنيانى كۆرەلمىگەن بىلەن ئاللىقاچان ئۇ يەرلەرنى بىلىشكە، چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. تۆت يىل بۇرۇن ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. كۆلنىڭ قىرغىقىدا، ئاشۇ قۇم بارخىنىنىڭ باغرىغا سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدىدا كاتتا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاتا ئۆزى ياساپ، قازاننىڭ قورۇمى بىلەن بوياپ چىققان دوسكىنى ئۆينىڭ تېمىغا ئېسىپ «ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى» دېگەن خەتلەرنى سىغىز بىلەن چوڭ ۋە چىرايلىق قىلىپ يازدى. مەكتەپ مۇدىرلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقنى تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلدى. ئوقۇغۇچىسىدىن كۈتىدىغان تەلەپ ۋە ئۈمىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەشغۇلات ۋاقتى، ئىنتىزام، تەشكىلىي تۈزۈملەرنى جاكارلىدى. لېكىن ئوقۇغۇچى پەقەت بىرلا ئىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

مەكتەپكە «چوڭ كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ ئىسىم قويۇلدى. ھەممە دەرسلەرنى بىرلا مۇئەللىم ئۆتەتتى. تىل ۋە ھېساب دەرسلىرى ئەتىگەندە، تەنتەربىيە ۋە مۇزىكا دەرسلىرى چۈشتىن كېيىن ئۆتۈلەتتى. تەنتەربىيە دەرسىدە يازدا قۇم بارخىنى ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقىش ۋە دومىلاق ئېتىپ چۈشۈش، ئاندىن كېيىن كۆلدە سۇ ئۈزۈش، قىشتا بولسا مۇز تېيىلىش تۈرلىرىلا ئۆتۈلەتتى. مۇزىكا دەرسىدە بولسا ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىش، ناخشا، نوتا ئۆگىنىش ئاساس قىلىناتتى. ئوقۇغۇچى تولىمۇ ئەقىللىق ئىدى. ئۈچ يىل ئىچىدىلا بەش يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتتى. يىگىرمە نەچچە پارچە دەرسلىكنى ئوقۇپ بولدى. ئۇ ھەتتا ئاشۇ دەرسلىكلەردىكى ھەممە مەزمۇنلارنى يادلاپ چىقتى. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسىغا «چۈشىنىش كېرەك، لېكىن يادلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم، ئەستە قالدۇرۇشنىڭ يادلاشتىن باشقا ئۇسۇلى يوق. يادلاش جەريانىدا چۈشەنگىلىمۇ بولىدۇ» دەپ سۆزلەپ تۇراتتى. سالام كۆلنىڭ بويىدا، دوڭغاق سۆگەتنىڭ سايىسىدا، قېيىقنىڭ، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىتابلىرىنى يادلايتتى، شېئىر-قوشاقلارنى دېكلاماتسىيە قىلاتتى. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس سوئال-جاۋابلار

داۋاملىشاتتى. ئوقۇتقۇچى شۇنچىلىك سەممىمىي ئىدىكى، تەييارلىنىقسىز زادىلا دەرسكە
كىرمەيتتى. سورالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئەستايىدىل جاۋاب بېرەتتى. ئاچچىقلان-
مايتتى. ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان سوئاللارغا دۇچ كەلگەندە سەممىيلىك
بىلەن «بىلمەيدىكەنمەن، كېيىن بىرەرسىدىن سوراپ باقايلى، كىتابلاردىن ئىزدەپ باقايلى»
دەپ جاۋاب بېرەتتى. بارا-بارا ئوقۇغۇچى چۈشەنمىگەن، ئوقۇتقۇچىمۇ چۈشەندۈرەلمىگەن
سوئاللار كۆپىيىپ قالدى. ئاتىنىڭ «ئەمدى سېنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپىرىپ
بەرمىسەم بولمىدى. سەن ئۇ يەردە چۈشەنمىگەنلىرىڭنى رەسمىي ئوقۇتقۇچىلاردىن سوراي-
سەن، ھەممىنى سوراپ بىلىۋالىسەن، بۇ يىل 9-ئايدىلا سېنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە
ئاپىرىپ بېرىمەن...» دېگەن سۆزى پات-پات تەكرارلىنىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ سالام باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتتى. ئاتا سالام ئۈچۈن ئاتايىتەن
گېزىت-ژۇرناللارنى، چۆچەك، ھېكايە، رومانلارنى ئالدۇراتتى. سالام ئوقۇپ ھارمايتتى.
بىپايان، قىرى، جىمجىت چۆلنىڭ قوينىدا يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قوبۇللىغۇچمۇ
پەيدا بولدى. سالام تاشقى دۇنيا خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ قانمايتتى. ئاڭلىسا-ئاڭلى-
غۇسى كېلەتتى.

سالام قانچىلىك بىر نەرسە ئۆگەندى؟ «چوڭ كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ ئوقۇ-
تۇش سۈپىتى قانداق؟ بۇلار ئوقۇتقۇچىنىمۇ، ئوقۇغۇچىنىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن ئو-
قۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ نەتىجىسىدىن رازى ئىدى. ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن
مەمنۇن ئىدى. ئۇنىڭ چۆلدىن چىقماي تۇرۇپلا تاشقى دۇنيا توغرىسىدا بىلىۋالغانلىرى-
دىن خۇشاللىق ھېس قىلاتتى.

ئۆتكەن يىلى 8-ئايدا كۆلگە ئۈچ ئادەم مېھمان بولۇپ كەلدى. ئاتىنىڭ كۆل-
قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. مېھمانلار بېلىق تۇتىدىغان قارماق ۋە يەيدىغان يېمەكلىك-
لىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىشكەنىدى. ئاتا ئۇلارغا بېلىق تۇتىدىغان ئەڭ ياخشى جاي-
لارنى كۆرسەتتى. قېيىقتىن بىمالال پايدىلىنىشىنى، ياتاق، تاماقتىن ئەنسىرىمەسلىكىنى،
قانچە كۈن تۇرسىمۇ قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سالام شۇ كۈنى كەچتە بىرىنچى
قېتىم ئىمتىھانغا دۇچ كەلدى. مېھمانلار تۆۋەن تەرەپتىكى يېزىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار يازلىق تەتىلدىن
پايدىلىنىپ كۆل بويىغا دەم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئاتا گەرچە ئۇلارنى
تونۇمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاشۇنداق خۇشال بولۇپ
كەتكەنىكەن... كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئاتا خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۆزى مۇ-
دىرلىقىدىكى «چوڭ كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى. بىر
ئوقۇتقۇچى، بىر ئوقۇغۇچىدىنلا تەشكىل قىلىنغان مەكتەپ توغرىسىدا ئاڭلاپ ئوقۇتقۇچىلار
پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. لېكىن كۆپ ئۆتمەيلا بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدىن
مەمنۇن بولۇپ قېلىشتى. سالام ئەدەبلىك ئوقۇغۇچى ئىدى. سورالغان سوئاللارغا تېز
تۇرۇپ، دۇدۇقلىماستىن چاقماقتەك جاۋاب بېرەتتى. دوسكىدا ھېسابلاپ كۆرسەتتى.
مىساللارنى ئېلىپ چۈشەندۈرەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ مۇزىكىدىكى تالانتىدىن ئالاھىدە

مەمنۇن بولۇشتى. نۇرغا قاراپ مۆزىكا چالغانلىقىنى كۆرگەندە ئېغىزلىرى ئېچىلىپلا قالدى. سالامنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى. ئىمتىھان ئاخىرىدا ئاتا ئۆزىنىڭ 9-ئايدا سالامنى ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى.

— ئەسلى شەھەردىكى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرەيمىكىن دېگەنىدىم، لېكىن ئوغلۇمنى پات-پات كۆرۈپ تۇرمىسام چىدىمايمەن. سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار يېقىن، ھەپتىدە بىرەر قېتىم ئاپتوبۇس بىلەن كىرىپ كۆرۈپ چىقالايمەن. «چوڭ كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىسىنى رەت قىلماي قوبۇل قىلىشىڭلارنى سورايمەن.

— بەك ياخشى، ھازىر دېھقانلار يەككە ئىشلەۋاتقانلىقتىن بالىلىرىنى مەكتەپتىن قاچۇرىدىغان، پارچە-پۇرات ئىشلارغا سالىدىغان بولۇۋالدى. ھەر كۈنى بالا يىغىمىز دەپ ئاۋارە بولىمىز. ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىنى جان دەپ قوبۇل قىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنئەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا بۇنداق تايانچنى تاپماق تەس. قوبۇل قىلىمىز، جان دەپ قوبۇل قىلىمىز.

— ئەگەر ناھىيىدە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ قالسا، سۇ ئۈزۈش، مۇز تېيىلىش تۈرلىرىدە ئۇ سىلەرنىڭ مەكتەپكە شان-شەرەپ ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

— ۋاي، تېخى ئۇنىڭ بۇنداق كارامىتىمۇ بار دېسىلە، ياخشى، بەك ياخشى، چوقۇم بىزنىڭ مەكتەپكە بەرسىلە.

ئوقۇتقۇچىلار چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنداق ياخشى ئوقۇغۇچىنى ئۇچرىتىپ قېلىشنى زادىلا ئويلىمىغان بولسا كېرەك. ئۇلار خۇشال بولۇپ، سالامدىن يېڭى-يېڭى سوئاللارنى سورايتتى. سالام ئۆزى ئوقۇپ چىققان كىتابلارنى بىر-بىرلەپ ساناپ بەرگەندە، ئۇلار يەنىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئاخىرىدا مەكتەپ مۇدىرى:

— چوقۇم بىزنىڭ مەكتەپكە ئەۋەتسىلە، بىز ياخشى ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز. لېكىن...— مۇدىر سەل ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، — لېكىن مەكتىپىمىزدە ئوقۇغۇچىلار ياتىقى يوق. ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆز ئۆيلىرىدە يېتىپ، يىراقلاردىن پىيادە مېڭىپ كېلىپ ئوقۇيدۇ. بىراق بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. سالامجان بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ ئوقۇسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلۇمدەك قارايمەن، شۇنداق بولسۇن. مەن ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالاي، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكىچە ئوغۇل قىلىۋالاي.

مۇدىرنىڭ سۆزلىرى چىن ۋە سەممىي ئىدى. ئاتا بەكمۇ خۇشال بولدى. كۆز چاناقلىرىدا شادلىق يېشى لىغىلدىدى. ئارزۇلۇق ئوغلىغا قىلىنغان غەمخورلۇقنى كۆرگەندە قايسى ئاتا شادلانماي تۇرالايدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ ئوغلىنى ماختايدىغان سۆزلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. باشقىلارنىڭ ئوغلىغا غەمخورلۇق قىلماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ مۇدىردىن، ئوقۇتقۇچىلاردىن بەكمۇ رازى بولدى.

ئوقۇتقۇچىلار ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، بېلىق تۇتۇپ، سۇ ئۈزۈپ، قۇمغا كۆمۈلۈپ، قانغۇچە ئوينىغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. مېڭىش ئالدىدا سالامنى چوقۇم 9-ئايدا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىشنى قايتا-قايتا تاپىلىدى.

شۇ چاغدا سالامنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن دۈپۈلدىگەن، 9-ئاينىڭ كېلىشىگە

يەنە قانچە كۈن بارلىقىنى ئىچىدە ھېسابلىغانىدى. ئۇ چۆلدىن چىقىپ يېزىغا بېرىش-
نى، كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى، مەكتەپتە ئوقۇشنى، كۆڭلىدە يېشىلمەي قالغان تۈگۈنلەر-
نى ئوقۇتقۇچىلاردىن سوراپ بىلىۋېلىشنى بەكمۇ خالايتتى. ئالىلىقاندىلاق بىر يېڭىلىق تۇي-
غۇسى خۇددى كۈچلۈك ماگنىت مەيدانىغا ئوخشاش ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. لې-
كىن و - ئاي كەلگەندە ئىش يەنە باشقىچە بولدى. ئاتا نېمىشقىدۇر خىيال-چان بولۇپ
قالغانىدى. ئۇ سالامغا «بۇ يىلمۇ تۇرۇپ تۇرساڭمىكىن، يېشىڭمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس،
كېلەر يىلى بارساڭمۇ كېچىكمەيسەن. نېمىشقىدۇ سېنىڭدىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ...»
دېدى. بۇ سۆزنى ئۇ ئۆتكەن يىلمۇ دېگەنىدى. سالام يەنىلا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭمۇ
ئاتىسىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن مەكتەپ، يېزا، يەنە نېمىلەردۇر ئۇنىڭ قەلبىنى
ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى سالام كەچقۇرغىچە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قې-
يىقتا كۆلگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاتىسىدىنلا ئەمەس، مۇشۇ كۆلدىنمۇ، قومىلۇقتىنمۇ،
چۆجىلىرىدىنمۇ، ئاھۇ ئانىسىدىنمۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. قومۇشلۇقلار، قوم بارخىنى،
كۆل ئۈستىدە چىرقىرىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن چايكىلار، غاقىلدىشىپ كۆل ئىچىدە ئۈزۈپ
يۈرىدىغان ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەكلەر نېمە بىلەندۇر ئۇنىڭ قەلبىنى باغلاپ تۇرغاندەك تۇ-
ۇلاتتى. كەچتە ئاتا يەنە مەكتەپ توغرىسىدا سۆز ئاچتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئالىلىقاندىلاق
ھەسرەت بىلىنىپ تۇراتتى. سالام ئۇنىڭ قەلبىدىكى قىيالماسلىق ھېسسىياتىنى تولۇق چۈ-
شەنمەيتتى. لېكىن نېمىندۇر ھېس قىلاتتى.

— ماقۇل دادا، بۇ يىلچە بارماي تۇراي، سىزدىن ئايرىلغۇممۇ كەلمەيدىكەن. كېلەر
يىلى ئەھۋالغا قاراپ باقارمىز...

— رەھمەت ئوغلۇم، قەلبىمنى چۈشەندىڭ، مەن سېنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت رازى، ئۇلۇغ
خۇدا رىسقىڭنى كەڭ، مەرتىۋەڭنى ئۈستۈن قىلغاي. مەڭگۈ خارلىق، خورلۇق تارتمىغايسەن.
ئاتا ئادىتىگە خىلاپ ھالدا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ خۇداغا سېغىنىدى. ئوغلىغا
دۇئا قىلدى. بۇ سالامنىڭ ئۇنىڭ دۇئا قىلىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ بۇنىڭ
نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى. لېكىن ئاتىنىڭ ياخشى تىلەكلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە
بىر ئىسسىق ئېقىمنى باشلاپ كىرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا، ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە
يېقىنلىقىنى يەنىمۇ بەكرەك ھېس قىلدى.

شۇنداق قىلىپ سالام چۆلدىن چىقالمىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ كىرەلمىدى.

4

ئاتا ئۇخلاپ قالدى. سالام كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا تىكىپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى.
يۈرىكى سېغىنىش پىراقى ئىچىدە پۇچىلىناتتى. ئىسسىق، مېھرىبان بىر قۇچاقنى سېغى-
ناتتى. ئۇ سالامنى باغاشلىمايتتى، پەقەت ئۆزىنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدىمۇ سېغىنىش بار ئىدى. بۇ سېغىنىش بىر ئەسىر ھىج-
ران ئازابى تارتقان، سېغىنىش پىراقىدا تالاي قېتىم پەرياد ئۇرغان، ۋىسالغا ئېرىشكەن

چاغدا بولسا لال بولغان دىللارنىڭ سېغىنىشىغا ئوخشايتتى. سالام ئۇنىڭ سىلىق ۋە ئىسسىق بويىنىدىن قۇچاقلىغاندا، ئۇ بويىنىنى ئېگىپ مۇڭ ۋە ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن سالامغا تىكىلەتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق تېنىدىن ئۇرغىغان ھارارەت سالامنىڭ تېنىگە جان بولۇپ ئاقاتتى. تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى بۇژغۇنلىتىپ ئۆركەشلىتەتتى. سالامنىڭ ۋۇجۇدى ئاشۇ قۇچاقلاشلاردىن راھەت تاپاتتى. سالامنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ ياقۇت كۆزلەرنىڭ نۇرلىرىدىن نۇرلىناتتى. ئۇنىڭ قەلبى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، ئۇنىڭ سەزگۈلىرى يىراقتىن — ئاسماننىڭ قەرىدىن، يەرنىڭ تەكتىدىن، ئۇپۇقنىڭ گىرۋەكلىرىدىن، شەپەقنىڭ قىزغۇچ رەڭلىرىدىن، كۆلنىڭ زۇمرەت سۇلىرىدىن ئاڭلانغان غايىبانە ئاۋازغا قۇلاق سالاتتى:

«مەن سېنىڭ ئاناڭ، مەن سېنى ئاق سۈت بېرىپ باققان، سەن مېنىڭ سۈتۈم، مېنىڭ يىلىكىم، يۈرەك پارەم، مېنى قۇچاقلا. قۇچاقلاشلىرىڭدىن بالقىغان ھارارەت قانلىرىمغا قوشۇلۇپ يىلىكلىرىمنى تولۇقلىسۇن، يۈرىكىمنى ياشارتسۇن. سەن مېنىڭ باھارىم، سەن مېنىڭ ياشلىقىم، مەن ئۆز ياشلىقىمنى، گۈزەل باھارىمنى سېنىڭ قۇچاقلاشلىرىڭدىن قايتا كۆرىمەن. سېنىڭ قۇچاقلاشلىرىڭدىن قايتا سېزىمەن، سېنىڭ قۇچاقلىرىڭ، سېنىڭ قۇچاقلاشلىرىڭلا مېنىڭ دەردلىرىمگە تەسكىن - تەسەللى بېرەلەيدۇ...»

سالاممۇ ئۇنىڭ ئىسسىق ۋە ئاپئاق بويىنىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۈنسىز خىتاب قىلاتتى. مۇڭلۇق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ پەرياد چېكەتتى. ئۇنىڭ مېھرى - مۇھەببەتكە تەشنا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىققان پەرياد، جىمجىت تەبىئەتنىڭ قوينىدا سۈكۈتتە تۇرغان مۇڭلۇق، مېھرىبان، غەملىك ئانىنىڭ قۇلاقلىرىغا سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. «سەن مېنىڭ ئانام، ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانام، مەن سېنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىڭغا موھتاج. يىللىق بېقىشلىرىڭغا موھتاج. مېنىڭ يېنىمدىن كەتمە، كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ مېنىڭدىن ئايرىلمىغىن. بىردەملىك ۋىسال قەلبىمگە تەسكىن بېرەلمەيدىكەن، تەسەللى بولالمايدىكەن. مېھرىبان ئانا، جان ئانا، مېنى تاشلاپ كەتمىگىن...»

ئاھ خۇدا، ئۇنىڭ ئۈنسىز نىداسى ئانا قۇلاقلىرىغا ئاڭلىنامدىغاندۇ؟ ئانا قەلبىگە سىڭەمدىغاندۇ؟ ئانا قەلبى ئوغلىنىڭ ئارمانلىرىنى چۈشىنەمدىغاندۇ؟

سالام ھەر كۈنى گۈگۈم پەيتىدە، ئاتا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق پەدىلەرگە ئىسكىرىپكىسىنى چېلىۋاتقان چاغدا ئاھۇ ئانىسىنىڭ بويىنىدىن ئەنە شۇنداق قۇچاقلايتتى. ئانا قەلبىنىڭ ئۈنسىز تىلەكلىرىنى ئاڭلايتتى. ئۆزىنىڭ ئۈنسىز ئارمانلىرىنى ئانا قەلبىگە يوللايتتى. ئاشۇ بىرقانچە مىنۇت سالامنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك قىسمى، قەلبىگە ئاللىقانداق بىر ئىسسىق ئېقىم ئېقىپ كىرگەن دەقىقىلەرنىڭ بەختلىك خاتىمىسى بولاتتى. ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتى بىر يىلدىن بېرى، ياق، ئىككى يىلدىن بېرى ئاشۇنداق ئاياغلىشىپ كېلەتتى. ئاتا چېلىۋاتقان ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كۆل ئۈستىدە ئۆچكەن چاغدا، سالامنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قۇچاقلىرىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ تۈن قوينىدا غايىپ بولاتتى. سالامنىڭ قەلبىدە ئىسسىق ھارارەت ساقلىنىپ قالاتتى. ئۇ ئاشۇ ئىسسىق ھارارەتنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇخلىغاندىمۇ يەنە ئانىسىنى قۇچاقلاپ، ئانىسىنىڭ قۇچاقلىرىدا ئەركىلەپ چۈش كۆرەتتى.

ئەمدى مانا ئاشۇ ئانا يوق. ئۇ تۇنۇگۇنمۇ كەلمىدى. بۈگۈنمۇ كەلمىدى. سالام ئۇنىڭ ئىسسىق بويىندىن قۇچاقلىيالمىدى. ئۇنىڭ ھاياجانلىق نەپەس ئېلىشلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدە جىلۋىلەنگەن مۇڭىنىڭ كۆلەڭگىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. سالامنىڭ قۇچاقلىرىدا تۈن بويى ساقلىنىپ تۇرىدىغان، ئۇنى ئەللەيلىتىپ ئۇيقۇ ئالىمىگە ئېلىپ بارىدىغان ئاشۇ ئىللىق ھارارەت ئۆچۈشكە باشلىدى.

سالامنىڭ قەلبى سېغىنىشتىن ھەسرەتكە تولسا، غەم-ئەندىشىلەردىن چوڭقا تاشلانغان كاۋاپتەك پۇچۇلىناتتى. خۇددى قەلبىنىڭ، يۈرىكىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى ئۆزىدىن ئاجراپ كەتكەندەك، ئەستىلىكلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك، ئەڭ گۈزەل بىر چۈشنىڭ شېرىن بىر بابىنى ئەسكە ئالالمايۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. ئۇ قەلبىدە ئاجايىپ بىر تەشنالىقنى سېزەتتى. سالام ئۆز قەلبىنىڭ ئانا مېھرىگە، ئانىسىنىڭ باھاردەك ئىللىق جامالىغا، قۇياشتەك ئىسسىق باغرىغا تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئاشۇ ئاتەش قۇچاقلارنىڭ ھارارىتىسىز كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەسلىكىنى، كۆڭلىگە ئاراملىق تاپالماسلىقىنى چۈشىنەتتى. لېكىن ئاشۇ تۇيغۇلارنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئەنسىرەيتتى. ئانىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، نېمىشقا كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇناتتى. ئىزدىمەكچى بولاتتى، لېكىن نەدىن ئىزدەشنى، ئۆزى مۇھتاج بولغان ئاشۇ ئىسسىق قۇچاقلارنى نەدىن تېپىشنى بىلمەيتتى.

سالام ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا، ئانىسىنىڭ يېنىدا ئاسمانغا تىكىلىپ ياتاتتى. ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاراقلايتتى. قەلبىدە بولسا خىيال دەرياسى دولقۇنلايتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئانىسىنىڭ ئوتلۇق ياقۇت كۆزلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئىسسىق بىر خىل ھارارەت ۋۇجۇدىنى ئىللىتتى. ئاپئاق سۈت ئۇزۇۋالمەس ئېقىن بولۇپ ئاغزىغا، يۈرىكىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى...ياق، ئانام كەلمىدى. بۇ دادامنىڭ قوچقىسى، مەن دادامنىڭ قويىدا. ئاپئاق سۈت نەدىن ئېقىپ كەلدىكىنە؟ مەن ئانامنىڭ ئەمچەكلىرىدىن شوراپ ئېمەتتىم. ئېمىلداشلىرىم بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ ئېمەتتىم. ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى...بۇ نەدىن كەلدىكىنا؟...ئاسماندا بىر يۇلتۇز كۆچتى. بەلكىم ئېرىپ يوق بولۇپ كەتكەندۇ. دادام شۇنداق دېگەن، يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغاندا، ئۇلار ئۆچىدىكەن. بىرى يەنە بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۇچىدىكەن. ئۇچۇش جەريانىدا چېچىلىپ، ئېرىپ گازغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. بەزىلىرى مېتېئورىت بولۇپ يەرگىمۇ چۈشەرمىش...بۇ ئاپئاق، ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى...نەدىن كەلدىكىنە؟ مەن ئانامنى ئېمەتتىم، ئېمىلداشلىرىم بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ ئېمەتتىم. ئۇنىڭ ئەمچەك تۇگمىلىرى كۆپ ئىدى. ھەممىمىزگە يېتەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە تالىشاتتۇق. تالىشىپ تۇرۇپ ئېمەتتۇق...

سالام چۈش بىلەن خىيال، ئەستىلىك بىلەن ئارمان ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلاتتى-يۇ، يەنە ئېچىلىپ كېتەتتى. چۈش كۆرەتتى ۋە يەنە خىيال-ئەستىلىككە قايتىپ كېلەتتى...

يات، گۈزەل، ياقۇت كۆزلۈك جانۋارنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالغان ئاتا قوم بارخىنى

ئۈستىدىن ھاسىراپ-ھۆمىدەپ چۈشۈپ كەلدى. يات جانىۋار ئۇنىڭ قۇچاقلىرىدىن ئاج-
راشقا ئۇرۇنۇپ توختىماي تىپىرلايتتى. ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتا ئۇنى يەرگە يانتۇ
ياتقۇزۇپ قويدى. جانىۋار ئورنىدىن تۇرماقچى بولاتتى، يەنە يىقىلاتتى. ئاخىرى تىنچ-
لىنىپ يېتىپ قالدى. لېكىن بېشىنى يەرگە قويمىدى. ئۇنىڭ چۆچىگەن، خۇمارلاشقان
كۆزلىرى زەڭگەر ئاسمانغا، زۇمرەت كۆلگە، كۈمۈشتەك يالتىراق قۇم بارخانلىرىغا تىك-
لەتتى. كىچىككىنە ئوغۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. بالا جانىۋارنىڭ
كۆزلىرى ئىچىدە يېنىۋاتقان چوغ-يۇلتۇزغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. ئاتىنىڭ غۇدۇڭشى-
غان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئالدى پۇتىنى پۇتۇنلەي چىقىپ تاشلاپتۇ. ھۇ، نائەھلىلەر، قولۇمغىمۇ چۈشەر-
سەن، مەنمۇ ھەر قايسىڭغا پۇت چىقىلىشنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويمايدىغان بولسام، خەپ...

ئاتا نېمىلەرنىدۇر تەييارلاپ، ئاخىرى جانىۋارنىڭ يېنىغا كەلدى. بالىنى ئۇنىڭ بې-
شىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بالىنىڭ قوللىرىغا يېپەكتەك يۇمشاق بەدەن، ئىسسىق ئې-
قىم ھارارەت بەردى. ئاتا بىرھازا ھەپىلىشىپ جانىۋارنىڭ سۇنۇق پۇتلىرىنىڭ ئەتراپىغا
تارشا-تاختايلارنى تىزىپ، تېڭىپ چىقتى.

— دادا، بۇ نېمە؟ ئۆچكىمۇ؟

— ياق بالام، ئۆچكە ئەمەس. بۇ چۆل گۈزىلى — ئاھۇ. بەزىلەر ئۇنى كېيىك
دەيدۇ. لېكىن بۇ كېيىك ئەمەس، قارىغىنا ئۇ نېمىدېگەن گۈزەل! كۆزلىرىدە چوغ
يېنىپ تۇرىدۇ. كۈندۈزدىمۇ يۇلتۇزلار ئۇنىڭ كۆزلىرىدە جۇلالايدۇ. بۇنىڭدىن مەشھۇر
خۇش پۇراق ماتېرىيال — ئىپار چىقىدۇ، كۈزدە ئۇ كىندىك تاشلايدۇ. يايلاقلارنى، چۆللەرنى
خۇش پۇراققا تولدۇرىدۇ...ھۇ، نائەھلىلەر، قاپقان ئۇنىڭ ئالدى پۇتىنى چېقىۋېتىپتۇ. بو-
غاز ئوخشايدۇ.

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى، بۇ نەدىن كەلدىكىنە؟ مەن
چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ...

ئاھۇ ياخشى ساقايمىغان پۇتلىرى بىلەن دىڭگوسلىدى. ئۇنىڭ يېڭىلا تۇغۇلغان
ئوغلاقلىرى بويىنىدىكى كىچىككىنە، تەبىئىي تومارلىرىنى لىكىلدىتىپ، ئانا ئاھۇنىڭ قورساق-
لىرىغا — ئاپئاق سۈت تولۇپ تۇرغان يېلىنىغا زەرب بىلەن ئۇسۇپ راھەتلىنىپ ئېمەتتى.
ئانا ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدە بەخت يۇلتۇزى، ئانىلىق ئىپتىخار. ئۇ بويىنىنى بۇراپ ئوغلاقلىرىغا
مېھرى بىلەن قاراپ قوياتتى.

مەخسۇس ئاھۇ ئۈچۈنلا ياسالغان قېلىن شادىلىق ئېگىز غارالنىڭ سىرتىدا قاراپ
تۇرغان ئاتا-بالىمۇ خۇشال. ئۇلار ئاھۇ ئوغلاقلىرىنىڭ ئانىسىنى تىزلىنىپ تۇرۇپ ھۆرمەت
بىلەن ئېمىشلىرىدىن، غارالنىڭ يوچۇقلىرىدىن چىقىپ سەكرەپ-قىيغىتىپ ئويناشلىرىدىن
ئاجايىپ يېڭىلىق ھېس قىلاتتى، كۈلۈشەتتى. قەلبلىرى خەيرلىك ئىشنىڭ لەززىتىدىن
مەمنۇن ئىدى.

— سەنمۇ ئېمىپ باقامسەن؟

— ئاھۇنىمۇ؟

— هەئە، ئېمىپ باققىنا، قانداق بولىدىكىن؟

ئاتا شوخلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، غارالدىن ئارتىلىپ كىرىپ ئاھۇنى تۇتتى. بالا قاقاقلاپ كۈلۈپ ئاھۇنىڭ ئەمچىكىنى ئاغزىغا ئالدى. بۇرنى، نەپەسلىرى خۇش ھىدتىن يايراپ كەتتى. بالا شورايتتى. لېكىن سۈت چىقمىدى. بالا قوللىرى بىلەن ئاھۇنىڭ ئەمچەكلىرىنى مۇجۇپ-سىقىپ تۇرۇپ شورىدى. ئاپئاق سۈت — ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېقىپ كىردى. قەلبىگە، يۈرىكىگە، تومۇر-تومۇرلىرىغا ئېقىپ باردى.

— قانداقكەن؟

— تاتلىق، ئىسسىق ئىكەن، يەنە ئازىراق ئېمەيچۇ...

ئاتا قاقاقلاپ كۈلدى، بالىمۇ قاقاقلاپ كۈلدى. بالا كۈلكىدىن توختاپ نېمىنىدۇ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىغا خىيال سايە تاشلىدى.

— دادا، ئانا دېگەن بالىسىنى ئېمىتىپ باقامدۇ؟

— هەئە، ئانا بالىسىنى سۈت بىلەن ئېمىتىپ باقىدۇ. كىم سۈت بەرسە شۇ ئانا. سۈت دېگەن بەكمۇ ئۇلۇغ، سۈت بەرگەن ئانىمۇ ئۇلۇغ، ئەمدى ئاھۇ سېنىڭ ئاناڭ بولدى. سەن ئۇنىڭ سۈتلىرىنى ئەمدىڭ. ئوغلاقلىرى بىلەن ئېمىلداش بولدۇڭ. ۋاي چۆل بالىسى، چۆل گۈزىلىنىڭ ئوغلى.

ئاتا قاقاقلاپ كۈلەتتى. بالا قول ۋە تىزلىرىنى يەرگە قويۇپ، تۆت پۇتلىنىپ، بېشىنى ئاھۇ ئوغلىقىنىڭ بويىنىغا تىرىدى. ئېمىلداشلار ئۇسۇشۇپ، تىركىشىپ چاڭ-تۇزان كۆتۈردى. ئوغلاق كەينىگە داجىپ زەرب بىلەن ئۇسمەكچى بولغاندا، بالا قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ زەربىسىنى تۇسۇۋالدى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئويناپ هارغان ئوغلاقلار تۇمارلىرىنى لىكىلدىتىپ يەنە ئانا ئاھۇنى ئېمىشكە باشلىدى. بالىمۇ كەلدى. ئۇ ئېمىلداشلىرى — ئوغلاقلار بىلەن تالىشىپ ئېمەتتى. ئانا ئاھۇ بويىنىنى بۇراپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قوياتتى...



ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، هالال ۋە ئىسسىق سۈت ئىچقىمى، بۇ نەدىن ئېقىپ كەلدىكىنە؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ ...

ئانا ئاھۇنىڭ چېقىلغان پۇتلىرى ساقايدى. ئۇ سەل - پەل ئاقسىسىمۇ، بىمالال ماڭاتتى. ئوغلاقلار ئانا ئاھۇ بىلەن تەڭلىشىپ - بويلىشىپ قالدى. ئەمدى بالا ئۇلار بىلەن باش تىرەپ ئۇسۇشۇشكە، تىركىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاتا ئانا ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سېغىنىشنى، جۇدالىق ھەسرىتىنى ئېنىق كۆردى. ئاتا غارالنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى. ئانا ئاھۇ غارالدىن چىقىپ ئەتراپقا زوق بىلەن نەزەر سالدى. چۈشكۈرگەندەك ئاۋاز چىقىرىپ پۇشقۇردى ۋە ئىككى ئوغلىقىنى ئەگەشتۈرۈپ قۇم بارخىنى ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. بارخاننىڭ ئۈستىگە چىققاندا، نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇ خۇددى «ئوغلۇم، مېنىڭ سۈت بېرىپ باققان ئوغلۇم، قېنى كەينىمدىن ئەگەش...» دېمەكچى بولغاندەك يەنە پۇشقۇرۇپ قويدى. شۇندىن كېيىن چۆل گۈزىلى چۆل قوينىدا غايىب بولدى...

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، تاتلىق، ئىسسىق سۈت ئېقىمى، بۇ نەدىن ئېقىپ كەلدىكىنە؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ ....

ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كۆل يۈزىگە يېيىلدى. ئۇ خۇددى تۈمەن يىللىق سېغىنىشنى، مىڭ ئەسىرلىك ھىجراننى، بىر جاھان ھەسرەتنى كۈيلەۋاتقاندەك مۇڭلۇق، دەردلىك ئىدى. بالا پېتىۋاتقان قۇياشقا، ئۆچۈۋاتقان شەپەققە، ھىجران لىباسىغا پۈركىنىۋاتقان كۆل يۈزىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا يېقىنلا يەردىن تونۇش پۇشقۇرۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. بالىنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ يىگىرمە مېتىرچە يىراقلىقتىكى كۆلنىڭ قىرغىقىدا، گۈگۈم يوشۇرۇنغان قومۇشلۇق ئارىسىدا تۇرغان ئانا ئاھۇ ۋە ئېمىلداشلىرىغا كۆزى چۈشتى. بالا ئۇلارغا يېقىنلاشتى. ئانا ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرى مۇڭلۇق. ئۇ ئىسكىرىپكا ئاۋازىدىن مۇڭلىنىپ خىيالغا پاتقاندەك تۇراتتى. بالا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. ئانا ئاھۇ نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك بوش پۇشقۇرۇپ قويدى. بالا ئۇنى ئۈركۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارقىسىغا ياندى. ئۇ ئانا ئاھۇ ۋە ئېمىلداشلىرىنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىشىنى، بەش ئاي ماكان تۇتقان غارالنىڭ ئىچىگە كىرىشىنى، تۈننى ئاشۇ يەردە خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئېمىلداشلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلمىدى. كۆل بويىدىنمۇ كەتمىدى. ئىسكىرىپكا ئاۋازى كۆل ئۈستىدە ئۈزۈنغىچە ياڭراپ تۇردى.

— ئوخلايلىمۇ ئوغلۇم؟

— ئاھۇ ئاشۇ يەردە قالامدۇ؟

— ھەئە، ئۇ ئەمدى غارالنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇشنى خالىمايدۇ. ئەركىنلىك دېگەن ھەممە ئۈچۈن، ھەممە مەخلۇق ئۈچۈن مۇقەددەس. ئەركىنلىك دېگەننى بىلەمسەن. بولدى قوي، ئوغلۇم، ئەمدى ئوخلايلى، چوڭ بولغاندا ھەممىنى چۈشىنىسەن...

بالىنىڭ قەلبى ئاھۇ ئانىنىڭ ئۆز يېنىدا، كۆل بويىدا، قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدە،

توغراق شاخلىرىنىڭ سايىسىدە ئىكەنلىكىنى، غارنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن بولسىمۇ بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتمىگەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى.

ئىككىنچى كۈنى، مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازى كۆل سۈيىنى ئەللەيلىتىۋاتقان چاغدا، بالا ئاخشام ئاھۇ ئانىسىنى كۆرگەن يەرگە يەنە تىكىلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە سېغىنىش ئەۋج ئۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي ئاھۇ ئانا ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كەلدى. كۆلدىن سۇ ئىچتى. ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ مۇڭلانغان ھالدا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىمۇ سېغىنىش بار ئىدى. بالا يېقىنلاپ باردى. ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىسسىق، يۇمشاق، سىلىق بويىنىدىن قۇچاقلىدى. ئاھۇ ئۈركۈمىدى. خۇددى ئاشۇ قۇچاقلاشلارنى ئارزۇ قىلغاندەك بۇرۇلۇپ، مۇڭلۇق كۆزلىرى بىلەن بالىغا قاراپ قويدى. قۇچاقلىشىش ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. تاكى ئىسكىرىپكا ئاۋازى كۆل سۈيىدە ئېرىپ يوق بولغانغا قەدەر داۋام قىلدى. ئاھ، ئانا تىنىقلىرى، ئاھ، ئانا ۋۇجۇدىدىن ئۇرغىغان ھارارەت! سەندىن ئىسسىق، سەندىن ئۇلۇغ يەنە بىر نەرسە بارمۇ؟ مەن سېنىڭ بالاڭ، مەن سېنىڭ قوزاڭ...

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى، بۇ نەدىن ئېقىپ كەلدىكىنە؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟...

تالاي كۈنلەر، تالاي تۈنلەر ئۆتتى. ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى تالاي قېتىم كۆل سۈيىدە ئېرىدى. ئوتقاشتەك، ئاھۇ كۆزلىرىدىكى چوغدەك قىزىل كەچكى شەپەق تالاي قېتىم كۆل سۈيىگە چۆكتى. ھەر كۈنى گۇگۇمنىڭ قارا لىباسى كۆل يۈزىنى يېپىۋاتقان چاغدا، بالا ئاھۇ ئانىنىڭ بويىنىدىن ئەنە شۇنداق قۇچاقلايتتى. ئاشۇ ئىسسىق، يۇمشاق، مۇلايىم بويۇندىن ئانا مېھرىنى ھېس قىلاتتى. يەنە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلاتتى.

ئاپئاق سۈت، ئاپئاق، ئىسسىق، تاتلىق سۈت ئېقىمى، بۇ نەدىن ئېقىپ كەلدىكىنە؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟

پۇشقۇرۇق ئاۋازىدىن چۆچۈگەن سالام كۆزلىرىنى ئاچتى، ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاراقلايتتى. ياندىن ئاتىنىڭ پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىشى، كۆلدىن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. سالام يانغا ئۆرۈلدى. سۈپىنىڭ يېنىدا ئانا ئاھۇ قاراپ تۇراتتى. سالام كۆزلىرىنى يۇمدى. مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ ئۇ كۆزلىرىنى يەنە ئاچتى. راست، ئاھۇ ئانا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغان پېتى يالىڭاچ بىلەكلىرى بىلەن ئانا بويىنىغا گىرە سالدى. ئىسسىق ھارارەت بەدىنىگە ئۇرۇلدى. يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى ئانا يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئانا ئاھۇ بويىنىنى قىيا بۇراپ سالامغا قاراپ تۇراتتى. ياقۇت كۆزلەر چاقنىغان يۇلتۇزدەك كۆرۈنەتتى. سالام ئاھۇنىڭ بويىنىدىن قولىنى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىيلىدى. قۇلىقىنىڭ ئارقىسىنى قاشىدى. مەڭزىنى ئانا ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرىگە ياقتى. ئۇنىڭ قەلبىدە سۆيۈنۈش ھېسسى داۋالغۇيتتى. قەلبى بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى: «ئانام كەلدى. ئانام سالامەت ئىكەن. مېنى سېغىنىپتۇ. مېنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇ مېنى كۆرگىلى كەپتۇ...»

ئىككى يۈرەك قوشۇلۇپ دۈپۈلدەيتتى. ھىجراننىڭ ئاخىرلىشىش، ۋىسالنىڭ باشلىنىش ئۇقتىسى مەڭگۈ مۇشۇ دەقىقە بولىدىغاندەك، ئەمدى ھىجران ئەبەدىي ئاخىرلىشىدىغاندەك، ۋىسال قۇياشى مەڭگۈ پاتمايدىغاندەك شادلىق پەدىسىگە دۈپۈلدەيتتى. ئىككى يۈرەك، ئىككى قەلب بىر-بىرىگە خىتاب قىلاتتى:

«ئاھ بالا!»

«جان ئانام!»

مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازى ياڭرىدى. قاچاندۇر ئويغىنىپ كەتكەن ئاتا ۋىسال تەنتەنىسىگە مۇزىكا تەڭكەش قىلىشنى ئۇنۇتمىغانىدى. كۆلنىڭ ئۈستىنى، دامبىنى، قۇم بارخىنىنى ئىسكىرىپكا ئاۋازى قاپلىدى. ئۇنىڭدا ۋىسال شادىيانىسىدىن كۆرە زېدىلەنگەن يۈرەكلەرنىڭ مۇڭى بەكرەك جاراڭلايتتى. ئىسكىرىپكا: «ھىجران دېمەكلىك مۇڭ، ۋىسالمۇ مۇڭ، دۇنيانىڭ ئۆزى مۇڭلانغان دۇنيا ...» دەپ كۈيلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئاھ خۇدا، ئۇ سېغىنىش كۈيلىرىنى، شادلىق كۈيلىرىنى كۈيلەشنى بىلمەمدىغاندۇ؟

تۈننىڭ، تەبىئەتنىڭ مۇڭلىرىغا يۈرەك مۇڭلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. ئاسمان، كۆل، قۇم بارخىنى، يۇلتۇزلۇق تۈن مۇڭلىناتتى. ئوتلۇق يۇلتۇزمۇ، ياقۇت كۆزلەرمۇ مۇڭلىناتتى. كامالچىنىڭ قىللىرىدىن، ئىسكىرىپكىنىڭ سىملىرىدىن «جان بالام، خان بالام، سەن ئانا مېھرىگە شۇنچىلىك تەشنامۇ؟ مەن سېنىڭ ئۇۋالىڭغا قالدىم. ياق، مەن سېنى ئانا مېھرىگە قاندۇرىمەن. قىش ئۆتسۇن، يىللىق ياز كەلسۇن، مەن سېنى ...» دېگەن نىدا جاراڭلىغاندەك بولاتتى.

سالامنىڭ قەلبىدىن يىغا-زارغا ئوخشاش بىر سېزىم بالقىدى. ئۇ ئانا ئاھۇنىڭ بويىندىن يەنىمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلىدى.

5

سالام سىنىپتىن چىقىپ ۋاسكىتبول مەيدانىنى بويلاپ ماڭدى. ۋاسكىتبول مەيدانىنى بۆك-باراقسان دەرەخلەر قورشاپ تۇراتتى. مەيداندا توپ ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇشال ئاۋازلىرى ياڭرايتتى. سالام ۋاسكىتبول مەيدانىنى يانداپ ئۆتۈپ، پۇتبول مەيدانىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ توختىدى. پۇتبول ئويناۋاتقانلارنىڭ ھاي-ھۇيلىرى، سىرتتىكى ھە-ھۇچىلارنىڭ قىقاس-چۇقانلىرى مەكتەپ شادىيانىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى. سالام پۇتبول ئويناۋاتقانلارغا قاراپ تۇردى. كۆزى مەيداندا، كۆڭلى نېمىنىدۇر كۈتەتتى. ئۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى، ياق بىر ئايدىن بېرى دەل مۇشۇ چاغدا — كۈن پېشىنگە قايرىلغان چاغدا مەيدانغا چىقاتتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ئويۇنلىرىغا قاراپ تۇراتتى. كۆڭلىدە بولسا خۇددى بۈگۈنكىدەك نېمىنىدۇر كۈتەتتى... ئۇ دەرسلەرگە تېزلا يېتىشىۋالدى. لېكىن مەكتەپ ھاياتى، شەھەر يېڭىلىقلىرى، كوچا-رەستىلەر، كىنو، كونسېرت، توپ مۇسابىقىسى... ھەممىسى ئۇنىڭغا يېڭى ۋە ھەيران قالارلىق تۇيۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ يېڭىلىقلار ئۇنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي رام قىلىپ كېتەلمىدى. ئۇ مۇشۇلار ئىچىدىن ئۆزى تەشنا بولغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتەتتى.

سالام مەيدە يانچۇقىنى سىلاپ قويدى. ئۇ يەردە ئاتىسى بەرگەن، ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلانغان خەت بار ئىدى. خوشلىشىدىغان چاغدا ئاتا ئۇنىڭغا: «سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ. چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ. سېنى ئىسسىق باغرىغا بېسىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. شۇ چاغدا بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بەرگىن» دېگەن. مانا بىر ئاي ئۆتتى. سالامنى ھېلىقى شوپۇر تاغىسىدىن باشقا ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇمۇ پەقەت ھەر قېتىم چۆلگە كىرىپ - چىققاندا بىر قېتىم ئىزدەپ كېلەتتى ۋە «ھە، چۆل بالىسى، خېلى كۆنۈپ قالغاندەك تۇرامسەن؟ يەكشەنبە كۈنلىرى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تۇر جۇمۇ...» دەپ كېتىپ قالاتتى، لېكىن سالامنى قۇچاقلاپ، ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكىدىغان ئادەم ئىزدەپ كەلمىدى. سالام مانا شۇنى كۈتەتتى.

سالامنىڭ قەلبىدە ھېلىمۇ چۆل ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر داۋالغۇيتتى. زۇمرەت كۆل، قۇم بارخانلىرى، شامال چىقسىلا پەچىرلايدىغان قۇمۇشلۇق، ئىككى ئۇزۇن بويۇن ئاققۇ، تاڭ سەھەردىلا ئۇنى ئويغىتىدىغان ئاتا، بۇژغۇنلاپ تۇرىدىغان ئىسسىق خام سۈت، مۆڭلۈق ئىسكىرىپكا ئاۋازى، ئاھۇنىڭ ياقۇت كۆزلىرى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنەتتى. قەلبى سېغىنىش بىلەن تولاتتى. «ھەي، بۇ يىلمۇ كەلمىسەم بوپتىكەن. ئاتام بېچارە يالغۇز قالدى. ئاھۇ ئاناممۇ يالغۇز قالدى. ئاتامنىڭ ئىسكىرىپكىسى يەنىمۇ مۆڭلۈق كۈيلەرگە كۈيلەيدىغان بولۇپ كەتكەندۇ. ئاتام يالغۇز زېرىككەندۇ. ئۇ چاغلاردىمۇ مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئەمدى كىم بىلەن پاراڭلاشقاندۇ؟ بېچارىگە ھەپتە - ھەپتىلەپ ئادەم زىۋاپىنى ئاڭلاشقا توغرا كەلمەس. گەپلىشىدىغان، مۇڭدىشىدىغان ئادەم تېپىلماس. ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قوبۇللىغۇچنىڭ بولغىنى...» سالام قەلبى سېغىنىش بىلەن تولغان چاغلاردا تولىراق مۇشۇنداق خىيال قىلاتتى. ئاتىسى ھەققىدە ئويلايتتى. ھېلىقى ياقۇت كۆزلۈك ئاھۇ ئانىسىنىمۇ ئويلايتتى. ئۇنىڭ دۇمبىسىنى سىيلىغۇسى، قۇلاقلىرىنىڭ كەينىنى قاشلاپ قويغۇسى كېلەتتى...

ئاشۇ كۈنى ئاتا ئەتىگەنلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپلا ئاپتوبۇس شوپۇرى بىلەن ئۈچرىشىدىغان جايغا كەتكەنىدى. چۈشتە گېزىت - كىتاب ۋە باشقا نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. گېزىت - كىتابلارنى سالامغا تۇتقۇزدى - دە، كۆلگە، قۇمۇشلۇققا، قۇم بارخىنىغا قاراپ ئۇزۇنغىچە جىممىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللىقانداق بىر ئىش توغرىسىدا كۈرەش بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. چۈشتىن كېيىن ئۇ بېلىق تۇتۇۋاتقان سالامنى چاقىردى.

— تەييارلان، سەن مەكتەپكە بارىدىغان بولدۇڭ، شوپۇر تاغاڭ سۆزلىشىپ قويۇپتۇ. ئەتىكى ئاپتوبۇس بىلەن ماڭىمىز.

— يېزىدىكى مەكتەپكىمۇ؟

— ياق، شەھەردىكى مەكتەپكە، سەن شۇ يەردە يېتىپ ئوقۇيسەن، تاماقنىمۇ مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدىن يەيسەن.

سالام كۈلمەكچى، ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايماقچى بولغانىدى، لېكىن ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەسرەتنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. ئۇ شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە

بۇنىڭ ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يىراقلارغا كېتىدىغانلىقىنى، كۆلدىن، قۇم بارخىنىدىن، چۆللىرىدىن، ئاھۇ ئانىسىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. كۆزلىرىدىن خۇشاللىق بىلەن ھەسرەتنىڭ ئارىلاشمىسى ئۇچقۇنداتتى. مۆگۈلانغاندەك جىم-مدە تۇرۇپ قالدى.

— تەييارلان، كىتاب - ژۇرناللىرىڭنى ساندۇققا سال، نەرسە - كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر، — ئاتا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

شۇ كۈنى كەچتە سالام ئاھۇ ئانىسى بىلەن ئۇزۇنغىچە مۆگداشتى. ئۇنىڭ بويىنىدىن ئۇزۇنغىچە قۇچاقلاپ تۇردى. دۇمبىسىنى، قۇلاقلىرىنىڭ كەينىنى قاشلىدى.

— ئەمدى كېتىدىغان بولدۇم. ئوقۇمىسام بولمايدۇ. مېنى ئۇنتۇما. سەن مېنىڭ ئانام، ئاق سۈت بەرگەن ئانام، مېنى ئۇنتۇما. قىشلىق كانىكۇل باشلانسىلا قايتىپ كېلىمەن. سېنىڭ بويىنۇڭدىن يەنە قۇچاقلايمەن، سېنى يەنە قۇچاقلايمەن ... — سالام ئاھۇغا قاراپ ئاخىرقى سۆزلىرىنى دېدى.

شۇ كۈنى ئاخشامدا ئاتىمۇ سالامغا ئاخىرقى سۆزلىرىنى دېدى:

— ئاھۇ سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس، سەن بۇنى چۈشىنىدىغان ياشقا يەتتىڭ، سېنىڭ ئاناڭ شەھەردە، شەھەرگە كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىسىلا سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ. باغرىغا بېسىپ ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. ئانا دېگەن بالىغا چىدىمايدۇ. بېچارە ئون يىلدىن بېرى سېنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىغاندۇ، بىر مىنۇتمۇ يادىدىن چىقارمىغاندۇ. ئۇ كىچىك ۋاقتىڭدا ساڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى... نېمىشقا مېنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ دەمسەن؟ ئاھ بالام، بولارنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا مەن يامانلىق قىلغان، ئۇنىڭ قەلبىنى يارا قىلغان. سېنى ئۇنىڭ باغرىدىن تارتىۋېلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان... ئۇ مېنى كۆرۈشنى، مېنىڭ چىرايىمغا قاراشنى خالىمايدۇ. مەن سىلەرنى جۇدا قىلغان. نېمە دەي؟ بۇ قېتىم شەھەرگە بارساڭ ئۇ سېنى چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ. سېنى باغرىغا بېسىپ، ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. شۇ چاغدا سەن بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بەر. ئۇ مېنى، مەندەك بىر تاش يۈرەكنى كەچۈرسۇن. سەنمۇ مېنى كەچۈر، مەن...

بۇ سېنتەبىرنىڭ باشلىرىدىكى گەپ ئىدى. ئەتىسى ئۇلار شەھەرگە كەلدى. سالام شەھەرنىڭ كەڭ كوچا - رەستىلىرىگە، ئېگىز، ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىنالىرىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئاتا شەھەرنىڭ ئاشۇ كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ شوپۇر دوستىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندىمۇ، ئەتىسى سالامنى باشلاپ مەكتەپكە ئېلىپ بارغاندىمۇ خۇددى نېمىدۇر بىر نەرسىدىن خۇدۇكسىرىگەندەك بېشىنى سىلىپ ماڭدى. كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىدىن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئاتا سالامنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە نەسىھەت قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ مۇستەقىل ياشايدىغانلىقىنى، ئۆزىدىن ئۆزى خەۋەر ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئاخىرىدا:

— مەن ئەمدى كەلمەيمەن، شەھەرگە كېلىشكە، ئادەملەرگە كۆرۈنۈشكە مېنىڭ يۈزۈم چىدىمايدۇ. قىشلىق تەتىلدە شوپۇر تاغاڭ بىلەن بىللە كۆلگە قايتقىن، مەن ساڭا

كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن. تۇرمۇشتا رەتلىك بول، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ياخشى ئۆت. ئۇستازلىرىڭنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلا... مەن ئەمدى تاكى قىشلىق تەتىلگىچە سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، ــ دېدى. ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆزلىرى قىزاردى. سالام ھېچنېمە دېمىدى، جىممىدە قاراپ تۇردى.

مانا ئەمدى سالامنىڭ شەھەرگە كېلىپ ئوقۇشقا باشلىغىنىغا، ئانىسىدىن ئايرىلغىنىغا بىر ئاي بولدى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە سالام ساۋاقداش ـ ياتاقداشلىرىدىن دوست تاپتى. كىنو ـ كونسېرتلارغا بېرىشنى، يەكشەنبە كۈنلىرى بازار چۆگىلەشنى ئۆگەندى. دوستلىرى بىلەن مەكتەپنىڭ مەيدانلىرىدا، دەرسخانىنىڭ كارىدورلىرىدا قىيغىتىپ چاپتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ھەر كۈنى دەرسلەر ئاياغلىشىپ ئىختىيارىي پائالىيەت باشلانغان چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ئانا گەۋدىلىنەتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ سىماسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئانىسىنى ئويلىغان چاغدا نېمىشقىدۇ چۆل، ئاھۇ كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى. مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن پۇشقۇرغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئۆزىنى يېنىغا چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مۇڭ ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان ياقۇت كۆزلەرنى كۆرگەندەك بولاتتى...

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ياتاقدىشى ئەكبەرنىڭ ئانىسى كەلدى. يىراق بىر تاغدىكى كاندىن بالىسىنى كۆرگىلى كەلگەن ئېگىز بويلۇق ئانا ئەكبەرنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئوغلىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ: «ئورۇقلاپ قالغاندەك تۇرامسەن قوزام؟ نېمە بولدۇڭ؟ ئاغرىپ قالمىغانسەن ـ ھە» دەپ پىچىرلىدى. سالام ئانا ـ بالىنىڭ دىدارلىشىشىغا كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئانىنىڭ نەملەشكەن كۆزلىرىدىن مۇڭ ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سالام ئاھۇ ئانىسىنىڭ ياقۇت كۆزلىرىنى يادىغا ئالدى. «نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە. بەلكىم مېنىڭ ئاناممۇ ئەكبەرنىڭ ئانىسىغا ئوخشايدىغاندۇ. ئېگىز بوي، نۇر چىراي، ئىسسىق قۇچاق... ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ مۇڭ ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغاندۇ. ئەكبەرنىڭ ئانىسىغا، ئاھۇ ئانامغا ئوخشاش مۇڭلىنىپ قارايدىغاندۇ، ئاھ، مەن ئۇنى قانغۇدەك قۇچاقلىۋالسام ـ ھە؟ ئۇنىڭ باغرىغا باش قويسام، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلىسام، ئۇنىڭ يېقىملىق پىچىرلاشلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىسا...» سالامنىڭ قەلبىدىن ئاشۇلار كېچىپ ئۆتتى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن سالام ئانىسىنى ئېگىز بوي، نۇر چىراي ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان بولدى. قىرىق ياشلاردىن ئاشقان تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قەمەر خانىم بىر كۈنى دەرستىن كېيىن سالامغا: «داداڭ تالانتلىق مۇزىكانت ئىدى. ئۇنىڭ ئۆمۈرى چۆلدە ئۆتۈپ كەتتى. چۆل ئۇنىڭ تالانتىنى كۆمۈپ تاشلىدى. ئەمدى سەن ئۇنىڭ ئىزىنى باس. تىرىشىپ ئۆگىنىپ داداڭ قولىدىن بېرىپ قويغان نەرسىلەرنى سەن تاپ، ئۇنى خەلققە، ئەلگە كۆرسەت...» دېدى. قەمەر خانىمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ مۇڭ ۋە مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سالامغا ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى ئانىسىنىڭ پىچىرلاشلىرىدەك ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن سالام ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە ئانىسىنى ئاشۇ سېمىز خانىمنىڭ ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈردى. ئاشۇ سېمىز، ئىسسىق، يۇمشاق قۇچاقلارنى ئانىسىنىڭ

قۇچاقلىرى سىياقىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ باش قويۇشنى ئارزۇ قىلدى.

لېكىن ئېگىز بويلۇق ئانا ئەكپەرنىڭلا ئانىسى، ئەكبەرگىلا خاس ئانا ئىدى. ئۇ
سالامغا قاراپ پەقەت مۇڭلۇق كۈلۈمسىرەپلا قويىدى. پاكار، سېمىز خانىم پەقەت ئۇقۇتـ
قۇچى ئىدى. ئۇ پەقەت تەربىيىلا بېرەلەيتتى. ھېچقايسىسى سالامنىڭ ئانىسى ئەمەس
ئىدى. ئۇلار سالامغا ئانا باغرىنىڭ ئىللىقلىقىنى، ئانا مېھرىبانلىقىنى بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ
قۇلاقلىرىغا ئانا پىچىرلاشلىرىنىمۇ ئاڭلىتالمايتتى...

سالام ئانىسىنىڭ كېلىشىنى، ئاتىسى ئېيتقاندەك ئىسسىق باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىشىـ
نى كۈتەتتى. ئون يىل كۆرۈشمىگەن ئانا ـ بالا دىدارلىشىدىغان ئۇلۇغ كۈننىڭ يېتىپ
كېلىشىنى كۈتەتتى...

سالام پۇتبول مەيدانىنى بويلاپ مېڭىپ، قويۇق مەجنۇنتاللىق ئارىسىدىكى تاش
ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. يانچۇقىدىن ئاتىسىنىڭ خېتىنى ئالدى. «ئوقۇپ كۆرەيچۇ،
بەلكىم ئانام توغرىسىدا بىرەر نەرسە بىلىپ قالارمەن. دادام نېمىلەرنى يازدىكىن؟...»
سالام خەتنى ئاچتى، ھەيران بولدى. بىرىنچى بەتنىڭ بېشىدا ئانىسىنىڭ ئىسمىمۇ،
خىتاب ـ قاراتمىلارمۇ، ھەتتا «سالام» دېگەن سۆزمۇ يوق ئىدى. خۇددى ماۋزۇسىز يېزىلـ
غان ماقالىغىلا ئوخشايتتى.

«مېنىڭ سىزگە خەت يېزىشقا سالاھىيىتىممۇ، يۈزۈممۇ يوق. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا
مەڭگۈ پاكلانماس گۇناھكارمەن. لېكىن ئىككىمىزنى باغلاپ تۇرىدىغان، ئىككىمىزگە ئورتاق
بولغان بىرلا بالا مېنى مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاشۇ بالا توغرىسىدا سىزگە
مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، يۈرەك يارىلىرىڭىزنى ئەسكە سالغانلىقىمنى،
ياشارتقانلىقىمنى كەچۈرۈڭ...

مەن گۇناھ ـ سەۋەنلىكلىرىمگە ئون يىل تەۋۋا قىلدىم. ياق، مېنىڭ تەۋۋا قىلىشىم
دىنىدارلارنىڭ، دىنغا ئىشىنىدىغان مۇرىتلارنىڭ تەۋۋا قىلىشىغا ئوخشىمايدۇ. مەن گۇناھ
كىرلىرى بىلەن بۇلغانغان قەلبىمنى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدا، زۇمرەت سۇ، ئاپپاق
سۈت، پاك شامال ۋە كرىستال قۇم دانىچىلىرىدا ئون يىل يۇيۇپ چايقىدىم. مەن پاكلاشـ
تىممۇ؟ قەلبىم، ۋىجدانىم تازىلاندىمۇ؟ ئۆزۈمنى قەلبەكى كامالەتكە يەتكۈزدۈممۇ؟ مەن
كەچۈرۈمگە سازاۋەر بولالامدىمەن؟

لېكىن مېنىڭ گۇناھىم كەچۈرگۈسىز گۇناھ، ۋىجدانىم ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ.
مەن قەلبىمنى ئون يىل يۇيۇپ چايقىدىم. ئېتىكاپتا ئولتۇرغان زاھىتتەك ئون يىل پاكـ
لىق تىلىدىم. ئۆز ۋىجدانىمدىن ئون يىل كەچۈرۈم تىلىدىم. لېكىن يۇيۇپ چايقىغانسېرى
قەلبىمدىكى كىر ـ داغلار خۇددى دەريانىڭ تېگىدىكى خوتەن قاشتېشىدەك يەنىمۇ روشەنـ
لىشىپ چىقتى. ۋىجدانىمدىن ئۇرغىغان ئەيىبلەش ساداسى يەنىمۇ بەكرەك كۈچەيدى.
قەلبىمگە ئازاب سالغۇچى شاۋقۇن ـ چۇقان قۇلاقلىرىم تۈۋىدىن بىر دەقىقىمۇ يىراقلاشمىدى.

سالام ــ سىز ئون يىلدىن بېرى بىر قېتىممۇ كۆرمىگەن ئوغلىمىز ــ بىر مەزگىل
شوخلۇق قىلىپ ئاھۇنى ئەمگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سورىغان بىر سوئالىغا مەن ‹كىنم
سۈت بىلەن ئېمىتىپ باقسا شۇ ئانا بولىدۇ. سەن ئاھۇنىڭ ئوغلى بولدۇڭ› دەپ جاۋاب

بەرگەن. بۇ، سالام خېلى چوڭ بولغاندىكى ئىش، ئۇنىڭ بۇ گەپكە ئىشىنىپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي؟ مانا ئەمدى ئۇ راستىنلا ئاھۇنى ئانام دەپ يۈرىدۇ. ئەڭ يالقۇنلۇق مېھىر بىلەن ئاھۇنى قۇچاقلايدۇ. ئاھۇ باغرىغا باش قويىدۇ. ئاھۇ بىلەن مۇڭداشمىسا، ئاھۇ بىلەن خۇشلاشمىسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. ئاھ، بالا قەلبى ئانا باغرىغا، ئانا مېھرىگە نەقەدەر موھتاج؟ ئۇنىڭغا راست بولمىسىمۇ ئانا كېرەك ئىكەن. غايىۋانە بولسىمۇ ئانا كېرەك ئىكەن.

مەن سالامنىڭ كۆزلىرىدىكى ئانا تەشنالىقىنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنىڭ گۇناھكارلىقىمنى، مەڭگۈ پاكلانماس گۇناھقا دۇچار بولغانلىقىمنى يەنىمۇ بەكرەك چۈشىنىدىمەن. مەن ئۇنى ئانا مېھرىدىن، ئانا باغرىدىن جۇدا قىلدىم. ئۇنى تىرىك يېتىم قىلدىم. مېنىڭ بۇ گۇناھىمنى ۋىجدانىم كەچۈرەلەمدۇ؟

مەن سالامنى ئانىدەك مېھرىبانلىق بىلەن بېقىپ چوڭ قىلدىم، تەربىيىلىدىم. ئۇنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىشقا ئاشۇردۇم. مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ دىلى ئازار يېمىدى، بويىنى قىسىلىپ قالمىدى. لېكىن مەن يەنىلا ئانىسىنىڭ ئورنىنى باسالمىدىم. ئانا مېھرىنى، ئانا ئىسسىقلىقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەلمىدىم. بالا نەزەرىدە ئاتىنىڭ سالقىن يەلكىسى ئانىنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىغا يەتمەيدىكەن، ئاتا مېھرى ئانا مېھرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. ئانىنىڭ ئاچچىقلاپ چېچىلىشلىرى ئاتىنىڭ سۆيۈپ ئەركىلىتىشلىرىدىن تاتلىقراق ئىكەن...

مېنىڭ گۇناھىم كەچۈرگۈسىز گۇناھ. ئۇ قەلبىمدە مەڭگۈلۈك داغ بولۇپ ئورنىشىپ قالدى. ئۇنى ئوتمۇ، سۇمۇ، شامالمۇ، قار-يامغۇرمۇ يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئوغلۇم مېنى كەچۈرۈشى مۇمكىن. سىزمۇ خۇدادەك كەڭ قورساقلىق بىلەن مېنى كەچۈرۈشىڭىز مۇمكىن. لېكىن ئۆز ۋىجدانىمنىڭ كەچۈرۈمىگە مەڭگۈ نائىل ئەمەسمەن.

مەن سالامنى شەھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتتىم. مەن ئۇنىڭ ئۆز يېنىمدا كۆلەڭگەمدەك ئەگىشىپ يۈرۈشىگە، ئۇنىڭ تاتلىق-چۈچۈك سوئاللىرىنى ئاڭلاشقا، قەلبىم تەشنا بولۇپ تۇرىدىغان بالا مېھرىنى يەتكۈزۈشكە زارمەن. لېكىن ئۇ ئوقۇمىسا، بولمايدۇ. ئۇ بىلمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەندىن، بۇ يەردىن تېپىلمايدۇ. چۆل، قۇم بارخانلىرى، كۆل، بېلىق ۋە چۆمگەك قۇشلارنى بىلىشلا ئۇنىڭغا كۇپايە قىلمايدۇ. ھازىرقى زامان بالىسى چۆل بالىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇ ھازىرقى زامان شەھەرلىرىنى كۆرۈشى، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا ماسلىشىشى، ھازىرقى زامان بىلىملىرىنى ئىگىلەپ كەلگۈسىگە تەييارلىنىشى زۆرۈر. ئەڭ مۇھىمى مەن ئۇنىڭ ئانىغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى لايىق كۆردۈم. ئۇ سىزنى كۆرسۇن. ئون يىل تەشنا بولغان ئانا مېھرىگە قانسۇن، تەشنالىقى بېسىلسۇن...

مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ توغرىڭىزدا سۆزلەپ بەردىم. ئەمدى ئاھۇغا قارىغاندا سىزگە بەكرەك ئىنتىلىدۇ. سىزنى بىر كۆرۈشكە زارلىقى ھېلىتىنلا كۆزلىرىدىن مەلۇم. سىزنى بىر كۆرسە، كۆكسىڭىزگە بىر قېتىم باش قويسا، ھەقىقىي ئانا مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالار. جىمغۇر-كەم سۆزلۈكى تۈگەپ، بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولۇپ قالار. كۆزلىرىدىكى مۇڭ، سېغىنىشنىڭ

ئۇرنىنى بەخت-شادلىق ئۇچقۇنلىرى ئىگىلەر... ئانا مېھرى بالىنىڭ ئالتۇن تاجى.
ئانا باغرى بالىنىڭ شاھانە تەختى...

مەن سىزنىڭ ئادرېسىڭىزنىمۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭىزنىمۇ بىلمەيمەن. بۇ ھەقتە سالامغىمۇ ھېچنېمە دەپ بېرەلمىدىم. لېكىن كۆڭلۈم سىزنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىڭىزنى سېزىپ تۇرىدۇ. سالامنىڭ شەھەرگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىز سالامنى ئىزدەپ كەلگەن چېغىڭىزدا ئۇنى قۇچاقلاڭ، ئۇنىڭغا قۇچاقلىرىڭىزنى كەڭ ئېچىڭ، ئۇ سىزنىڭ قۇچاقلىرىڭىزغا موھتاج... بۇ، بىر گۇناھكار بەندىنىڭ سىزدىن تۇنجى ۋە ئاخىرقى ئۆتۈنۈشى...»

خەتنىڭ ئاخىرىدا ئىمزامۇ، يېزىلغان ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. سالام قەغەزنىڭ كونىلىقىغا، قەغەز قىرلىرىنىڭ كېسىلىشكە باشلىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. «بەلكىم ئالدىنقى يىلى، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى يېزىلغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

سالامنىڭ بوغۇزى ئېچىشىپ، نېمىدۇر بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى. خەتنىڭ ئايرىم بەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. لېكىن ئانىسى ھەققىدە ھېچنېمە بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاتىسىنىڭ بىچارە سيماسى گەۋدىلەندى. ئېزىلگەن، مۇكچەيگەن گەۋدە، قورۇقلىرى تەرەپ-تەرەپكە يول تارتقان قارامتۇل چىراي ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەندەك، ئۆزىدىن نېمىنىدۇر ئىلتىجا قىلغاندەك بولدى. بىچارە دادام، بىچارە دەردلىك، غەمگۇزار دادام، سەن نېمىشقا ئازابلىنىپ يۈرۈدىغانسەن؟ مەن سەندىن رازى، مىڭ مەرتىۋە رازى...

سالام كۆز چاناقلىرىدىن تېشىپ چىققان ياشنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى. قۇلاقلىرىغا شاۋقۇن-چۇقان ۋاڭىلداپ ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەكتەپ شادىيانىسى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇ «دادام، دادام...» دەپ ئاستا پىچىرلىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

سۇلتان ھاشىم

# سىرلىق يېشىل نۇر

(ھېكايە)

مۇختەر قوپۇپ ئۇدۇلىدىكى تام سائەتكە قارىدى. ئۆي ئىچىدە تۇتۇنگە ئوخشاش ئۆزۈپ يۈرگەن سۇس يېشىل نۇرنىڭ يورۇقىدا سائەت سىيفىرلىرىنى ئېنىق كۆردى. سائەت توپتوغرا ئىككى بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇيقۇسى قانغاندەك روھلۇق، تېتىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاللىقانداق شېرىن تۇيغۇلاردىن لەرزىگە كەلگەنىدى. ئۇ بىردەمدىلا مەكتەپكە بارىدىغاندەك كىيىملىرىنىمۇ كىيىپ تەق بولدى. خىيالىدا ياندىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان ئاتا-ئانىسىنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا «مەن مەكتەپكە كەتتىم» دەپ قويماقچى بولدى. ئىشىككە قاراپ مېڭىۋىدى، پۇتى ئۆزىگە بويسۇنماي دېرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ دېرىزىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئاسمانمۇ يېشىل نۇرغا پۈركەنگەندەك، يۇلتۇزلار ئۇ بۇرۇن كۆرگەندىكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك چاقناپ جىمىرلاپ تۇرغاندەك گۈزەل كۆرۈندى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ناخشىمۇ، سازمۇ ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ يېقىملىق بىر غۇڭۇلداش ئاڭلانغاندەك بولدى. مۇختەر ئۆزىنى يېنىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، قولىنى كەرسىلا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن قايسىبىر كىنودىكى خىسلەتلىك ئادەمنىڭ كائىناتتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى غىل-پال ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، ئىككى قولىنى باش ئۈستىگە تىك قىلىپ سوزدى. قىزىق، ئۇ راستىنلا يەردىن ئىككى غېرىچچە كۆتۈرۈلدى-دە، دېرىزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇچۇشىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك ھودۇقمىدى، قورقۇپ كەتمىدى. ئالدىدا لېنتىدەك سوزۇلۇپ ئىز قالدۇرۇپ يورۇپ تۇرغان يېشىل نۇر ئۇنى ئۆز دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتمەي ئەپ كېتىۋاتاتتى. پەستە چىراغلىرى يېنىپ تۇرغان شەھەرلەر، زور ئەجدىھاردەك سوزۇلۇپ ياتقان تاغلار، تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريالار بىر پەسكە كۆرۈنۈپ يەنە ناھايىتى تېزلا ئارقىدا قېپ قالاتتى. ئۇنىڭغا ئاسمان يورۇۋاتقاندەك، يېشىل نۇرمۇ سۇسلىشىپ قالغاندەك بىلىندى. تۆۋەندە — ناھايىتى يىراقتا چەكسىز يېيىلىپ كەتكەن كۆپكۆك

دالا كۆرۈلدى. «ئاتلانتىك ئوكيان ئۈستىدە كېتىۋاتىمەن» دېگەن شۇئىرلاشنى ئاڭلىغاندەك بولدى مۇختەر. ئۇ دېڭىزنى كۆرەلىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنى شۇنداق بىر شېرىن مۇگىدەك باستىكى، كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلىغان مۇختەر «ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۇخلاش نېمىدېگەن راھەت» دەپ پىچىرلىدى.

* *

ئۇ يۇمشاق دىۋاندا ئولتۇراتتى. ئالدىدىكى چاقىقانغىنا ئۈستەلدە كەمپۈت، پېچىنە، تورتىلار، ئاپېلسىن، ماندارىن، نەشپۈتلەر چىرايلىق تىزىپ قويۇلغانىدى. مۇختەر ھەيران بولۇپ ئۆپچۆرىسىگە سەپ سالدى. چاقىقانغىنا بۇ ئۆينىڭ ھەممىلا تەرىپى — ئالدىدىكى ئۈستەل، ئۈستەلگە يانداپ قويۇلغان يۇلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، ئۇ ئولتۇرغان دىۋان، دىۋان ياپقۇچلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى ئاق رەڭدە ئىدى.

«مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم» دەپ ئويلىدى مۇختەر. ئىشىكى، ھەتتا بىرەر دېرىزىسىمۇ يوق ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇش ئۇنى بىرئاز دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويغان بولسىمۇ، ھەممىلا ياقتىكى ئاقلىق ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرغان ئۈستەلدىكى نازۇ نېمەتلەر ئۇنىڭغا ياخشىلىقتىن دېرەكبەرگەندەك تەسىرات قالدۇردى.

ئالدى تەرەپتىكى تامدىن بىر پارچە تاختاي قوزغىلىپ، ئىشىككە ئوخشاش يانغا سۈرۈلدىدە، سىرتتىن ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئادەم قول ئۇزاتمىغان بولسىمۇ، تاختاي ئۆزلۈكىدىن سۈرۈلۈپ يېپىلىپ قالدى.

— قانداق، ياخشى تۇردۇڭمۇ ئوغلۇم؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى كىرگەن ئادەم ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىنى تارتىپ ئولتۇرۇپ.

— ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز تاغا، — دېدى مۇختەر ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ. كىرگەن ئادەمنىڭ چىرايىنىڭ يىلىلىقلىقى، ئاۋازىدىكى مۇلايىملىق ئۇنىڭدىكى ئەنسىرەشنى تامامەن كۆتۈرۈۋەتتى.

— بىز ئالدى بىلەن تونۇشۇپ قويايلى. سېنىڭ ئىسمىڭنىڭ مۇختەر ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مېنىڭ ئىسمىم ئارېكلىت، ئارېكلىت ئەپەندى دېسەڭ بولىدۇ. ھازىر ئۆزۈڭ دېگەندەك تاغا دەپ چاقىرساڭ تېخىمۇ خۇشال بولىمەن.

— چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك. مەن سىزنى تاغا دەي.

— ناھايىتى ياخشى، — ئارېكلىت ئەپەندى مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى، — ئەمدى ئاساسىي گەپكە كېلەيلى. سەن ھېلىلا «مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم» دەپ ئويلىدىڭ. مەن بۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن: سەن ھازىر سىلەر دېگەندەك «ئۇچار تەخسە» دە ئولتۇرىسەن.

— ئۇچار تەخسە!؟

— شۇنداق، ئۇچار تەخسە. لېكىن بۇ ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرىدىغان ئۇچار تەخسە ئەمەس، بۇ مەن ئۆزۈم ساياھەت قىلىدىغان ئۇچار تەخسە.

— سىز تاشقى پلانېت ئادىمىمۇ؟

— شۇنداق.

مۇختەر قورقىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن ئۆيۈمگە كېتەلمەيمەنمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چۆچەكتەك چوڭ ئېچىپ.

ئارېكلىت ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئولتۇر، ئولتۇرغىن، — دېدى ئۇ كۈلكىسىدىن توختاپ، — قورقما، بىزنىڭ سېنى بىز ياشاۋاتقان سەييارىگە ئەپ كېتىش نىيىتىمىز يوق. بالىنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش چوڭ گۇناھ. سەن خالىغان ۋاقىتىڭدا ئۆيۈڭدە بولالايسەن.

— ئەمىسە، مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا

ئەپكەلدىڭىز؟

ئارىكلىت ئەپەندى چېكىسى ئاقارغان قويۇق چېچىنى سىيلاپ قويۇپ چۈشەندۈردى:

— بىز سىلەر ياشاۋاتقان سەييارىدىكى ئادەملەرگە ناھايىتى قىزىقىمىز ھەم سىلەر بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى خالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن چۈشىنىش، مۇھىمى ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. مۇنداق ئىشەنچ چوڭلاردىلا ئەمەس، سىلەردەك بالىلىرىمىزدىمۇ بولغان بولسا، بىزنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرۇشىمىزغا چەك قويغان ۋاقىت شۇنچە قىسقارغان بولاتتى. مېنىڭ سەن دېمەتلىك بىر قىزىم بار، ئۇ باشقا سەييارىدىكى بالىلار بىلەن ئۇچرىشىشنى، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدۇ. مەن قىزىم بىلەن كۆرۈشتۇرۇشكە سېنى تاللىدىم. چۈنكى سەن ھەم يۈرەكلىك، ھەم ئوقۇشتا تىرىشچان ئوقۇغۇچىسەن.

— بۇنى سىز قانداق بىلىسىز، تاغا؟ — دېدى مۇختەر ھەيران قالغانلىقىنى يوشۇرماي.

— بىزنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىمىز سىلەرنىڭ ئالىملىرىڭلارنىڭ مۆلچەرىدىكىدىنمۇ يۇقىرى. بىز نېمىنى بىلىشنى خالىساق شۇنى بىلەلەيمىز.

— سىز ئۇيغۇرچە سۆزلەشنىمۇ بىلىدىكەنسىز - ھە؟

— سىلەرنىڭ سەييارىدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىمىز.

ئارىكلىت ئەپەندى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، كاستيۇمىنىڭ بىر تۈگمىسىنى ئويناپ قويغاندەك سىيلاپ قويۇۋىدى، بايىقى ئىشىك يەنە ئېچىلىپ، سېرىق بۇدۇر چاچلىرىغا كېپىنەكچە قىلىپ ئاق لېنتا چىگكەن، ئاق سېرىق، كۆزلىرى قارا، ئورۇقتىنا بىر قىز يۈگۈرگەندەك كىرىپ كەلدى.

— مانا، بۇ مېنىڭ قىزىم، ئىسمى ئارگىلا، — دەپ تونۇشتۇردى ئارىكلىت ئەپەندى قىزىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — مانا بۇ سەن ئۆزۈڭدىن بېرى كۆرۈشكە، دوست بولۇشقا ئالدىرىغان مۇختەر.

ئارگىلا مۇختەرنىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە سەپسېلىپ قاراپ دادىسىدىن:

— ئۇ يەردىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مۇختەرگە ئوخشامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق كېلىدۇ، — دېدى دادىسى، — بالىلارمۇ شوخ، ئېتىك بولىدۇ. ئەمدى سەن مۇختەرنى ئوبدان مېھمان قىل، پاراڭلاشقىن.

ئارىكلىت ئەپەندى چىقىپ كەتتى. ئارگىلا مۇختەرنى مېۋە - چېۋە يېيىشكە زورلىدى.

— دادام سىلەرنى 30 — 40 بالا بىر ئۆيگە يىغىلىپ ئوقۇيدۇ، دەيدۇ، شۇ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى ئارگىلا قىزىقىپ.

— ئۆي ئەمەس سىنىپ، — دەپ تۈزەتتى مۇختەر، — بىز مەكتەپتە سىنىپلارغا بۆلۈنۈپ ئوقۇيمىز. دەرسنى بىللە تەييارلاپ، بىللە ئوينايمىز. سىلەرچۇ؟

— ئۆيدە ئوقۇيمىز. ئۆينىڭ بىر تېمى تېلېۋىزور بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغىلى بولىدۇ.

— بىزدىمۇ تېلېۋىزوردىن دەرس ئاڭلاپ ئوقۇيدىغانلار بار. تېلېۋىزورلىرىمىز كىچىكرەك، ئەمما، كېيىن چوقۇم سىلەرنىڭكىدەك چوڭ بولىدۇ.

— بۇ ئانچە ياخشى ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— دوستلىرىمىز بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرالمايمىز. سىلەرنىڭ بەك كۆڭۈللۈك ئىكەن.

— مەن بۇنى ئويلىماپتىمەن.

— سىز مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالامسىز، مۇختەر؟

— خالايمەن، بىراق مەن سىزنى نەدىن تاپىمەن؟

ئارگىلا ئويلىنىپ قالدى.

— مەن سىزگە بىر كىچىك قۇتا بېرىمەن، ئۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ سۈرىتىم ئېلىنغان لېنتا بار. سىز مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىسىڭىز قۇتىغا قارىسىڭىزلا مەن پەيدا بولىمەن. ئىككىمىز خالىغانچە سۆزلىشەلەيمىز. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن دادامدىن رۇخسەت ئېلىشىم كېرەك...

ئارگىلانىڭ كېيىن ئاياغلاشماي تۇرۇپلا، غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئارگىلانىڭ دادىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى:

— بۇ سوۋغاتنى بەرسەڭ بولىدۇ، قىزىم، بولمىسا مۇختەرنىڭ دوستلىرى سىلەرنىڭ دوستلۇقىڭلارغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن.

ئارگىلا خۇشال بولۇپ ئۆيدىن چىقتى-دە هايال ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىسىنىڭ قېپىدەك كېلىدىغان بىر قارا قۇتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— مېنى سىز قانداق كۆرىسىز؟ — دەپ سورىدى مۇختەر قۇتىنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ قاراپ. بۇ بىر ئاددىيلا قۇتا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارگىلانىڭ سۈرىتى چىقىشىغا، هەم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە مۇختەرنىڭ تازا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئىككىمىز بۇ يەردە سۆزلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزنىڭ هەممىسى لېنتىغا ئېلىنىۋاتىدۇ، — دېدى ئارگىلا، — مەن ئۇنى دوستلىرىمغا قويۇپ بېرىمەن. ئۇلارمۇ باشقا بىر سەييارىدە ئۆزلىرىدەك باللارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشىدۇ.

ئىككىسى قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى، هەر ئىككىسىگە ئۆز سەييارىسىدىكى بىر-بىرىگە يات بولغان نەرسىلەر ئاجايىپ-غارايىپ بىلىنىپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمۇ سېزىلمەي قالدى. ئەگەر ئارگىلانىڭ دادىسى كىرىپ سۆهبەتنى بۆلۈۋەتمىگەن بولسا، ئىككىسىنىڭ پاراڭى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— كەچۈرىسەن ئوغلۇم، — دېدى ئارىكلىت ئەپەندى مۇختەرگە قاراپ. ئۇنىڭ بايىقى مۇلايىم تۇرقى سەل جىددىيلىشىپ قالغانىدى، — بىزنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى.

— دادا، يەنە بىر ئاز... — دەپ يالۋۇردى ئارگىلا.

ئارىكلىت ئەپەندى قەتئىي رەت قىلدى:

— بولمايدۇ قىزىم، بۇنىڭدىن ئارتۇق قىلغا سەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيسەن.

ئارگىلا كۆزى قىيمىغان بىر هالەتتە مۇختەر بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلغان ئىشىكنىڭ تۈۋىگە ئەمدىلا كېلىشىگە، مۇختەر ئۇنىڭغا بىر نېمە سوغات قىلمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئارگىلانى چاقىرىپ توختىتىۋالدى.

— ئارگىلا، مەن سىزگە نېمە سوۋغات قىلسام بولار؟ — مۇختەر يانچۇقلىرىنى ئاقتۇرۇۋىدى، قويرۇقىدا ئۆچۈرگۈچى بار، ئىشلىتىپ يېرىملىشىپ قالغان قېرىنداش قولىغا چىقتى، — مۇشۇ قېرىنداشنى بولسىمۇ ئېلىپ كېتىڭ. مېنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييارلىقىم بولمىغاچقا، سوۋغىتىم بەك ئاددىي بولۇپ قالدى.

ئارگىلا قېرىنداشنى قولىغا ئېلىپ قىزىقتى.

— بۇنى نېمە قىلىدۇ؟

— خەت يازىدۇ، ئۇچىدىكى قارا نەرسىدە.

— بەك ياخشى ئىكەن، مەن زادىلا قولۇمدا خەت يېزىپ باقمىغان...

— بولدى قىزىم، تېزرەك ماڭايلى.

ئارىكلىت ئەپەندى قىزىنى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئەمدىلا ئىككى قەدەم مېڭىشىغا، ئارگىلادا يۈز بېرىۋاتقان

ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ مۇختەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز بولدى: ئاۋۋال ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىنچىكىلەپ، تاپىنى بارماقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېپىز پەردە بار ئۆردەك پۇتىغا ئايلاندى. ئاندىن ئۇستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى يوقىلىپ تۈگۈر - تۈگۈر بولۇپ قورۇلۇپ كەتكەن قوڭۇر رەڭلىك بەدەن كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنى ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشىشىپ قالدى. ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرى شۇنچىلىك يوغان، ھەم قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئۇنىڭدا ھېلىلا خۇشاللىقتىن چاقناپ تۇرغان ئالامەتلەردىن ئەسەر قالمىغانىدى. چىرايلىق سېرىق چاچلىرىنىڭ ئورنىدا بىر نەچچە تال يىرىك تۈك دىڭگىيىپ تۇراتتى.

ئارگىلا ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزمىدىمۇ، ئارقىسىغا قاراپ بېغىشى ئىنچىكە، ئالقىنى كەڭ قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ فوتو ئاپپاراتىنىڭكىدەك دۈگىلەك كۆزلىرىنىڭ تىكىلىشى شۇنچىلىك سوغۇق ھەم ئىپادىسىز ئىدىكى، داڭ قېتىپ قالغان مۇختەر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

— قورقۇپ كەتتىڭ - ھە.

بۇ ئارېكلىت ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئارېكلىت تاغامۇ شۇنداق قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغان بولسا قانداق قىلارمەن دەپ ۋەھىمىگە چۈشكەن مۇختەر دەككە - دۈككىدە كۆزىنى ئاستا ئاچتى. ئارېكلىت ئەپەندى ئۆزگەرمىگەنىدى، مۇختەر يېنىك تىن ئالدى.

— بىزنىڭ ئەسلى قىياپىتىمىز ئەنە شۇنداق، بۇ سىلەرگە ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىلىنىدۇ، — دېدى ئارېكلىت ئەپەندى ئەيىبكار ئادەمدەك قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ساڭا بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرسىتىش نىيىتىم يوق ئىدى. ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتىنى ئالدىراپ بۆلۈۋېتىشتىكى سەۋەبمۇ شۇ. چۈنكى ئارگىلانىڭ ئەسلى قىياپىتىگە يېنىپ كېتىشىگە ئىككى مىنۇت قالغانىدى.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى مۇختەر. ئۇنىڭ قورقۇنچى تارقىلىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاۋازى تىترەيتتى، — سىزمۇ ئۆزگىرىپ كېتەمسىز؟

ئارېكلىت ئەپەندى ئويلىنىپ قالدى.

— بىز كائىناتتىكى نۇرغۇن سەييارىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، — دېدى ئۇ ھېلىلا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ئۆزگىرىشنىڭ تەسىراتىدىن سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، — بىز كۆرگەن مەخلۇقلارنى ساڭا سۈرەتلەپ بېرەلمەيمەن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىزگە ياقمىدى. بىزنىڭ ئالەم كېمىلىرىمىز سىلەر ياشاۋاتقان سەييارىنى بايقاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ بىز كۆرگەن سەييارىلاردىكى مەخلۇقلارغا قارىغاندا مۇكەممەل، كۆركەم تۈزۈلۈشكە ئىگە ئىكەنلىكى، ياشاش شارائىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىزنى قاتتىق جەلپ قىلدى. بىز بىرقانچە مىڭ يىلدىن بېرى سىلەرنى تەكشۈرۈپ، سىلەرنىڭ ئىنسان تەبىئىتىڭلارنى ئۆزلەشتۈرۈش، سىياقىڭلارغا كىرىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ بىئولوگىيىلىك سىناقلارنى ئېلىپ باردۇق. ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىنسان قىياپىتىدە تۇرۇشى تۇراقلىق بولسىلا بىز مەقسىتىمىزگە يەتكەن بولىمىز.

— سىلەرنىڭ بىزگە ئوخشاش بولىۋالغان ئادەملىرىڭلار بىزنىڭ يەر شارىمىزدا بارمۇ؟

— سەن بەك ئىچكىرىلەپ كەتتىڭ، بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەيمەن، بۇنىڭغا كەلگۈسى جاۋاب بېرىدۇ. ساڭا ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزۈم شۇكى، تىرىشىپ ئوقۇ، بۇ ئالەم مۆلچەرلىگۈسىز سىرلىق ئالەم، ئۇنى پەقەت پەن - تېخنىكىغا تايىنىپلا يەشكىلى بولىدۇ. خەير، ئاتا - ئاناڭغا سالام ئېيت، بىز يەنە كۆرۈشىمىز.

مۇختەر گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمىدى، ئۆي ئىچىدە سۇس يېشىل نۇر تولغىنىپ ئايلىناتتى. شىرىن مۈگدەك باسقان مۇختەر ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرماي دىۋانغا ئاستا سوزۇلۇپ ياتتى.

* *

مۇختەر ئويغانغاندا ئەتىگەنكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ شولىسى ئىشىكنىڭ سىرلانغان يۈزىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن كېرىلىپ تۇرۇسقا قاراپ بىردەم ياتتى، كېيىن نېمىنىدۇر ئەسلەشكە ئۇرۇنۇپ قوشۇمىلىرىنى تۈردى. توغرا، ئۇ چۈش كۆرگەنىدى، چۈش بولغانىدىمۇ ئاجايىپ قىزىق، سىرلىق بىر چۈش كۆرگەنىدى. ئۆيدە توزۇپ يۈرگەن يېشىل نۇر ... خىسلەتلىك ئادەمدەك ئاسماندا ئۇچۇش ... ئۇچار تەخسە ... ئارېكلىت ئەپەندى ... ئارگىلا ... ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ شۇنداق ئېنىق ئەسلەشكە باشلىدىكى، كۆرگەنلىرى ئۆڭىدە بولغان ئىشتەك بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.

— ئارېكلىت تاغا ... ئارگىلا! — دېدى ئىختىيارسىز پىچىرلاپ.

— ئويغاندىڭىزمۇ، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن مۇختەر، — دېگەن ئاۋاز يېنىدىلا ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇش ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ تام-تورۇسلارغا يۈگۈردى.

— ھودۇقماڭ، مەن ئالدىڭىزدىغۇ، ئۈستەل ئۈستىدە.

ئۈستەلگە قاراش ئەمدىلا ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئىككىلا قەدەم نېرىدىكى ئۈستەلدە ئۇنىڭ ئالقىنىدەك كېلىدىغان كىچىككىنە رەڭلىك ئېكراندا تونۇش چىراي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئارگىلا! — خۇشال بولۇپ كەتكەن مۇختەر ئىتتىك بېرىپ قارا قۇتىنى قولىغا ئالدى — بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەسكەندە ... مەن تېخى ... ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

ئارگىلا بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— نېمىشقا ئىشەنگىڭىز كەلمەيدۇ. بىز ئۇچار تەخسىدە كۆرۈشۈپ، ئىككىمىز دوست بولدۇققۇ. قولىڭىزدىكى مانا بۇ قۇتا دوستلۇقىمىزنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ.

— راست، مەن ئۇچار تەخسىدە سىز بىلەن كۆرۈشتۈم، ئىككىمىز دوست بولدۇق...

ئىشىك تاقىلدىدى، ئارقىدىنلا دادىسىنىڭ «مۇختەر، ئورنىڭدىن تۇردۇڭمۇ؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇختەر قانداق قىلىمەن دېگەندەك ئارگىلاغا قارىدى.

— ئاتا-ئانىڭىز، ھەدىڭىز بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايمەن، — دېدى ئارگىلا ئۇنىڭ قارىشىنى چۈشىنىپ.

مۇختەر قارا قۇتىنى ئۈستەلگە ئاۋايلاپ قويدى-دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىدىكى ھاياجاننى باسالماي قالدى.

— دادا، مەن ئۇچار تەخسىدە بولدۇم ... ئاخشام كېچىدە ... مېنىڭ تاشقى پلانېت ئادەملىرىدىن دوستۇم بار ... — مۇختەر ئۇلار ئاڭلىماي قالمىسۇن دېگەندەك ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى. ئاشخانىغا كىرىپ چاي ھازىرلاۋاتقان ئاپىسىنى قولىدىن تارتىپ چىقتى. ئۆي بېسىقتۇرۇۋاتقان ھەدىسى ئىشىنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى. مۇختەرنىڭ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆندەرىگەندەك ئىنسانلار ئۈچۈن سىرلىق تېپىشماق بولغان «ئۇچار تەخسە» ھەققىدە گەپ قىلىشى ئۇلارنى قورقىتىۋەتتى. ھەممىنىڭ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن «مۇختەر ئېلىشىپ قالدىمۇ، نېمە؟» دېگەندەك بىر خىل چۆچۈش، ۋەھىمە چاچراپ تۇراتتى.

مۇختەر قارا قۇتىنى دادىسىغا

كۆرسەتتى. قۇتىنىڭ بىر يۈزىدىكى رەڭلىك ئېكراندا، سېرىق چاچلىق بىر قىز ئۇلارغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

— بۇ مېنىڭ دوستۇم ئارگىلا، — دېدى مۇختەر ئۇلاردا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلماي، — بىز ئۇچار تەخسىدە كۆرۈشتۇق، يەنە ئارېكلىت تاغامۇ بار...

— مۇختەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىڭلار، — دېگەن يېقىملىق ئاۋاز كەلدى. ئارگىلا ئۇلارغا قارىغىنىچە سۆزلەۋاتاتتى، — دادام سىلەرگە سالام ئېيتىشنى ماڭا تاپشۇردى. سىلەرنىڭ رۇخسىتىڭلارسىز مۇختەرنى يېرىم كېچىدە ئۇچار تەخسىگە ئېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن سىلەردىن كەچۈرۈم سورىدى.

بۇ ئاجايىپ مۆجىزە ئۇلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى، ئەنسىرەتتى، تىترەتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال مۇختەرنىڭ دادىسى ئۆزىگە كېلىپ قۇتىنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئالدى.

— قىزىم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، — دادىڭىزغا بىزنىڭمۇ سالىمىمىزنى يەتكۈزۈڭ، بىزمۇ سىلەر بىلەن دوست بولۇشنى خالايمىز. سىزنىڭ مۇختەر بىلەن دوست بولغانلىقىڭىزغا ئىنتايىن خۇشالمىز.

— رەھمەت، بىز بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىنى مۇختەر ئۆزى سۆزلەپ بەرسۇن. مەن ئەمدى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەيمەن، چوڭلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭا ئىجازەت بېرىلمىگەن، مەن مۇختەرنىڭ دوستلىرىغىلا كۆرۈنۈپ سۆزلىشەلەيمەن. خەير - خوش.

ئېكران ئۆچتى، قۇتا يەنە ئادەتتىكى بىر قارا قۇتىغا ئايلىنىپ قالدى. مۇختەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالغان ئاتا - ئانىسىغا ئۆزىنىڭ تاشقى پىلانېت ئادەملىرى بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مۇختەرنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندا دادىسى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى ۋە ئوچۇق ئاسمانغا قاراپ بىر دەم خىيال سۈرۈپ قالدى.

— دېمەك ئۇچار تەخسە ھەرگىز خىيالىي نەرسە ئەمەس ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئويچان ھالدا، — مەن مۇنداق بىر نېمىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاجىزلىق يېرى بار ئىكەن. ئارېكلىت ئەپەندى توغرا ئېيتىپتۇ، پەقەت پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايانغاندىلا ئالەمنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولىدۇ، — ئۇ ئويچان كۆزلىرىنى مۇختەردە توختىتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن بۇ دوستلۇقنى قەدىرلە، ئوغلۇم. تىرىشىپ ئوقۇ، ئۇلار ساڭا ئالەم سىرىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. قالغان سىرىنى ئېچىش ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم - پەن ئىگىلەپ ئىزدىنىشىگە باغلىق.

مۇختەرنىڭ چوڭ قوي كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى قۇتىغا قاراپ قويۇپ:

— مەن شۇنداق ئىرادىگە كەلدىم، دادا، — دېدى ئىشەنچ بىلەن، — تىرىشىپ ئوقۇيمەن، كەلگۈسىدە ئۆزىمىزدە ياسالغان ئالەم كېمىسىنى ھەيدەپ ئۇلار ياشاۋاتقان سەييارىگە قونىمەن. ئارگىلا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا يەر شارىدىكىلەرنىڭ دوستلۇق سالىمىنى يەتكۈزىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل



ئېلمىيار ئۆمەر

# دادام دېگەن ـ ھە...

(ھېكايە)

مەن بەزى كەچلىرى يېتىپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قالىمەن. شۇنداق چاغلاردا نېمىشقىدۇر كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ئىش شۇ زاماتلا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ...

بۇ بىر ئەتىياز مەزگىلىدە بولغان ئىش ئىدى. شۇ چاغدا مەن 11-12 ياشلاردا ئىدىم. بىر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپ ئۆيگە كەلگىچە كۆرمىگەننى كۆردۈم: شۇ يىلى قىشتا قار ناھايىتى قېلىن چۈشكەچكە، ئەتىياز كىرىشى بىلەن ھەممە يەر خۇددى بىر زەيكەشلىكتەك چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتتى. ئۆيىمىز بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئالتە ـ يەتتە يۈز مېتىر كېلىدىغان بىر تۈزلەڭلىكنى كېسىپ ئۆتسەكلا كېلەتتۇق. ئېتىزلىقنىڭ يۇمشاق ئەت توپىسى قار سۈيىگە راسا تويۇنغاچقا، يەر خۇددى ئۇسا قىلىنغاندەك يۇمشاق ئىدى. ئادەتتە ئون ـ ئون بەش مىنۇت ماڭىدىغان يولنى شۇ كۈنى كەم دېگەندە بىر سائەت ماڭغاندىمەن! شۇ يىلى پۇتۇمدا ئاياغ قالماي، ئاپامنىڭ ئۆتۈكىنى كىيىپ يۈرگەنىدىم. ئۆتۈكنىڭ چەمى تېشىلگەن، چۆرىلىرى ئاجراپ ئارىسىدىكى نېپىز تاختايلىرى چىقىپ قالغانىدى. پۇتۇمغا سۇ كىرىپ پايپىقىلىرىم چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. پۇتۇمدىكى ئۆتۈك بولسا خۇددى جىڭمومىدەك ھۆپپىيىدە كۆپۈپ كەتكەنىدى. مانا بۇ ئېغىر ئاياغنى كۆتۈرۈپ مېڭىش پۇتقا ئېغىر تاش باغلاپ قويۇلغان بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇچامدىكى يوغان پاختىلىق چاپان خۇددى بويۇنۇمغا بىردىرى مىنىۋالغاندەك ئېغىر كەلدى. پۇتتىن نەم ئۆتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى قورساقنىڭ ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر جاقىلداپ تىترەيتتىم. مەن شۇ تەرىزدە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا ئاران كېلىۋالدىم. ھويلىغا كىرىپ بوينۇمدىكى بوقچامنى، ئۇچامدىكى چاپاننى، پۇتۇمدىكى لەنتى ئۆتۈكنى سېلىپ پېشايۋانغا تاشلاپ، پۇتۇمغا ئەسكى چۇخىيىمنى سىيىپ ئۆيگە كىردىم.

دادام پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، تام مەشكە يۆلەنگىنىچە تاماكىنى پۇقۇرۇتۇپ چېكىپ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى كۆپكۆك ئىس ئىدى. ئۇكىلىرىم بولسا دادامنىڭ ئاغزىدىن چىققان دۈگىلەك ـ دۈگىلەك ئىس چەمبىرەكلىرىنى بوشلۇقتا تۇتۇپ ئويناۋاتاتتى. ئاپام مېنى كۆرۈپلا، يىغاي دەپ ئەمدى كۆتۈرگەن جوزىنى قايتا قويۇپ:

— نېمانچە كېچىكسەڭىز! — دېدى سەل خاپا بولغان قىياپەتتە.

دادام بولسا مېنىڭ ئۈستى-بېشىمغا بىر قارىۋېتىپ:

— ماياقلا ئۆتۈپ، چېيىڭنى ئىچ، — دېدى.

مەن جوزىغا مەھكەم چاپلىشىپ، چاينىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئاپام پەلتىنىڭ ئۈستىدىن تۆپىسىگە تەخسە كۆمتۈرۈلگەن بىر ئاپقۇرنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى:

— چاپسانراق ئىچ، دادىڭ بىر يەرگە بۇيرۇيدىكەن، — دېدى ئاپام.

قۇرسىقىم ئېچىپ، پۇت-قولۇمدا مادار قالمىغانىدى. نېمە ئىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىنىمۇ سورىماستىن، ئاپقۇرنىڭ ئۈستىدىكى چىنىنى ئالدىراپ ئالدىم. ئاپام ناننى چىلاپ قويغانلىقىغا خېلى بولغان بولسا كېرەك، چىنىدىكى زاغرا نان خۇددى قۇيغان ئۆپكىدەك كۆپۈپ، چاي كۆرۈنمەي قالغانىدى. قۇرساقنىڭ ئاچلىقىدا چاينى چىنىدىن بېشىمنى كۆتۈرمەستىن ئىچىپ بولدۇم. بەدەنلىرىم خېلى ئىسسىغاندەك بولدى. قىزىق ئىش، قۇرساق غورىگىل چاغلاردا يېگەن نەرسە لەززەتلىك تېتىيدىكەن. شۇ چاغدا يېگەن نەرسىلەرنىڭ تەمى تاھازىرغىچە تىلىمدىن كەتمەيدۇ...

چاينى ئىچىپ بولۇپ نېمە ئىش دېگەندەك، دادامغا قارىدىم.

— كۆمۈر بازىغا كىرىسىن كەپتۇ، — دېدى دادام رەتلىك قاتلانغان تىيىنلارنى ماڭا تەڭلەپ، — مانا ماۋۇ 65 تىيىن. پۇلنى مەھكەم سېلىپ بېرىپ، بىر كىلو كىرىسىن ئەكەل.

پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ بىردەم تۇردۇم. ئاپام قېشىمغا كېلىپ:

— پۇلنى مەھكەم يەرگە سالغانسەن؟ — دېدى پۇل سالغان يانچۇقۇمنى سىيلاشتۇرۇپ، — ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، چۈشۈرۈپ قويمىغىن يەنە!

مېنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپلا پۇل «چۈشۈرۈپ قويىدىغان» يامان كېسىلىم بار ئىدى. گەپ-سۆز قىلماستىن يەنە بىردەم تۇرۇپ قالدىم.

ئاپام ئاچچىقلانغاندەك ماڭا قارىدى:

— چېكەتكىدەك قاراپ تۇرىسەنغۇ، ماڭمامسەن، تۈگەپ كېتىدۇ ھېلى بىكا...

— نېمە كىيىمەن؟ — دېدىم پۇتۇمنى كۆرسىتىپ.

— ئۆتۈكچۇ؟

— تېشىلىپ، سۇ كىرىپ كەتتى.

ئاپام دادامغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. تاماكىنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ ئولتۇرغان دادام ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پەگاغا كەلدى-دە، ئېغىر خورسىنغان ھالدا دېدى:

— بۇ جاھان نېمە بوپ كېتىۋاتىدىكىن-تاڭ... ئىش ھەجەبمۇ ئاقسىدى...

ئاپام سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەستىن، يوغان كۆك كىرىسىن بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈپ كىردى:

— ماڭ بالام، يولنىڭ چەت-چۆرىلىرىمۇ خېلى ئەكچىپ قالدى، ماۋۇ چۇخەيىڭنى كىيىپ، دىككىدە بېرىپ، ئەكىۋال، — دېدى.

مەن ئەسكى چۇخەينى قوڭالتاق كىيىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن تالاغا قاراپ ماڭدىم.

* *

دېگەندەك، كۆمۈر بازىغا بارىدىغان چوڭ يول — ئادەملەر تولا ماڭىدىغان چوڭ كوچا بولغاچقا، چەت-چۆرىلىرى خېلى ئەكچىپ قۇرۇپ قالغانىدى. قولۇمدىكى بوتۇلكىنى مەھكەم تۇتۇپ، يولنىڭ قارايغان يەرلىرى بىلەن خۇددى بىر تاختاي قويۇلغان ئۈستەڭدىن ئۆتكەندەك ئاۋايلاپ مېڭىپ كۆمۈر بازىغا يېتىپ كەلدىم،

بۇ قورا ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن قايسى بىر باينىڭ قورۇسى ئىدى. بۇ يەردە كۆمۈر ۋە كىرسىن سېتىلاتتى. بىز ئاددىي قىلىپ ئۇ يەرنى «باز» دەپ ئاتايتتۇق. بازنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندىكى سول تەرەپتىكى ئۇزۇن لاپاس ئاستىغا تورۇسقىچە كۆمۈر تىزىلغان بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگە قارايدىغان كىشىنىڭ رەڭگى - رويىمۇ خۇددى كۆمۈردەك قارا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى سۈتتەك ئاق، قايماقتەك يۇمشاق ئىدى. شۇڭا بۇ قورۇ بالىلارنىڭ ئوينايدىغان ئەركىن دۇنياسى ئىدى. مانا مۇشۇ لاپاسلارنىڭ قارشىسىدا پاكار - پاكار ئۆيلەر بار ئىدى. مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە كىرسىن سېتىلاتتى. قارىسام ئۆينىڭ ئالدىدا تۆمۈر بانكا، تورلۇك بوتۇلكىلارنى تۇتقان ئۇششاق-چوڭ بىرمۇنچە ئادەم ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەنمۇ ئۇدۇل بېرىپ ئۆچىرەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىن ئورۇن تۇتتۇم. خۇددى كىرسىن ھېلىلا تۈگەيدىغاندەك باس - باس ئىدى. كىرسىن ساتقۇچى تۇرۇپ - تۇرۇپلا:

— ئالدىرىماڭلار، سادىغاڭ كېتەيلەر، ئالدىرىماڭلار، ھەممىڭلارغا يېتىدۇ...— دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

مەن خېلى ۋاقىتقىچە ئۆچىرەت ساقلاپ ئاخىرى زېرىكتىم. شۇ ئارىدا دۇكاننىڭ كەينى تەرىپىدىن بالىلارنىڭ چۇقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. نېمىش بولۇۋاتىدىكىن، دېگەن ئوي بىلەن بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ، ئارقىغا ئۆتتۈم.

پاھھوي! بۇ يەر ئاجايىپ قايناپ كەتكەنىدى: بىر تەرەپتە ئىككى - ئۈچ بالا ئوشۇقنى قاتار تىزىپ، تاككىسىغا قوغۇشۇن قويۇلغان ساقا ئوشۇقلىرىنى يىقىتىشىپ «ئۆچتاپان»① ئويناۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتە ئالتە - يەتتىسى غۇژمەك بولۇپ، «سېپىمەك»② ئويناۋاتاتتى، يەنە بىر يەردە تۆت - بەش بالا چاپان - ئاياغلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، جەرەنىدەك سەكرەپ تەپكۈش ئوينىماقتا ئىدى. يەنە بىر جايدا — تامنىڭ قېشىدا خۇددى مەن دېمەتلىك بالىلار بىر تىيىندىن ئوشۇق ئېتىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى يوغان قاپاقتا رەتلىك سانجىلغان قەندەلنى كۆتۈرۈپ، سورۇنمۇ سورۇن ئاپىرىپ:

— شەكەرى قەندەل، ئون تىيىنگە ئالتە، بەش تىيىنگە ئۈچ!— دەپ ۋارقىراپ ساتاتتى.

قەندەلنى كۆرۈپ ئاغزىمدىن سېرىق سۇ ئېقىپ كەتتى. ئېلىپ يەي دېسەم، يېنىمدا كىرسىننىڭ پۇلىدىن باشقا پۇل يوق ئىدى. ئامالسىز قىمار ئويناۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ تۇردۇم. قوللىرى يېرىلىپ، قارا چىبەرقۇتتەك بولۇپ كەتكەن، يۈزلىرى پاسكىنا، ئاغزى جۆجەي بىر قارا بالا ئون تىيىن ئۇتۇپلا قەندەلچىنى چاقىردى:

— ئۇتقان پۇلغا قەندەلەت...

ئۇ، ئون تىيىنگە ئالتە قەندەلنى ئېلىپ، ئاغزىغا ئىككىدىن - ئىككىدىن سېلىپ، شالىنى ئاقتۇرۇپ يەيتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىمنى تامشىتىپ تۇرۇپ: ئاشۇنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالسامچۇ! دەپ ئويلاپ كەتتىم. «مەنمۇ ئوينايمىكىن؟» كاللامغا بۇ ئوي كەلگەن ھامان ئۆزۈمدە ئاجايىپ بىر قىزىقىش پەيدا بولدى. ئويىنىسام ھەممىنىڭ پۇلىنى بىردەمدە ئۇتۇۋالىدىغاندەك قىلاتتىم.

«بەش تىيىن دەسمايە سالسام — دەيتتىم

① ئۆچتاپان — ئوشۇق ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى.
② سېپىمەك — ئوشۇق ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى.

ئۆز - ئۆزۈمگە، ئاز دېگەندە ئون تىيىن ئۇتۇۋالسام، قەندەلدىن ئالتىنى ئېلىپ ئىككىنى ئۆزۈم يەپ، تۆتىنى ئىككى ئۇكامغا ئاپارسام...»

مەن شۇ خىياللار بىلەن تاۋۇكا يېنىدىن ئورۇن ئالدىم. ئەمما نېمىشقىدۇر ئۆزۈم بىر ئاز جىددىيلىشىپ، بەدىنىمگە تىترەك ئولاشقاندەك بولدى. ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ، ئىككى تىيىننى تىكتىم. ئاتقان ئوشۇقۇم بىسمىللىسىغىلا «چۇ» چۈشتى. قارشى تەرەپكە پۇلنى بەرگەچكە قوللىرىم تىترەپ كەتتى. ئارقىدىن ئۈچ تىيىننى بىراقلا تىكتىم. قارشى تەرەپ بىر ئېتىپلا «سىيا» چۈشۈرۈۋالدى. ئوشۇققا قاراپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالاي دېگەندى. ناھايىتى تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇتتۇرغان پۇلغا ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى چىمىلداپ ئېچىشقاندەك بولاتتى. «پۇلنى قاراپ تۇرۇپ خەققە بېرىۋەتكىچە، قەندەلدىن ئۈچنى ئېلىپ يېگەن بولسام قانچىلىك ياخشى ئىدى - ھە! ياق، چوقۇم قايتۇرۇپ ئېلىشىم كېرەك!»

مەن تاۋۇكادىن ئورۇن ئالدىم. يەنە تىكتىم. ئوشۇق خۇددى ماڭا ئۆچ بولۇپ قالغاندەك، مېنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك زادىلا كەلمەيتتى، كەلمىگەنسېرى جىلە بولۇپ، «دەتتىكام!» دەپ سول پۇتۇمغا غەزەب بىلەن ئۇراتتىم. نېمە ئامال؟ ھەرقانچە ئۇرغان بىلەنمۇ ئوشۇق دېگەن ئامەتى بارلارغا كېلىدىكەن... شۇنداق قىلىپ كىرىسىننىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئۇتتۇرۇپ، ئورنۇمدىن سولىشىپ تۇردۇم. نېمىشقىمۇ ئوينىغاندىمەن، دەپ مىڭ پۇشايمان قىلدىم. ئۆيگە نېمدەپ بېرىشىمنى ئويلىسام تاۋۇكادىن نېرى كېتەلمەيتتىم، كۆزۈمگە ئەلەملىك ياش كېلەتتى. لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، ئۆزۈمنى بېسىۋالاتتىم. ھېلىقى جۆجەي ئىغىز بالا يەنە ئۇتتى، يەنە تاراسلىتىپ قەندەل يېيىشكە باشلىدى. مەن ئىچىمدە: «پۇلۇمنى بېرىۋەتسە نېمە بولار ئىدى - ھە!» دەپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ كەتتىم. بىراق ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاغزىمنى ئېچىپ بىر نەرسە دېسەم، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ھارغىچە تاياق يېيىشىم تۇرغان گەپ ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن قولۇمدىكى بوتۇلكىنى مەھكەم تۇتۇپ، دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۆچىرەتمۇ ماڭا كېلىپ قالغانىكەن. يېرىم كىلو كىرىسىننى ئېلىپ، ئېغىر قەدەملىرىمنى ئەستە سۆرەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇراي دېگەندى. كەچ كىرگەنسېرى ئاچچىق سوغۇق تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىچ - ئىچىمگە خۇددى يىڭنە سانجىلغاندەك ئۆتەتتى. يوللار تاراقلاپ توڭلاشقا باشلىدى. «قىشنىڭ سوغۇقى ياندىن ئۆتەر، ئەتىيازنىڭ جاندىن» دېگەندەك، پۇت - قول، بۇرۇن، قۇلاقلىرىم مۇزلاپ، ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ئۆيگە نېمدەپ بېرىشىمنى ئويلىسام، ئىچىمنى بىر نەرسە چاققاندەك ئېچىشاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ، قولۇمدىكى بوتۇلكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى يېرىم كىرىسىننى كۆرۈپ ھەرخىل ئويلاردا بولىمەن: «پۇلنىڭ يېرىمىنى چۈشۈرۈپ قويدۇم دەيمۇ، ياكى كىرىسىننىڭ يېرىمىنى تۆكۈلۈپ كەتتى، دەيمۇ؟ ئۇتكەندىمۇ شۇنداق دەپ قۇتۇلغان، بۇ نۆۋەت... ھە، راست...» بىر ئامال كاللامغا كېلىپ مېنى ناھايىتى

خۇشال قىلدى. خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم: شۇنىڭ بىلەن بوتۇلكىغا يەم بىلەن سۇ قاچىلىدىم، مەن داۋاملىق كىرسىن ئەكەلگەنلىكىم ئۈچۈن، بىر كىلو كىرسىننىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتىم، شۇڭا سۇنى نىشانلىغان يېرىمىدە توختىتىپ، ئۆيگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم.

ئەمما نېمىشقىدۇر ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىردىنلا ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ، بىر دەم تۇرۇپ قالدىم. «دادام بىلىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟» دېگەن نەرسە كاللامدا چاقماقتەك يېنىپ، خۇددى ئىچىمگە چۈشكەن بىر پارچە ئوتتەك بىئارام قىلاتتى. ئاخىرى كۆزۈمنى يۇمۇپ، چىشىمنى مەھكەم چىشلەپ، ھويلىغا كىردىم.

دادام پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ، ئۇچىسىغا ئەسكى لاتا يۆگەلگەن چوكىنى لامپا شىشىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ھورداپ سۈرتۈۋاتقانىدى. مېنى كۆرۈپ:

— بالام، بازار بىر يەرگە كۆچۈپ كەتمىگەندۇ؟ — دېدى. ئاندىن قولۇمدىكى كىرسىن بوتۇلكىغا قول ئۇزاتتى. قولۇم مۇزلاپ تاياقتەك بولۇپ كەتكەنىدى. دادام قولۇمدىكى بوتۇلكىنىڭ يېپىنى تەستە چىقىرىپ، قولۇمنى مەھكەم تۇتتى-دە:

— يۈگۈر بالام، ئۆيگە كىرىپ ئوت سىن، — دېدى. مەن ئۆيگە كىرىپ پىلىتىگە چاپلاشتىم. يەنىلا كاللامدىن دادام ئۇققاندىمۇ؟ دېگەن نەرسە نېرى بولمايتتى. مانا مۇشۇنداق تەشۋىش ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىمدا، تۇيۇقسىزلا دادامنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. يۈرىكىم بىر نەرسىنى تۇي-

غاندەك بولدى، «ئاپلا» دېگىنىمچە، ئالاقزادە بولۇپ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم، دادام بولسا كىرسىن بوتۇلكىسىنى سىڭايان كۆتۈرۈپ، پوتۇلكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرسەتتى:

— نېمىگەپ بۇ! بۇ ... بۇ، كىرسىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ قاپتىغۇ؟

ئاھ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟! بوتۇلكىدىكى كىرسىن بىلەن سۇ خۇددى مەن بىلەن قېرىشقاندەك، نەق ئوتتۇرىسىدىن بىر سىزىق بىلەن بۆلۈنۈپ تۇراتتى. كىرسىن بولسا ئۈستىگە لەيلەپ چىقىۋالغانىدى، سۇ بولسا ئاقۇش ھەم تىنىق كۆرۈنەتتى.

— نېمىگەپ بۇ-ھە؟ — دادام يەنە دېدى.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي دەررۇلا:

— يېرىم كىلو، يېرىم كىلودىن ئىككى رەت قۇيغان...

— ھا ... ھا ... ھا ...

دادام قاتتىق بىر كۈلگەندىن كېيىن يەنە قاپىقىنى شاپپىدە تۈردى، ئەلپازى ناھايىتى سۈرلۈك تۈس ئالدى. دادامنىڭ قاتتىق بىر كۈلگەنلىكى بىلەن قاپىقىنى قاتتىق بىر تۈرگەنلىكىنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن شۇنچىلىك چۆچۈدۈمكى، خېلىغىچە ئۆزۈمگە كېلەلمەي قالدىم. يۈزۈم لاپپىدە ئوت ئالغاندەك بولدى...

دادام بولسا بىر ماڭا، بىر بوتۇلكىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن لامپىنى كۆتۈرۈپ، پېشايۋاننىڭ قارشىسىدىكى كىچىك دۇكان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— سېنى خېلى ئەقىللىق بالا بولدى

(ئاخىرى 122 - بەتتە)

پاتىمە مەخمۇت

# چاپاكەش

(ھېكايە)



قى، قى، قى...

خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى مېنى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. مەن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇمدە، سەگەكلىشىش ئۈچۈن ئېرىق بويىغا چىقتىم. ئېرىقتىكى سۇنىڭ رىتىملىق شارىلدىغان ئاۋازى، قۇشلارنىڭ توختىماي ۋىچىرلاشلىرى كىشىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرەتتى.

مەن ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇدا يۈزۈمنى يۇماقچى بولۇپ، ئېرىق بويىغا كەلگىنىمدە، ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىدا تۇرغان مومايغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ 60 ياشلار چامىسىدا ئىدى. ئۇ قورۇسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈش، سۇ چېچىش، ئەتراپتىكى گۈللەرنى سۇغىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئۈچىسىغا ئاقۇش رەڭلىك كونا چىت كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان بولۇپ، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

مەن مومايغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ مومايغا يېقىنلاشقىنىمدا، مومايىنىڭ قورۇسىدىن ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، ئاق يۈزلۈك، زىلۋا بىر چوكان چىقىپ كەلدى. قارىسىغا بوياۋالغان بۇدۇر چاچلىرى مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇ مومايغا قاراپ:

— ئاپا، ھازىر ئاياللار شىمىسىك تاۋاردىن كۆڭلەك كىيىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئاياللارمۇ كىيىشىپتۇ. مەنمۇ بىر كۆڭلەك كىيەي دېگەنىدىم، پۇل ئازلىق قىلىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن ئەركىن سىڭلىمگە 10 كوي بېرىپتىكەن، شۇنى بەرگەن بولسىلا، خوش بولار ئىدىم، — دېدى ھېيلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ.

موماي پۇلنى چىقاردى-دە، يالۋۇرغان ئاھاڭدا سۆزلىدى:

— قىزىم، ئوغلۇم تۈنۈگۈن ئون كوي بەرگەنتى، بىر كالاچ ئالاي دېگەنتىم، كالىچىم يىرتىلىپ كەتكەن، ئەمدى سىز بۇنداق دېۋاتىسىز، بوپتۇ ئەمىسە، ئىدارىمىزدىكى ئاياللارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالماڭ، — موماي پۇلنى چوكانغا ئۇزاتتى. چوكان پۇلنى ئېلىپ سومكىسىغا تىقتى ـ دە، تەرىنى تۇرۇپ:

— كالاچلىرىنى يامىتىپ كەيسىلىمۇ بولغىدەكقۇ، مەن ئىشقا ماڭدىم. باللارغا ئوبدان قارىسىلا. ھە، راست، كىرلەر يىغىلىپ قاپتىكەن، يۇيۇۋېتەلا، — دېگىنىچە تېز ـ تېز مېڭىپ كېتىپ قالدى.

مېنىڭ موماي بىلەن تونۇشلۇقۇم بولمىغاچقا، نېمىدەپ ئۇيلىشىمنى بىلمەي قالدىم. موماي ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ تاش ئۇستىگە كېلىپ ئولتۇرغاچ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىدى.

— ئۇلار تېخى ياش ئەمەسمۇ، ياشلار كىيىمگە ئامراق بولىدۇ. خۇدايىم باللارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن.

ئۇنىڭ يىراقتا تىكىلگەن مېھرىبان كۆزلىرى ئويچانلىق بىلەن سەل قىسىلغانىدى. بىچارە موماي سۇكۇتكە چۆكتى. مەنمۇ ئارقامغا ياندىم. بىراق ئوي ـ پىكرىم يەنىلا شۇ مومايدا قالدى. مەن بۇ يېزىغا كەلگەن بەش كۈندىن بېرى ئۇدا بەش سەھەر ئۇنى ئۇچراتتىم. بەزىدە ئۇنى قويلارغا ئوت ئېلىۋاتقان جايدا كۆرۈپ قالاتتىم، بەزىدە ئېرىق بويىدا قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقاندا ئۇچرىتاتتىم، گاھىدا يىغلاڭغۇ بىر بالىنى پەپىلەپ كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. شۇڭا مېنىڭ قەلبىمنى مومايغا بولغان ئېچىنىش تۇيغۇسى قاپلىۋالغانىدى.

ئاڭلىسام، قىيامەتتە دوزاخ ئازابىنى تارتىدىغانلار كۆپ چىقىدىكەنمىش، لېكىن ئورغۇنلىغان ئانىلار تىرىكلىكىدىلا دوزاخ ئازابىنى تارتىدۇ. ئانىلار پەقەت ئازاب چېكىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمىدۇ؟

مەسئۇل مۇھەررىر تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

(بېشى 120 ـ بەتتە)

دېگەنتىم، ھەي ـ ي ... يەنىلا بالىكەنسەن! — دەپلا دۇكان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

* *

شۇ ئاخشىمى گېلىمدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى. يېتىپ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. دۇكان ئۆيىنىڭ چىرىغى بولسا تېخىچىلا يېنىق، ئۇ يەردىن توكۇلداپ ئۇرۇلغان بولقا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتىسى دادام بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىسام، يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ، يۈز ـ كۆزۈمنى مەھكەم چۈمكەپ يېتىۋالاتتىم، خۇددى ئۇخلىسام تاڭ ئاتمايدىغاندەك، كۆزلىرىمنى زورىغا ئېچىپ، خىيال بىلەن ياتاتتىم.

شۇنداقتىمۇ كۆزۈمنىڭ قانداق ئويقۇغا ئېلىنغانلىقىنى سەزمەي قاپتىمەن

ئەتىسى ئۆندەرىگەندەك كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمنىڭ قېشىدىلا بىر پارە ئاياغ تۇرۇپتۇ. ئاياغنىڭ خورۇمىغا قارىسام كونا ئاياغدەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئىچى ۋە چەم ـ چۆرىلىرىگە قاراپ يېڭى تىكىلگەنلىكىنى جەزىم قىلدىم. كېيىن ئۇقسام، بىچارە دادام كېچىچە ئۇخلىماستىن، ئۆزۈندىن بېرى ئۇچىسىغا تارتىپ كەلگەن قەدىناس پەشتامىسىنى بۇزۇپ، ماڭا ئاياغ تىككەنىكەن. شۇندىن كېيىن، بۇ ئاياغ بىلەن پاتقاق يوللاردا زادى ماڭمىدىم...

دادا دېگەن ـ ھە ...؟!

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

# قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

جاڭ گويتىڭ (خۇيزۇ)

# جەنۇب شېئىرلىرى

## مۇقەددىمە

جەنۇبنى ماختىغان شېئىرلار تولا،
بىرىمۇ مەن ئېيتقان كۈي ئەمەس پەقەت.
كۆيلىمەك ئۈستىكى يوق ئەمەس لېكىن،
ئۇ ياققا بارغىنىم يوق بىرەر نۆۋەت.

بىر سۆز بار: شىنجاڭغا كەلمەي بىلگىلى
بولماس دەپ ۋەتەننىڭ چەكسىزلىكىنى.
بارمىسا جەنۇبقا بىلمەس تېخىمۇ
تاغ - دەريا ھەيۋىتى شەكسىزلىكىنى.

بىلمەيدۇ يايلاقلار ۋە ئوتلاقلارنىڭ،
دەشتلەرنىڭ، چۆللەرنىڭ قانداقلىقىنى.
مىللەتلەر ئۆملۈكىنىڭ قان - گۆشتەكلىكى
تۇغقاندەك ئىناقلىق - قوۋناقلىقىنى.
تەبىئىي يارىلىش - تۇغۇلۇق نېمە؟
شۇنداقلا يەر بىلەن ھەم ئاسمان بىلەن
جەڭ قىلىش، ئېلىشىشنىڭ قايناقلىقىنى.

بەختىنىڭ قۇشىمۇ كەلدى ئاخىرى،
ئاغزىدا چىشلەكلىك ئاددىي بىر باغاق.
جابدۇندۇم يۈك - تاقنى راسلاپ ئالدىراش،
بىر ئۇزۇن سەپەرگە بېسىپ مەن ئاياق.
ئېرىشتىم يېڭىچە تەسىراتلارغا،
ئېيتاي بىر ناخشامنى ئۆزەم بەك ئامراق.

## باشەگىم

قوش چوققا ئارىسى تارغىنا ئاسمان،
قەدىمىي يىپەك يولى شۇ يەردىن ئۆتەر.
باشەگىم ئۆتكىلى ھەيۋەت ئەزەلدىن،
مىڭ ئەرنىڭ يولىنى توسالار بىر ئەر.
— كۆندىلىك خاتىرەمدىن

جاڭ چيەننىڭ تۆھپىسى چوڭدۇر بۇ يەردە،
چىن سىنىنىڭ شېئىرى ھېلىمۇ نادىر.
قوشۇننى جەنۇبقا باشلىغاچ ۋاڭ جېن،
ئورالدى بەرقۇتقا تاقىر چۆل - ئېدىر.

باشەگىم ئامبىرىنىڭ سۇلىرى بۈگۈن
سۇغىرار چۆللەرنى تەشىمىدىن ئۆتۈپ.
ئۆزگىرەر نامراتلىق، قالاقلىقلار ھەم
ئىجادكار روھ بىلەن ماڭساق قول تۇتۇپ.

گۈزەلسەن ئاجايىپ، ئەي بايىنبۇلاق،
سەن جەنۇب دەرۋازىسى قەد كەرگەن ھەيۋەت.
تۇتىمەن يۈرىكىمنى ساڭا قوش قوللاپ،
رەڭمۇ رەڭ مەنزىرەڭدىن ياغار سەلتەنەت.

## يېشىل «سەددىچىن»

— ئاقسۇ كۆكيار قورۇلۇشىغا مەدھىيە

ئەسلىدە بۇ يەر
ئىكەن باياۋان.

تۇپرىقى ئۇنۇمسىز،
تاقىر بىپايان.
شامال چىققاندا يەر - كۆك قاراڭغۇ،
شامالسىزمۇ كۆپ توپا - توزانلار.
ئاقسۇ شەھىرى مىسالى قېيىق،
تەۋرىنىپ ئىككى ياققا ئىغاڭلار.
ھەشقاللا قۇرۇلۇش قوشۇنلىرىغا،
نەچچە ئون چاقىرىملىق جەڭگاھلار قۇرۇپ،
جەڭ قىلغاچ تۆت پەسىل،
يېشىل سەددىچىن
تىرىدى ئاسماننى زەبەردەست تۇرۇپ.

ياپيېشىل سەددىچىن دېگەن ئاتالغۇ
جىسمىسىز بىر ئۇقۇم ئىدى ئۆتكەندە.
بەلكى بەك چىرايلىق بولغانلىقتىندۇر،
شادلاندىم كۆكيارنى بېرىپ كۆرگەندە،
خىيالىي چۈش پەيدا بولدى شۇ دەمدە،
مەجنۇنتال چاچلىرى يەلكىنى ياپقان.
«تېرەكلەر سەپ تارتىپ قىلىچ سۇغارغان»
ئۈزۈملەر شاخلاردا ئەيلىنىپ جىلۋە،
تارتىنچاق چىلاننىڭ مەڭزى قىزارغان؛
مارجان سۇ پۈركەيدۇ ئەجدىھا ئاغزى،
دولقۇنلار گۈللەردىن ياسالغان ئوكيان.
ئېگىزدىن تاشلىساڭ يىراققا نىگاھ،
چىقىدۇ ئورماندىن كۆك ئىس بىپايان.
قاچمىسۇن ھېسلار دەپ خاتىرىلىۋالدىم
تاماكا قېپىنىڭ ئۈستىگە شۇئان.

بىر ئۇيغۇر يىگىتى
ئورمان تېخنىكى
ئۆزى خوپ قاملاشقان،
غەيۇر ۋە ئىشچان.
كۆرسەتتى قولىدا ئالدى تەرەپنى،
تەبەسسۇم ئىچىدە ئەيلىدى بايان:
قاراڭا، كېلەر يىل،
ئىنددىنقى يىلىغا،
ئىككى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشقا ھەم،
ئوتتۇز مىڭ مو يەرگە تاۋلىنىپ ياتقان.
كۈتىمىز، بېرەرسىز كۆرسەتمە، پىكىر،
قايتىدىن كەلگەندە ئۆزىڭىز بۇيان.

## ھەقىقىي خوتەن

كىشىلەر كۆڭلىدىن سۆيەر - ياقتۇرار
خوتەن قاشتېشىنىڭ پاكلىقىنى بەك.
ھەمىشە ئېغىزدىن چۈشمەي ماختىلار
خوتەن گىلىمىنىڭ يۇمشاقلىقى زەپ.
خوتەن يىپەكلىرىمۇ ئاجايىپ رەڭدار،
كۆنېلۇن تاغلىرى خەتەرلىك ئەجەپ.
بۇ يەرنىڭ بەك خىلۋەت، يىراقلىقى بار،
يامغۇرى ئاز، سۇيى زادى يېتىشمەس.
زاغرىسىنى چاينىماق، يۇتماق بەك قىيىن،
يوللىرى ئەگرىدۇر،
سەپەر قىلماق تەس.
سۆزلىمەي ئەنجۈرنى چوڭ ۋە شېرىن دەپ،
ھەر ياڭاق دەرىخىدە مىڭلاپ ياڭاق دەپ،
قوي مايدەك ئاق، سىياھ كەبى قاپقارا،
دەپ ماختاپ يۈرمەي قاشتېشىنى ھە دەپ.
قوغۇنلار، مېۋىلەر قىلار مەھلىيا،
تەكلىك كەڭ كارىدورى باغچە كەنتىنىڭ
ئوخشايدۇ سىرلىق بىر ئوردىغا گويا.
دەرەخلەر توسۇغاچ لايىقا كەنتىدە
چۈشمەس يەر يۈزىگە ھېچ ئاپتاپ - زىيا.
سۆزلەيمەن روھنى مەن، تەسەددۇقنى ھەم
قوزغىدى قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىرات
كۆكلەم شامىلى سۆيگەندەك گويا.

قانچە چوڭ بولسىمۇ كەڭ تەكلىماكان،
چېتى بار ھامان.
قۇم - بوران قانچىلىك غالجىرلاشسىمۇ،
چېكى بار ھامان.
يېشىل بوستانلىقنىڭ ئالدى يېقىندا
يېڭىئېرىق يېزىسى قەد كېرىپ تۇرغان.
شامالدىن پاناھلاپ، قۇمنى تىزگىنلەر،

قۇرغاقچىلىقنىڭ يولىنى توسار
قوينىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ چاقنىغان.
ئېگىشسەڭ ئۆستەڭدە شولاڭ كۆرۈنەر،
قارىساڭ دەرەخ كۆپ، شاللار تەۋرىنەر.
ئۆستەڭلەر زەپ ئۇزۇن سوزۇلىدۇر گويا،
زىلال سۇ زىلتاردۇر، قىلىدۇ ناۋا.
يېزىلىق پارتكومدىكى يولداش دېدىكى:
بۇ بەخت ئۆستىڭىنىڭ قۇرۇلغىنىغا
ئون توققۇز باھار - كۈز بولۇپتۇ مانا.

يىقىنتى زىرائەتنى بورانلار تالاي،
ئېتىزلارنى كۆمدى قۇم تۇرۇلۇپ تالاي.
يۆلەندى زىرائەت قانچە - قانچە رەت،
ئۆستەڭلەر بۇزۇلدى توزۇلۇپ تالاي.
قانچىلىك يۈرەك قان، قانچىلىك تەردە
بېزەلدى تاغ - دەريا سۇرەتتەك گۈزەل.
قارا چاچ ئورنىنى ئالدى ئاپئاق قار،
قېرىلىق كۆچىگە ياشلىق بولۇپ ئەل.
نېمە بار بۇنىڭدىن ئارتۇقراق چىن،
ئالمىشار روھ بىلەن ماددىلار سىرلىق.
يېڭىئېرىقلىق يۇرتداشلار سىغدۇرۇپ ئاپتۇ
قەلبىگىلار زېمىنىنى
ۋە كۆردۈم يانا
شوخ گۈزەل ئەتىنى پارلىغان نۇرلۇق،
مەن دېيمەن ھەقىقىي خوتەن شۇ مانا.

## مۆلجەر تاغ ئېتىكىدىكى ئاق تېرەك

لىن جىلۇ ئىشلىگەن ئۇچتۇرپاندا دەپ،
ئاڭلاپ بىز كۆرگىلى باردۇق ئىزىنى.
تاماشا ئەيلىدۇق مۆلجەر تېغىنى
ۋە توققۇز بۇلاقنىڭ مارجان كۆزىنى.
لېۋىدە بار قۇچاق پەتمەس چوڭ تېرەك،
لىن جىلۇ تىككەنمىش ئۇنى ئاڭلىساق.
ئەللىكتىن ئېشىپمۇ قېلىپتۇ يېشى،
ئاددىيلىق، قەيسەرلىك، ئۇلۇغۋارلىقى
لىن جىلۇ خىسلىتىنى ئەسلىتەر ھەرۋاق
يوقتۇر ھېچ شېخىدا ئەگرى - بۈگرىلىك.
ياپراقلار قارامتۇل يېشىل، باراقسان.

چوغ بولۇپ كۆيىدۇرگەن چاغدىمۇ قۇياش
سوقسىمۇ چالۋاقاپ يامغۇر ۋە بوران.
باقماس ئۇ قىلچىلىك مەيۈسلىنىپ ھەم
قەددىنى ئېگىپمۇ، پۈكۈپمۇ كەتمەس،
سۇنسىمۇ رازى شاخ - يوپۇرماقلىرى،
قوغدار يېشىللىقنى، ئەسلا تەۋرىمەس.
لىن جىلۇ كەبى چىڭ ئىرادىسىمۇ،
بۇ نامرات ۋە مۇنبەت تۇپراقتىن ئۆزى
ئەبىدىل ئەبەتكە ئايرىلىپ كەتمەس.
تېرەكنىڭ ئالدىدا چۈشتۇق سۈرەتكە،
تارتماق تەس بەستىنى ئۇنىڭ نەۋقىران.
ھاجىتى يوق ھېچبىر ئەپسۇسلىنىشنىڭ.
سۈرىتى بولسىغۇ ئەسلىمەك ئاسان،
سۈرەت يوق بولسىمۇ دىلغا ئورنىغان.
مۆلجەر تاغ باغرىدا ئۆسكەن ئاق تېرەك
ياشلىقنىڭ باھارى چاقنىسۇن مۇدام.
مېنىڭ بۇ سۆيگۈمنىڭ ھەمراھى بولۇپ،
شۇ يىراق ھېكايىنى قىلدۇرسۇن داۋام.

## چېگرا تاختىسى ئالدىدا

چېگرا تاختىسى ئالدىدا تۇرۇپ،
كۆركەم رەسىمگە تاشلىدىم نەزەر.
پاقىرار قىپقىزىل دۆلەت گېربى،
تاغ ھەيۋەت، قار - مۇزلۇق چوققىلار گۆھەر.
پەلەك كۆك،
ئاق بۇلۇت قونداقلىق ئوقيا،
كۈن نۇرى ئوق، ئاسمان شامىلى ناخشا،
تووۋلىدىم تۇتالماي ئۆزەمنى گويا.

مەن چېگرا تاختىسى ئالدىدا تۇردۇم،
ئالدىمدا تالاي چۈش، تالاي خىيالەت:
مۇئەللىم قولىدا بار كىچىك دوسكا
جۇڭگو خەرىتىسى سىزىلغان ھەيۋەت.
ئۇ تاڭدىن خەۋەرلەر بەرگۈچى خوراز
گۆدەك - باللىقىمنى چىللاپ ئويغاتقان.
«شەرقىي دېڭىزدىن تاپامىرغىچە
بىزنىڭ بۇ ۋەتەن شۇنچە بىپايان.»
ئويغانغان شۇندىدىن باشلاپ بىر ئىستەك.

دەيتتىم مەن كۆرسەم تاغ ۋە دېڭىزنى،
ئوتلىسام خۇاڭخې ھەم چاڭجياڭ سۈيىدىن،
كەزسەم ئۇ قارلىق تاغ ۋە دالا - تۈزنى...
بەردى بۇ ئامەتنى ماڭا بۇ زامان.
گۈزەل ئەسلىمىلەر كۆرۈلدى شۇ ئان:
چاڭجياڭ بويىدا ئوقۇغانىدىم،
دېڭىزلار چەكسىزلىكىگە سالغانتىم نىگاھ.
خۇاڭخې كۆرۈكىدىن ئۆتكەن پىيادە،
قۇملۇقنى، چۆللۈكنى كەزگەنمەن گاھ - گاھ.
جەنۇبىي جۇڭگونىڭ كۆركەملىكلىرى،
شىمالىي جۇڭگونىڭ جاسارىتى ھەم.
قەلبىمنى لەرزىگە سالدى كۆپ ئۇزاق.
خىيالدىن خىيالغا كىرىپ بارغاندەك،
دۇنيا ئۆزگىرىشىگە چىقتىم مەن بۇ دەم.
سالام ئەي مەلىكە قورغانى ساڭا،
مۇز تاغ ئاتا سەن تۇرغانسەن بىلەن؟
سالام ئەي تاجىك قان - قېرىنداشلىرىم،
سالام ساڭا تاشقۇرغان ئېھتىرام بىلەن.

چېگرا تاختىسى ئالدىدا شۇ تاپ
كۆرمىگىلاپ قەلبىم بولسىمۇ قانداق
تەسۋىرلەپ تۈگىتەي مېھرىگىنى قات - قات،
قەھرىمان ۋە قەيسەر، مەرد تاجىك خەلقى
ياشىغان بۇ يەردە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد.
تۆت مىڭ مېتىرلىق ئېگىزلىكلەردە
مىللەتنىڭ پاكلىقى، باتۇرلۇقىنى
تاۋلىغان،
ۋەتەنگە تەلپۈنۈشۈپ شاد.
ئىشلىگەن،
چېگرىنى قوغدىغان ئورتاق.
ياڭرىغان نەي ئۈنىگە ئەگىشىپ مەنمۇ
ۋەتەنگە مەدھىيە ئوقۇي كۆرمىڭ رەت.
بۇ چۇڭقۇر مۇھەببەت ۋە تىلەكلىرىم
بۈركۈتلەر،
شاماللار بىلەن بىرلىكتە
ئەيلىسۇن پامىردا پەرۋاز تا ئەبەت.

## «مەلىكە قورغانى» ھەققىدە رىۋايەت

قەدىمكى بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغانىدىم،
تۇمان كەبى تۇتۇق بولۇپ قاپتۇ يادىمدا.
بۇ قېتىمقى جەنۇب تامان قىلغان سەپەردە
شۇ رىۋايەت مەنبەسىنى كۆردۈم ئالدىمدا.

تاشقورغاندا،
چېگرىدىكى تاشيول چېتىدە،
مۇزلۇق چوققا تۈۋىدىلا كۆرسىتىپ سۆلەت.
قەدىم شەھەر خارابىسى تۇرۇپتۇ ھەيۋەت.
تارقالغانمىش ئاشۇ يەردىن تەرەپ - تەرەپكە
بۇ «مەلىكە قورغانى» دېگەن رىۋايەت.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پارس يۇرتىنىڭ
شاھى بىر يىل ئەۋەتكەنمىش ئەلچى بۇياققا.
نىيەت باغلاپ گۈزەل خەنزۇ مەلىكىسىنى
ئەپكەلدۈرۈپ ئۆزىگە ئۇ خوتۇن قىلماققا.
كۆرمىگىلىغان تاغ - دەريادىن ئېشىپ ئەلچىلەر
مىڭ تېكىنىڭ داۋىنىغا كەلگەندە قايتىپ،

ئالدى ياقتا جەڭ يىغىسى، دەپ ئىلىپ خەۋەر
بىر پايلاقچى ئاتلىق ئەسكەر كېلىپتۇ يېتىپ.

ئەلچى ۋەزىر چۇشۇرۇپتۇ بىر كەسكىن بۇيرۇق،
مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر ئېلىپتۇ ئورۇن،
چوققىدىكى تاش ئۆگكۈردىن خاتىرجەم تولۇق.
تاغ باغرىغا جايلىشىپتۇ بۇ ئەلچى قوشۇن.

ئادەم ئاتتىن، ئات ئىگەردىن ئايرىلمىغانمىش،
پوستلار قويۇپ، كېچە ـ كۈندۈز دىللىرى يېرۇق.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچىلا يېرىم يىل ئۆتۈپ،
يىغى تىنجىپ، يول ئېچىلىپ بولۇپتۇ راۋان.

كەپتۇ خەۋەر ئىغىربويكەن مەلىكە، دېگەن،
قوشۇن سەپەر تەرەددۇتى باشلىغان هامان.

هاڭقىيىپلا قالغان ئىمىش ۋەزىر، سەردارلار،
نەس باسقاندا چارە تاپماق ئەمەسقۇ ئاسان.

مەلىكىنى قوغداپ قايتىش هەققىدە ئامان،
كىمكى ئۇنى بىرنى چەكسە ئۆلتۈرۈلسۇن، دەپ.

شاھ چۈشۈرگەن ئىكەن يولغا چىقاردا پەرمان.
سەتقۇ ئەمدى توي قىلمايلا بولسا هامىلدار،
هەممە كىشى پېتىپ غەمگە چېكىپتۇ پىغان.
كېنىزەكنى قىلىشىپتۇ چاقىرىتىپ سوراق،

تىترەپ غال ـ غال ئۇ راستىغا بولۇپتۇ ئىقرار:
تىك چوققىدا تۇرۇۋاتقان مەلىكىمىزگە

يېقىنلىشىپ باققان ئەمەس لەشكەرلەر زىنهار،
هەر كۈنلۈكى يەتكىنىدە ۋاقىت قىيامغا،

كۈن ئىچىدىن بىر ئارغىماق ئات چىقىپ كېلەر.
ئاتنى مىنگەن غەيۇر يىگىت مەلىكە بىلەن

ئۆگكۈر ئارا خالى قېلىپ سىردىشار، كۈلەر.
كۈن ئىلاهى دەيدۇ ئۇنى مەلىكە دائىم

مىنىڭچىمۇ ئۇنىڭدا بىر خىسلەت كۆرۈنەر.

تالاش ـ تارتىش، غۇلغۇلىلار قىزىپتۇ راسا
خاپىلىققا، خۇشاللىققا قايغۇغا تولغان.

خۇشاللىق ئىش شۇنداق سىرلىق ئۇچرىشىش بولسا،
ئازابلىقى يۇرتقا قايتىش يولى توسۇلغان.

ئەلچى ۋەزىر ئويلا ـ ئويلا تۈزۈپتۇ پىلان:
مەشەدىلا ياغاچ ـ تاشتىن قۇرۇلغاي قورغان.

مەركەز قىلىپ ئوردا ياساش كېرەك ئۆگكۈرنى،
ماختىنغاي هەم مەلىكىنى بۇندا هەر ئىنسان،
بولسۇن ئاپئاق قارلىق چوققا بىزگە يۇرت ـ ماكان.

ھامىلدارلىق ئون ئاي، لېكىن توققۇز بىر دەملىك،
توغۇپتىمىش مەلىكە بىر ئۈز بەرنا ئوغۇل.
كىچىكىدىن ياخشى تەلىم ئېلىپ ئۆسكەنمىش،
بولۇپ ئوقىيا، ئاتقا پىششىق ھەم ئۇ ئاق كۆڭۈل.
قىلىشقانىمىش چوڭ بولغاندا شاھ ھۆرمەت بىلەن،
بېرىشكەنمىش دۆلەتكە مۇبارەك ئاتاق،
ئورتا تۈزلەڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەنمىش بەلەن.
شۇندىن بۇيان
يېپەك يولى ئاۋاتلاشقانىمىش،
مۇھىم تۈگۈن، ئۆتكەل بولۇپ قەدىمى قورغان.
قوتاز - كالا سەمىرىپ،
قويغا تولغانىمىش جىلغا،
سەھەر - كەچتىن بېرىپ خەۋەر ئۆتەرمىش كارۋان،
ئۈزگىچە بەك تولدىغان بولغانىمىش ئاي - كۈن.
ئەۋلادلاردىن ئەۋلادقىچە كۆپىيىپ ھامان
ياشاپ كېلەر ئىمىش ئۇلار پامىردا شادىمان.

(«مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 1 - سانىدىن)
ئارسلان تەرجىمىسى

قۇربانىمسا ئاخۇنباي (تاجىك)

## پامىرىم شۇ ھالدا گۈزەلسەن شۇنچە

تاغلارغا ياندىشىقان ھەيۋەت بىنالار،
ئالتۇن رەڭ نۇرلاردىن تامچىيدۇ ئۇنچە.
مەجنۇنتال يەلپۈنەر يىپەك يەلمەردە
پامىرىم، شۇ ھالدا گۈزەلسەن شۇنچە.

كىمخابتەك رەڭ تۈزۈپ يېيىلغان يايلاق
جىلۋىلىنەر باغرىدا كۈلۈپ دىستۇرچە *
دىستۇرچە لېۋىدە چاقنايدۇ شەبنەم،
پامىرىم شۇ ھالدا گۈزەلسەن شۇنچە.

ئايدىڭدا پارلىغان سەھرا قۇچىقى
ئاھ، بۈگۈن قۇتلۇق توي قىزىغان كېچە.
داپ - نەينىڭ ئاۋازى كۆكنى تىترىتەر
پامىرىم، شۇ ھالدا گۈزەلسەن شۇنچە.

يۈرەكنى چېكىدۇ كۈي خۇمار يىگىت،
ياڭرايدۇ ناخشىسى جاراڭلىق شۇنچە.
چىمىرلار تەڭكەش بوپ ئاڭا يۇلتۇزلار
پامىرىم شۇ ھالدا گۈزەلسەن شۇنچە.

تەشنا بوپ بەيگىنى كۈتەر چەۋەنداز،
يېڭىشتە يوق ئۇنىڭ گۇمانى قىلچە.
ئەنە ئۇ، مەنزىلگە يەتتى - شادلاندى
پامىرىم، شۇ ھالدا گۈزەلسەن شۇنچە.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

---

* دىستۇرچە: تاغ گۈلى

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

ئىبراھىم ئىزاقى

# شېئىرىيەت لوگىكىسى

بىر تۈردىن بىرنەچچە تۈرگە، بىر تارماقتىن بىرنەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ يېتىلىنىش ۋە
كېڭىيىپ راۋاجلىنىش ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ سەمەرىسى. ئىلمىي
تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان پەننىڭ تەرەققىيات
لوگىكىسىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش ئىقتىدارى، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى، ئىختىرا قىلىش
ئىستىداتى ۋە دىت - تالانتىغا ئۇڭ تاناسىپ بولغان بۇنداق كۆپىيىش ۋە راۋاجلىنىش
باشقا پەنلەر قاتارىدا لوگىكا ئىلمىنىڭمۇ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى.
لوگىكا ئىلمىنىڭ ئۆزىنىلا ئالساق، ئۇ كەڭ مەنىدىن، فورمال لوگىكا ۋە دىيالېك-
تىك لوگىكا دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈندى. ئەمەلىيەتتە ھەممە پەنلەرنىڭ ئۆزىگە
خاس لوگىكىسى بولىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ جان تومۇرىدا قان سۈپىتىدە ئېقىۋات-
قان فورمال لوگىكا سەنئەت لوگىكىسىنى ئاللىقاچان تەۋەللۇت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
سەنئەت لوگىكىسى تەتقىقات ئەلگىكىدىن ئۆتۈپ، بىر پۈتۈن ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈ-
لۈپ، ئەدەبىيات ئەھلىگە ۋە كەڭ كىتابخانلارغا تونۇش بولغان سىستېمىلىق نەزەرىيەۋى
ئاساسقا ئىگە پەنگە ئايلىنىش شەرىپىگە تېخى ئىگە بولالمىدى. ئەگەر سەنئەت لوگىكىسى
ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنسا، ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن يېڭى تارماقلارغا بۆلۈنىدىغانلىقى ھېس
قىلىنىدۇ. ئەنە شۇ تارماقلارنىڭ ئاساسلىقى شېئىرىيەت لوگىكىسىدۇر. مەن بۇ ماقالەمدە
مۇپەسسەل شەرھىلەش ئاسانغا چۈشمەيدىغان ئاشۇ شېئىرىيەت لوگىكىسى ھەققىدىكى
قاراشلىرىمنى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا سۇنىمەن.

تەپەككۇر شەكىللىرى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان لوگىكا ئىل-
مي ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان فورمال لوگىكا ھەققىدە ئىلىم ئەھلىنىڭ قار-
شىدا قارىمۇ قارشىلىق يوق، لېكىن سەنئەت لوگىكىسى، جۈملىدىن شېئىرىيەت لوگى-
كىسى ھەققىدىكى بەزى نۇقتىئىنەزەرلەر بىر - بىرىگە زىت، سەنئەتنىڭ ئالاھىدە شەكلى
بولغان شېئىرىيەت رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇنىڭ-
دىن شېئىرىيەت لوگىكىسىنىڭ شېئىرىيەتتىكى تىپىك تۇرمۇشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق
بولىدىغان - بولمىغانلىقىنى، شائىر تەپەككۇرىنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى
تىزگىنلەپ قىلىپ تۇرىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

تەپەككۇر ئەسلىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تەپەككۇرنىڭ يەنە ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچىنچى خىلىمۇ بار. شائىرلار ئىجادىيەتتە باشتىن-ئاياغ ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىدۇ.

ھازىر ئوبراز ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر ئوبراز پەقەت سەنئەتكىلا خاس نەرسە ئەمەس، ئوبراز سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئەمەس، ئوبراز سەنئەت ئۈچۈن كېرەكلىك ئامىل، لېكىن زۆرۈر ئامىل ئەمەس، دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. بىز ھېلىمۇ باشقا پەنلەردىمۇ ئوبراز بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئوبراز ۋە ئوبرازلىق بىلىشنىڭ سەنئەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىمىز. شېئىرىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ ئوخشىماسلىقى شېئىرى ئەسەرلەرنى ئۆلچەش ۋە باھالاشنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا سەۋەبچى بولماقتا. ھازىر شېئىرى ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار: بىرى، فورمال لوگىكا نۇقتىسىدا تۇرۇپ باھالاش، بىرى، نۇقۇل شېئىرىيەت لوگىكىسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ باھالاش، يەنە بىرى، فورمال لوگىكىنى ئاساس، شېئىرىيەت لوگىكىسىنى يېتەكچى قىلىپ باھالاش.

كونكرېت بىر شېئىرنى پەقەت فورمال لوگىكا نۇقتىسىدىنلا ئۆلچىگەندە، تەبىئىيكى، ئۇ شېئىرنىڭ سەنئەت ئىكەنلىكى نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ، نۇقۇل شېئىرىيەت لوگىكىسى بويىچە ئۆلچىگەن ياكى باھالىغاندىمۇ شېئىرنىڭ چىنلىق دەرىجىسى، مەزمۇنىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكى، ئالغا سۈرگەن پىكىرنىڭ، بولۇپمۇ ئىپادىلىگەن ھېسسىياتنىڭ ئەقىلغا سىغىدىغان-سىغمايدىغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شېئىرنى پەقەت فورمال لوگىكىنى ئاساس، شېئىرىيەت لوگىكىسىنى يېتەكچى قىلىپ ئۆلچىگەندىلا، توغرا يەكۈنگە، ئىلمىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، فورمال لوگىكىنىڭ پرىنسىپلىرى ئېنىق، ئەمما قاتتىق، چەكلىمىلىكى كۈچلۈك بولىدۇ. شېئىرىيەت لوگىكىسى ئەۋرىشىم، ئۆزگىرىشچان، نىسپىيلىكى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. فورمال لوگىكىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئىنساندىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇق ئىجادىي تەپەككۇر، ئىقتىدار قىلالمايدۇ، بولۇپمۇ سۆزلىيەلمەيدۇ. شېئىرىيەت لوگىكىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئالەمدىكى بارلىق شەيئىي، ھادىسىلەر ئىجادىي تەپەككۇر قىلالايدۇ، ئۆزىنىڭ تىلىدىمۇ، ئىنساننىڭ تىلىدىمۇ سۆزلىيەلەيدۇ، مۇزىكا چالالايدۇ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، ئۆزىدىن باشقا جانلىق ھەم جانسىز شەيئىلەرگە ئايلىنالايدۇ، ئادەممۇ بەدىئىي ئېھتىياج، شېئىرى زۆرۈرىيەت تۈپەيلى باشقا شەيئىي ياكى ھادىسىگە ئايلىنالايدۇ. بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە ئېنىق، تونۇش ئايدىڭ، قاراش روشەن بولمىسا، شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدىغان، ئۇسۇۋاللىدىغان ئەھۋال سادىر بولىدۇ. شېئىرىيەت ئوبزورچىلىرىنىڭ كاللىسىدا شېئىرىيەت لوگىكىسى ھەققىدە توغرا ئۇقۇم بولمىسا، ياخشى شېئىرلارنى تەنقىدلەپ، ناچار شېئىرلارنى

كۆككە كۆتۈرۈشتەك سەۋەنلىكلەر يۈز بېرىدۇ. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 7 - سانىدا ئۈچ كوبلېتلىق «جىلۋە» ناملىق بىر شېئىر ئېلان قىلىنىدى، بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى كوبلېتى مۇنداق مىسرالاردىن تەركىب تاپقان:

بىر جىلۋەڭدىن يىقىلدىم ئىمجان،
ئەزرائىلمۇ قالدى بىخەۋەر.
بىر جىلۋەڭدىن تىرىلدىم شۇئان،
ھەيران قالدى ئالەم شۇ قەدەر.

بىر جىلۋەڭدىن يانغاندا ئاتەش،
ئاچالمىدى قوياش يۈزىنى.
بىر جىلۋەڭدىن بولغاندا دىل غەش،
دەرد چىرمىدى ئاسمان قىزىنى.

شېئىرى ھېسسىياتقا تويۇنغان، ئوبرازلىق پىكىرلەر سىڭدۈرۈلگەن بۇ مىسرالار شېئىرىيەت لوگىكىسىغا تامامەن ئۇيغۇن يېزىلغانلىقى ئۈچۈنلا بىر پۈتۈن شېئىر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇنداق مىسالالارنى «تارىم» ژۇرنىلىدىن كۆپ كەلتۈرۈش مۇمكىن.

شېئىرىيەت لوگىكىسىمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى ۋە ھېسسىيات لوگىكىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇۋاتقىنىمىز ھەممە پەنلەرگە ئورتاق بولغان ئوبرازمۇ ئەمەس ھەم ئىنسانلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ھېسسىياتمۇ ئەمەس، بەلكى سەنئەتكىلا، جۈملىدىن شېئىرىيەتكىلا تەۋە بولغان ئوبراز ۋە ھېسسىياتتۇر.

ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ھېسسىيات لوگىكىسى بولسا، شېئىرى ھېسسىياتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن شېئىرى ھېسسىيات ئىچكى مەنىسى، ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر چىنلىقنى ئاساس قىلىدۇ، رېئاللىقنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنىدۇ، تۇرمۇش قانۇنىيىتىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. كۆپىنچە، كونكرېتلىققا، خاسلىققا ۋە ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ، شېئىرى ھېسسىيات نىسبەتەن مەۋھۇمراق بولىدۇ، بەزىدە ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ھالقىپمۇ كېتىدۇ. ئۇ، چىنلىقنىڭ مەركىزىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، چىنلىق چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتىشنى ئاخىرقى نۇقتا قىلىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن شېئىرى ھېسسىياتنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى زەنجىر ۋە كۆۋرۈك تەسەۋۋۇردۇر. تەسەۋۋۇر ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ شېئىرى ھېسسىياتقا ئۆتۈشتىكى ئېغىزى بولۇپ، شېئىرى ھېسسىيات ئوبرازلىق تەپەككۇرغا بويسۇنۇشتىمۇ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق چېكىنىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن ھېسسىيات لوگىكىسىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، لېكىن فورمال لوگىكىنىڭ ئالامەتلىرى شېئىرىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىنىڭ ھوجەيرىلىرىگە سىڭىپ كەتكەچكە، ئۆز نۆۋىتىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى ھېسسىيات لوگىكىسىنى تىزگىنلەيدۇ.

ھەرقانداق شېئىردا ئىككى خىل مۇھىت بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى، رېئال مۇھىت،

يەنە بىرسى، خىيالىي مۇھىت، شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ۋە ئوبيېكت قىلىنغان مۇھىت رېئال مۇھىت ھېسابلىنىدۇ. خىيالىي مۇھىت رېئاللىقنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدا شېئىرىيەت ئېھتىياجى تۈپەيلى پەيدا بولغان مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىيەت لوگىكىسى رېئال مۇھىتنى ئاساس قىلىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى بولسا، رېئال مۇھىتنى ئاساس، خىيالىي مۇھىتنى ياردەمچى قىلىدۇ. ھېسسىيات لوگىكىسى پەقەت خىيالىي مۇھىتنىلا ئاساس قىلىدۇ. بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان شېئىرىي مۇھىت دەل ئاشۇ رېئال مۇھىت بىلەن خىيالىي مۇھىتنىڭ ئارىلاشمىسىدۇر. خىيالىي مۇھىت بىلەن رېئال مۇھىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىتلا تىپىك شېئىرىي مۇھىت بولالايدۇ. پىكرى قاتمال، كونا، ئوبرازى جانسىز، ھېسسىياتى سۇيۇق، سۈپىتى تۆۋەن شېئىرلار ئالدى بىلەن تىپىك شېئىرىي مۇھىتقا ئىگە بولمىغان شېئىرلاردۇر. بۇ خىلدىكى شېئىرلار «تارىم» دەك نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، باشقا مىللەت شېئىرىيىتىگە ئوخشاشلا مىللىي شېئىرىيىتىمىزدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى بىلەن ھېسسىيات لوگىكىسىنى دەۋر قىلىدۇ. ھېسسىيات لوگىكىسى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئىلمىي ئاساستا ئايدىڭلىق چۈشىنىش، بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش شېئىرىيەت نەزەرىيىچىلىرىنىڭ بۇرچى. ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى شائىرلارنى ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ۋە ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ. ئۇ، شېئىر ئىجادىيىتىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىغا ئۇيغۇن بولغان ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، قىلىقلاندۇرۇش ۋە مۇبالىغە قاتارلىقلار ئەقىلغا تامامەن سىغىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ چەكلىمىسىدىن كۆپ ھاللاردا مۇبالىغە ھالقىپ كېتىدۇ. بۇنداق مۇبالىغىلەر ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە مۇخالىپتەك تۇيۇلسىمۇ، يەنىلا زوقلانغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئىشەندۈرەلەيدۇ. رېئاللىقتىن چەتنىگەندەك، ئەقىلغا سىغمايدىغاندەك بىلىنىدىغان مۇبالىغىلەر شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشتە، ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىنى ئىپادىلەشتە، شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، شېئىرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شېئىرىيەتتىكى مۇبالىغە كىتابخانلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ، تەپەككۇر قۇشىنى قاناتلاندۇرىدۇ. شەيئىلەر ھەققىدە ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش، ھالقىتىپ پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ ھەم كىتابخانغا ئېستېتىك زوق بېرىپ، ئۇلارنىڭ تونۇشىدا سەكرەش ھاسىل قىلىدۇ.

كلاسسىك شائىرىمىز ئابدۇرېھىم نىزارى «پەرھات - شېرىن» داستانىدا پەرھاتنىڭ يۇرتقا سۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاغ كېسىۋاتقان چاغدىكى ھالىتىنى ۋە ئۆزگىرىۋاتقان مۇھىتنى مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئۇ، شۇنداق پالۋانلىق كۆرسەتتىكى، تاغ گويا مەجنۇنتالدەك تىترەيتتى. ئاسماندىن تاش

يېقىپ، قۇياشنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي قالاتتى. تاش پارچىلىرىنى ئىككى مىڭ كىشى توشۇيتتى. ئۇ سوغۇق ئاھ تارتىپ تاش چاپاتتى. پۈتۈن شەھەرنى چاڭ - توزان قاپلىدى. بۇنى كۆرۈپ ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ئاپىرىن ئوقۇيتتى. يەنە توققۇز ئاسمانمۇ ئاپىرىن ئېيتاتتى. تاش ئۆرلەپ چىقىپ، ئاسماننىڭ باغرىنى جاراھەتلەندۈرەتتى، ئاينىڭ يۈزىنى تاملايتتى. مىتىننى ھەربىر ئۇرغاندا ھاۋادا گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋاز چىقاتتى...» (نەسىردىي يەشمىسى) بۇ تەسۋىرلەرنى ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىغا ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئوبرازلىق تەپەككۇر يازغۇچى، شائىرلارغىلا خاس پىسخىك پائالىيەت بولۇپ قالماستىن؛ بەلكى كىتابخانلاردىمۇ بولىدىغان پىسخىك پائالىيەت. يۇقىرىقى تەسۋىرنى ئوقۇغان ئۈچ خىل سەۋىيىدىكى كىتابخان، روشەنكى، ئۈچ خىل تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ.

يۇقىرىدا بىز شېئىرىيەت لوگىكىسى ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى بىلەن ھېسسىيات لوگىكىسىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، دېگەنىدۇق. ئەمدى ھېسسىيات لوگىكىسى ھەققىدە توختىلىمىز.

بەزىلەر ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن ھېسسىيات لوگىكىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ھېسسىيات لوگىكىسىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈشتىمۇ ھالقىپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى بىلەن ھېسسىيات لوگىكىسىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇدىغانلارمۇ بار. يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپلىمە ۋە ناتوغرا قاراشلاردۇر.

ھېسسىيات لوگىكىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق، روشەن چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھېسسىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەسلىدە ھېسسىيات فىزىئولوگىيىلىك ھېسسىيات ۋە پىسخولوگىيىلىك ھېسسىيات دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك ھېسسىياتمۇ نۇرغۇن تۈرلەرگە ۋە كونكرېت مەزمۇنلارغا بۆلۈنىدۇ. پىسخولوگىيىلىك ھېسسىيات كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان پوزىتسىيە، تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. پىسخولوگىيىلىك ھېسسىيات ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئېستېتىك ھېسسىياتتۇر. ئېستېتىك ھېسسىيات ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەندىغان ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك ھېسسىياتتۇر. سەنئەتكارلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن، تاۋلانغان، يۇغۇرۇلغان، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئېستېتىك ھېسسىيات فىزىئولوگىيىلىك ھېسسىياتتىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

بىز بۇ يەردە ھېسسىيات دېگەندە شېئىر ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولىدىغان شائىرانە ھېسسىياتنى نەزەردە تۇتىمىز. چۈنكى سەنئەتكارلارغا ئورتاق بولغان ئېستېتىك ھېسسىيات شېئىر ئىجادىيىتىدە تۈرتكىلىك رول ئويناۋەرمەيدۇ. پەقەت شائىرنىڭ قەلبىدىكى ساغلام، قىزغىن، قويۇق، جۇشقۇن ھېسسىياتلا شېئىر ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولىدۇ.

بۇنداق ھېسسىيات شېئىرىيەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنىڭ نېگىزى ھېسابلىنىدۇ. ھېسسىيات شېئىرىيەتنىڭ قېنى. شېئىرىيەتنىڭ پۈتۈن سېھرىي كۈچىمۇ ھېسسىياتتا. ھېسسىيات شېئىرىيەت ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ئامىل. شۇنى قىستۇرۇش ھاجەتكى، شائىرنىڭ ئادەتتىكى چاغدىكى ھېسسىياتىدىن يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان چاغدىكى ھېسسىياتى ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. شېئىرىي مەزمۇن شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىزنىڭ ھېسسىياتنى ئىپادىلەش دېگىنىمىز خاھىش ۋە ئىدىيىنى ئىپادىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھېسسىيات تىل، تەپەككۇر، خاتىرە، قابىلىيەت، تەسەۋۋۇر، دىققەت قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھېسسىيات ماددىيلىشىشتىن ئاۋۋال مەۋھۇم بولىدۇ. ھېسسىيات ماددىيلىشىشتا تىلغا بىۋاستە تايىنىدۇ. مەۋھۇم ھېسسىياتنى كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئېغىزدا ئىپادىلەشكە ھەم قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن تىلغا، خاتىرىگە، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرغا تايانماي تۇرۇپ، ھەر ئىككىلىسىنى ئىشتا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بىرەر تىلغا تايانغان ئىكەنمىز، ئۇنى شۇ تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئويغۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئېغىزدا ئىپادىلەش ھەم قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن شائىرنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدە پەيدا بولغان شېئىرمۇ بىر تىلغا تايانغان بولىدۇ.

ئايانكى، شېئىر شېئىرىي مەنە، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئۈچ مەنىۋى قاتلامدىن تەركىب تاپىدۇ. شېئىرىي مەنە شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ ئۈچ قاتلام ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. لېكىن شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي گۈزەللىك پەقەت شېئىرىي تىل ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھېسسىيات لوگىكىسى شېئىرىي تىل لوگىكىسى دېگەنلىك بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ھېسسىيات لوگىكىسىغا چۈشكىنى تىل لوگىكىسىغا چۈشىدۇ. تىل لوگىكىسىغا چۈشكىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسى بىلەن ھېسسىيات لوگىكىسىدىن تەركىب تاپقان شېئىرىيەت لوگىكىسىغا چۈشىدۇ. شېئىرىيەت خەزىنىمىزدە ھېسسىيات لوگىكىسىغا ئويغۇن يېزىلغان ئۆلمەس شېئىرلار گۆھەردەك نۇر چېچىپ تۇرماقتا.

شائىر ئارسلاننىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە بېغىشلانغان «زېمىن ئەركىسى» ناملىق باللادىسىنىڭ باش قىسمىدا مەزكۇر باللادىغا بەدىئىي جەھەتتىن گۈزەللىك ۋە جەزبىدارلىق ئاتا قىلىدىغان، ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىنىدىغان مۇنداق ئىككى مىسرا جىلۋىلىنىپ كۆزگە تاشلىنىدۇ:

يەر مىڭ يىل توۋلىدى قەيەردە سەن دەپ،
شۇڭلاشقا كۆلەڭگەڭ كەلدى لەپىلدەپ.

بۇ يەر ئادەتتىكى تەبىئىي تۇپراق ئەمەس، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز مىللىتى، خەلقى، كۆلەڭگە بولسا، ئۇنىڭ تۆھپىسى، نام ـ شەرىپى، روھى، ئوبرازى دېگەن ئۇقۇملار كاللىسىدا پەيدا بولغان كىتابخان ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ، ھېسسىيات لوگىكىسىنىڭ ئاخىرقى چەكلەش دائىرىسىگىچە يېتىپ بارغان بۇ مىسرالارنى

ئۇقۇغىنىدا، روھىي دۇنياسىدا زىلزىلە پەيدا بولىدۇ، بىلىشىدە سەكرەش ھاسىل بولىدۇ، ھەتتا باللادىدا نېمە ئىپادىلەنمەكچى بولغانلىقىنىمۇ قىياسەن تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

بىز ئىشلىتىۋاتقان ئوبرازلىق تەپەككۇر، تەسەۋۋۇرلۇق تەپەككۇر، ئىجادىي تەسەۋۋۇر دېگەن سۆزلەر مەنىداشتۇر. تەسەۋۋۇر ئىلمىي تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە ئىزاھلايدىغىنىمىز بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن، توغرىراقى، شېئىرىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت. شېئىرىي تەسەۋۋۇر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەقلىدىي تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. تەقلىدىي تەسەۋۋۇر ئوبيېكتىپ شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئوبرازىنى تەجرىبە ھەم خاتىرە ئاساسىدا كاللىمىزدا بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئوبيېكتىپ شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئوبرازىنى تاللاش، تاۋلاش، قوشۇش، يۇغۇرۇش ئاساسىدا يېڭى شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي تىپ يارىتىشقا تۈرتكە بولىدىغان تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت. شېئىر تەقلىدىي تەسەۋۋۇر بىلەن ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ تەبىئىي قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى ئىجادىي تەسەۋۋۇر. يەنە شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، بىلىم سەۋىيىسى، دۇنيا قارىشى، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان شائىرلار ئۈچۈن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەريانىدا تەسەۋۋۇرنىڭ سۈپەت، ئۆتكۈرلۈك، تېزلىك دەرىجىسى ۋە ئوينىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ.

شېئىرىيەت لوگىكىسىنىڭ قايىل قىلارلىق سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان نەرسە ئەقلىدىن تاشقىرى، ئوبرازلىق تەپەككۇر لوگىكىسىغا تەتۈر تاناسىپ بولغان، تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ھېسسىياتتۇر. ھېسسىياتتىكى مەنتىقسىزلىك ئوبرازلىق تەپەككۇردىكى مەنتىقسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇردىكى مەنتىقسىزلىك شېئىرىيەتتىكى مەنتىقسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، پەن بولۇپ شەكىللەنگەن شېئىرىيەت لوگىكىسى شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي تىپ، شېئىرىي مەزمۇن، تەسەۋۋۇر، ئىلھام، ئوبرازلىق تەپەككۇر، شېئىرىي چىنلىق، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىيەت ھەقىقىتى ۋە شېئىرىيەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. قاتماللىقتىن، تۇرغۇنلۇقتىن خالىي بولغان، يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان نەزەرىيىلا ھاياتىي كۈچكە، مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. بىزنىڭچە، شېئىرىيەت نەزەرىيىسىمۇ يېڭىلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى كېرەك. ئەمما شېئىرىيەت ئەمەلىيىتىگە زىت بولغان، شېئىرىيەت لوگىكىسىغا ماس كەلمەيدىغان ھەرقانداق غەيرىي شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى ھاياتلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مامۇت زايىت

# ئىجادىي قابىلىيەت، تىرىشچانلىق، ئىجتىمائىي ئۇنۇم

ئەدەبىي ئىجادىيەت ــ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك مەنىۋى ئەمگەك، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى بار. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىجادىيەت بىلەن ئۇزۇن مەزگىل شۇغۇللانغان ھەربىر ئەدىبنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى، كەچۈرمىشى، ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى، تەجرىبە-ساۋاقلىرى بولىدۇ. بۇنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەش ئىجادكارنىڭ ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئەھمىيەتلىك بىلىم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىجادىي قابىلىيەت ــ ئەقىل-پاراسەتلىك ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولىدىغان قابىلىيەت، ھەرقانداق نورمال ئادەم ئىجادىي زېھنىگە ئىگە. كىشىلەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتنى چۈشىنىش، يېتىلدۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر بىز بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىگە قارىتا توغرا تونۇش ھاسىل قىلالىساق، ئۆگىنىش، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئەمەلىيىتى جەريانىدا قابىلىيىتىمىزنى ئاكـ لىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرالايمىز.

ئىجادىي قابىلىيەت كۆزىتىش-بايقاش قابىلىيىتى، چۈشىنىش، ئىگىلەش قابىلىيىتى، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر، تەدبىقلاش قابىلىيىتى، ئوبرازلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى، مۆلچەرلەش، ئالدىن كۆرۈش قابىلىيىتى، ئىپادىلەش، تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ماتېرىياللارنى پىششىقلاش، تەشكىللەش قابىلىيىتى، يېزىقچىلىقنى باشلاش، تاماملاش قابىلىيىتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىجادىيەت ئىنساننىڭ پۈتۈن جىسمانىي قابىلىيىتى بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى جىددىي ھالەتتە تۇرغان پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى ئەمگىكىدۇر. ئىجادىيەت داۋامىدا ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ئەڭ يۇقىرى ھالەتكە يېتىدۇ. ئىجادىيەت ئۈستىدىكى پسىخىكىلىق پائالىيەتلەر قابىلىيەت، ئەقىل-پاراسەت، ئىرادە، ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر، ئەخلاق قاتارلىق ھەر خىل پسىخىكىلىق پەزىلەت ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرگەن ھەربىر كىشى يۇقىرىدىكى قانۇنىيەتلەرنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆزىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ يولدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەندىلا، ئاندىن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. كىلاسسىك شائىرلىرىمىز ۋە بۈگۈنكى

زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى بىزنى قىممەتلىك ئەمەلىي بىلىم ۋە تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۆزۈمنىڭ 30 يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە كەچۈرمىشلىرىدىن ئالغاندىمۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، ئىجادىي قابىلىيەتنى بايقاش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت تەربىيىسى ۋە تەسىرىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئاڭلىقلىق ۋە شەخسىي تىرىشچانلىقنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇشىمنى بۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش، بىلىم ۋە تۇرمۇش جۇغلانمىسى، ئەدەبىياتقا بولغان يۈكسەك قىزغىنلىق، ئۆز ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچ ھەم ئاڭلىقلىقتىن بولدى دېيىشكە بولىدۇ. كىچىك ۋاقتىمدىكى مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە مۇھىتى، ئاتا - ئانا ۋە مەكتەپ تەربىيىسى، ياشلىقتىكى يالقۇنلۇق مۇھەببەت ۋە جۇشقۇن ھېسسىياتنىڭ قۇدرىتى مەندە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن چوڭقۇر ئىشتىياق قوزغىدى. مەدرىس ھەم پەنىي مەكتەپلەردە تىل - ئەدەبىيات، لوگىكا، پەلسەپە، تارىخ، ئېستېتىكا، ماتېماتىكا، پسىخولوگىيە ۋە باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىش؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەم خەلق تۇرمۇشى بىلەن خېلى كەڭ دائىرىدە تونۇشۇش، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقىش، ئىجادىيەت مەشقى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق دەسلەپكى، زۆرۈر باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىم، ئىجادىي قابىلىيەت، ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتى ھەم ئۆز ئەھۋالىم ھەققىدە بەلگىلىك ئاڭلىق تونۇشقا ئىگە بولغانلىقىم، پەتتىي ئىرادىگە كېلىپ، جاپالىق ئەمەلىيەت ئۆتكۈزگەنلىكىم، ئۇستاز ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ قوللىشىغا، ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن، ئىجادىيەتتە ئىلگىرىلىشىم، ئالغا بېسىشىم بىر قەدەر تېز بولدى.

ئۇزۇن يىللىق ئەگرى - توقاي ئەمەلىيەت داۋامىدا شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، بىر شائىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يالغۇزلا ئىجادىي قابىلىيەت ۋە يۈكسەك قىزغىنلىقنىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭدا يەنە توغرا دۇنيا قاراش، تەۋرەنمەس ئېتىقاد، ئۇلۇغۋار غايە، ئەتراپلىق بىلىم، مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئىشەنچ بولۇشى؛ ئۆز ۋىجدانى، ئۆز خەلقى ئالدىدىكى، تارىخ ھەم جەمئىيەت ئالدىدىكى بۇرچ — مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلالايدىغان پاراسەت بولۇشى؛ ھاياتنىڭ، ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلەيدىغان «شائىرلىق كۆزى» بولۇشى، مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق، ھېسسىياتچان، قىزغىن بولۇشى لازىم.

ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، قىسمىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنسان پەرزەنتى بولغان ھەربىر شائىرنىڭمۇ ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇش ئەھۋالى، تۇرمۇشتىن، شەيئىلەردىن تەسىرلىنىشى، مىجەز - خاراكتېرى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئىجادىيەت قارىشى، يېزىقچىلىق ئادىتى، ئەدەبىي ئۇسلۇبى پەرقلىق بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شائىرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، بىلىم سەۋىيىسى، دۇنيا قارىشى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ھەم پىشىپ يېتىلىدۇ.

ئىلھام، تالانت، مۇۋەپپەقىيەت — جاپالىق ئەمگەكنىڭ، ئىزچىللىقنىڭ مەھسۇلى. ئۆز ھاياتىمدا ئىجادىيەتتىكى ئىزچىللىققا سەل قاراپ، «ھازىر كالاام قۇرۇق، ئىلھام كەلمىدى»، «پۇرسەت كەلگەندە بىرلا ئىلھام بىلەن ئاجايىپ ئەسەرلەرنى يازىمەن» دەپ، ئىلھامنىڭ ئۆزلۈكىدىن كېلىشىنى كۈتۈپ، لاغايلاپ يۈرۈپ، قىممەتلىك ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن كىشىلەرنى ئىلھام يوقلاپمۇ قويمايدۇ. چۈنكى ئىلھام — ئۇزۇن مەزگىللىك جاپالىق ئەمگەكنىڭ جەۋھىرى. ئىلھام ئىجادكارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئىزچىل ھالدا ھارماي - تالماي تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ماتېرىيال توپلاش، پىكىر - تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈش داۋامىدا ئىجادىي كۈچى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ۋە جىددىي ئىشلىگەن چېغىدىكى پىسخىكىلىق ھالەتتۇر. چايكوۋىسكى ئېيتقاندەك، «ئىلھام شۇنداق بىر مېھمانكى، ئۇ، ياللاۋنى زىيارەت قىلىشنى خالىمايدۇ.» روسىيىنىڭ مەشھۇر رەسسامى رېپىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئىلھام جاپالىق ئەمگەككە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر.» ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىم بويىچە قارىغاندىمۇ، ئىجادىيەتتىكى ئىزچىللىق، تىرىشچانلىق ناھايىتى مۇھىم. كۆپ يىللاردىن بۇيان جىددىي خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدا بىرەر كۈنىمۇ بوش ئۆتكۈزگىنىمنى بىلمەيمەن. ۋاقىت چىقىرىپ ھەر كۈنى بىرنەچچە سائەت كىتاب ئوقۇيمەن ياكى تۇرمۇشنى كۆزىتىمەن، مەن بىلەن بىللە ئىشلىگەن، يېقىن ئۆتكەن ياكى سىرتلاردا ئۇچراشقان، سۆزلەشكەن ئادەملەر ھەققىدە، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، سەرگۈزەشتىسى، مىجەز - خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى، ھېسسىيات قىزىقىشى، مۇۋەپپەقىيەت ياكى بەختسىزلىكلىرى ھەققىدە، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىم ياكى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان ئىشلار ھەققىدە ئويلايمەن. تەبىئەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنى، «ئوبراز» لارنى كۆزەتكەن، ھەر خىل ۋەقە، ھادىسىلەرنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان چېغىمدا، شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى، ئىچكى ۋە تاشقى باغلىنىشى، قانۇنىيىتى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمەن. ئۇنىڭدىكى ئېسىل تېتىنىڭ قىممىتىگە، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىگە ئىگە، چوڭقۇر پەلسەپىۋى يەكۈن چىقىرىشقا يېتەكلەيدىغان، مۇرەككەپ ھەم كۆپ قاتلاملىق ئىنسان قەلبىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇمكىنچىلىك بېرىدىغان دېتال، خاراكتېر ۋە مەزمۇنلار ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈپ، يېڭى تېما، يېڭى شېئىردىي پىكىرلەرنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىمەن. بۇ جەرياندا گاھى خۇشاللىق، گاھى غەزەپ، گاھى ھېسداشلىق، گاھى نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى قەلبىمنى ھاياجانغا سېلىپ، ھېسسىياتىمنى ئۆركەشلىتىدۇ. پىكىر يۈرگۈزگەنسېرى، تەسەۋۋۇر قىلغانسېرى، ئىلھامىم قاناتلىنىدۇ، يازىمەن، ئۆزگەرتىمەن، تولۇقلايمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان شېئىر، داستان، باللادا، ناخشا تېكىستى، نەسىر، ئىلمىي ماقالە قاتارلىق ئىككى مىڭ پارچىغا يېقىن ئەسەرنى يېزىپ چىقالمىغان، ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم.

سان ئۆزگىرىشى سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەدەبىيات تارىخىدا كۆپلەپ مەشق قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ زۆرۈر باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمەي، مېڭىسىنى قاتتىق ئىشلەتمەي، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرمەي، «ئۆزلۈكىدىن

كېلىپ قالغان» «تۇيۇقسىز ئىلھام» بىلەن بىر يولىلا قالتىس يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرمۇ شائىر بولمىسا كېرەك. بەزى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلىگەن ئازغىنا نادىر ئەسەرلىرىگە قاراپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا، ئۇلار جاپالىق مەشىق جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەي، ئاز ئەسەر يېزىپلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، دەپ قاراش ئەدەبىيات تارىخىنى بىلمىگەنلىكنىڭ، نادانلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان. شائىرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغان بەزى ئەسەرلىرى ئوبزورچىلارنىڭ ھەققانىي، يوللۇق تەنقىدىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. لېكىن ئىجادكارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر يېزىشنىڭ مەشىقى، تەييارلىق باسقۇچى، تۇغۇت ئانىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئىلھام، تالانت، ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەت ئۆگىنىشتە، كۆزىتىشتە، پىكىر قىلىشتا، يېزىقچىلىقتا ھورۇن بولمىغان، ئىزچىل، ئۈزمەي جاپالىق ئەمگەك قىلغان كىشىلەرگە مەنسۇپ. بەزى چاغلاردا ئۇستەل ئالدىدا نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپمۇ ھېچ نەرسە يازالمايمەن، ئەمما پىكىر يۈرگۈزۈش داۋامىدا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، تەۋەللۇت ۋاقتى توشمىغان ئوبراز، سيۇژېت ياكى شېئىرىي پىكىرلەر يول يۈرگەندىمۇ، ھەتتا ئۇخلاشقا ياتقاندىمۇ خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، ماڭا ئارام بەرمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىپ، ئاخىرى ئىلھامنىڭ پارتلىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «يېزا سۈرەتلىرى»، «سېنىڭ تويۇڭ — مېنىڭ ياشلىقىم»، «ئامراقمەن، ئامراقسەن»، «مەن مۇئەللىم — جاپاكەش ئىنسان» قاتارلىق شېئىرلىرىم، شۇنىڭدەك بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان «گۈلمېرۇي»، «خانتەڭرى قىزى»، «خىسلەتلىك قول»، «ئارخېئولوگ ھېكايىسى»، «ئۈجمە ھەققىدە مۇخەممەس»، «ئىجادكار خىسلىتى»، «ھاياتتىكى يول» «ئات جۇۋازدا، كالا مەيدە» قاتارلىق ئەسەرلىرىم مۇشۇنداق قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ، جاپالىق ئىجادىي مېھنەتنىڭ مەھسۇلى.

تۇرمۇشنى شائىرانە كۆز بىلەن كۆزىتىپ ماتېرىيال توپلاش، ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش داۋامىدا، گاھىدا بىرەر سۆز ياكى كىچىك بىر دېتال يىرىك ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى شېئىرىي رومان سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن «گۈلمېرۇي» نى ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش جۇغلانمىسىدىن تاشقىرى، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بىر تاجىك بوۋايىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان بىر سۆزنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.

مەن 60-يىللاردا تاشقورغانغا بېرىپ، ئۆزگىچە مەدەنىيەت، تارىخ، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مول ۋەقەلىككە ئىگە بولغان تاجىك تۇرمۇشىنى ئۆگەندىم. توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا يىرىك ئەسەر يېزىشنى ئويلىدىم. لېكىن ئون يىللاپ باش قاتۇرۇپمۇ ھېچنەرسە يازالمىدىم. 1974-يىلى 9-ئايدا تۇغۇلغان يۇرتۇم گۇما ناھىيىسىنىڭ تاجىك يېزىسى نەۋئابادقا باردىم. بۇ يەردە بىر تاجىك بوۋاي ئۆز خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئېبسىل گۈل — گۈلمېرۇي (ئاي يۈزلۈك گۈل مەنىسىدە) توغرىلىق زوق-ھاياجان بىلەن

سۆزلەپ بەردى. گۈلمېرۋىي دېگەن ئېگىز، قارلىق چوققىلاردا ئۆسىدىغان نازاكەتلىك،
خۇش پۇراقلىق، سوغۇققا چىداملىق تاغ گۈلى بولۇپ، بۇ گۈلنىڭ نامى، خۇسۇسىيەتلىرى،
بۇ ھەقتىكى ئاجايىپ رىۋايەت ماڭا بەكمۇ يېقىپ قالدى. بۇنىڭدىن تۇغۇلغان تەسىرات
مېنى نەچچە كۈنگىچە ھاياجانلاندۇردى. بۇ ھەقتە باللادا يازماقچى بولدۇم، ئەمما يېزىش
جەريانىدا دەسلەپكى پىلانىم بەربات بولدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان
تاشقورغان ۋەقەلىكلىرى، خىلمۇ خىل ئوبرازلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى ئېپكا ۋە
لىرىكىنىڭ بىپايان دۇنياسىغا، تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق يىللىرىغا ئېلىپ كەتتى. ئەي-
نى يىللاردا ھاياتىمدا يۈز بەرگەن ناھەقچىلىك، ھىجران، غۇربەتچىلىك پاجىئەلىرى پېر-
سوناژلىرىمنىڭ پاجىئەسى بىلەن بىرلىشىپ، مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. كۈندە 3 - 4
سائەتلا ئارام ئېلىپ، كېچە - كۈندۈزلەپ يازدىم. ئەسەردىكى قەھرىمانلىرىم تىراگېدىيىلىك
ئازاب - ئوقۇبەتتە يولۇققان جايلارنى كۆز ياش تۆكۈپ تۇرۇپ يازدىم. ئۇلار خۇشاللانسا،
مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، مەنمۇ سۆيۈندۈم، خۇشاللاندىم، ھەتتا چۈشلىرىمدىمۇ ئۇلارنى چۈ-
شىدىم. ئۇلار بىلەن خۇددى ئۇرۇق - تۇغقاندەك، ئاتا - بالا، قېرىنداشتەك قىسمەتداشلىق
ھېسسىياتىدا بولدۇم. نەتىجىدە ئىككى ئايلىق جاپالىق ئەمگەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا
بۇ شېئىرىي رومانىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

بۇ يەردە بىر مۇھىم نۇقتىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، شائىردا ئۆزگە ئىشەنچ،
يازغان ئەسىرىگە نىسبەتەن تۇراقلىق، ئىلمىي كۆز قاراش بولۇشى لازىم. كىم نېمە دېسە،
شۇ بويىچە ئۆزگەرتىۋېرىش، ۋەزىيەتكە قاراپلا قالايمىقان ئۆزگەرتىش ئەسەرنى نابۇت
قىلىدۇ. 1966 - يىلى «مېھنەتكەش ئەۋلادى» ناملىق داستانىم «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان
قىلىشقا تەييارلانغان مەزگىلدە، ژۇرنال نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قېلىپ، ئەسىرىم يورۇق-
لۇققا چىقالمىدى. 1973 - يىلى بۇ داستانىنى مەلۇم مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ مەسلىھەتى ۋە
تاپشۇرۇقى بويىچە شۇ چاغدىكى سىياسەت ھەم ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ، قايتا ئۆزگەر-
تىپ يېزىپ چىقتىم، گەرچە بۇ ئەسەر «تارىم» نىڭ 1974 - يىللىق 6 - سانىغا «ئايگۈل
ھەققىدە ناخشا» دېگەن ماۋزۇدا بېسىلغان بولسىمۇ، كىتابخانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرى-
شەلمىدى، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى. بۇ ئىش مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئاچچىق
ساۋاق بولدى.

1976 - يىلى مەلۇم نەشرىيات «گۈلمېرۋىي» نى نەشر قىلماقچى بولۇپ، ماڭا شۇ
چاغدىكى تەلەپ بويىچە ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى ئۆزگەرتىش، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان
ھوقۇقدارلار بىلەن بولغان كۈرەش» نى كىرگۈزۈپ، قايتا ئىشلەشنى ئېيتتى. مەندە بۇ
جەھەتتە ئاچچىق ساۋاق بولغانلىقى، شۇنداقلا ئەسىرىمگە نىسبەتەن ئىشەنچ بولغانلىقى
ئۈچۈن، نەشرىياتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ رومانىم ئۆز ۋاقتىدا نەشر
قىلىنمىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە
ئۆزگەرتكەن بولسام، «گۈلمېرۋىي» ئەينى چاغدا نەشر قىلىنسىمۇ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن
ئۆتەلمەي، تاشلاندۇق نەزىسگە ئايلىنىپ، نابۇت بولۇپ كەتكەن بولاتتى. شۇ مەزگىلدە

مەن بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان يېقىن دوستۇم، تالانتلىق شائىر مۇھەممەت ئېلى زۇنۇننىڭ «گەز دولقۇنلىرى» ناملىق نادىر داستانى ئاشۇنداق ئورۇنسىز تەلەپ بويىچە ئۆزگەرتىلىپ نابۇت بولدى. بۇنىڭغا بەكمۇ ئېچىنىمەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئىنسان ئۆز قابىلىيىتىنىڭ دەرىجىسىنى چۈشىنىشى، جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىشى، ئىجادىيەتتىكى ئىزچىللىقنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى سۈپىتىدە قەدىرلىشى، كۈتۈپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولماسلىقى، ئۆزىگە ۋە ئۆز ئەسىرىگە نىسبەتەن مۇستەھكەم ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى، باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى قەدىرلىشى لازىم.

شائىر ئىجادىيەت داۋامىدا ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ سەۋىيىسىنى، تەلەپ ـ ئارزۇسىنى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۈستۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، «ئۇسسۇغاندا سۇ، توڭلىغاندا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش» بىلەن «كىمخاب ئۈستىگە گۈل بېسىش» نىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى؛ چۈشىنىشلىك يازىمەن دەپ ئەسەرنى بەكمۇ ئاددىي، ئابستراكت قىلىپ قويۇشتىن ياكى سىرلىق يازىمەن دەپ ئۆزىدىن باشقىلار، ھەتتا ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان مۇرەككەپ، ياسالما، مەنتىقىسىز، چۈشىنىكسىز ئىبارە ـ جۈملىلەرنى تولا ئىشلىتىپ، كىتابخاننى قايمۇقتۇرۇپ، بىزار قىلىشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئويلىشى، ئۆزىنىڭ بۈگۈننىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، بۈگۈننىڭ راستچىل، ۋىجدانلىق، تۆھپىكار پەرزەنتى بولالىغاندىلا، كەلگۈسىنىڭمۇ پەرزەنتى بولالىدىغانلىقىنى، ھازىر ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىن ۋە دەۋر ئالدىدىكى مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم.

شائىر ئەسەرلىرىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئۇنىڭ جەمئىيەتتە ۋە كەڭ خەلق ئارىسىدا ئېرىشكەن ئىجتىمائىي، ئېستېتىك ئۈنۈمى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. جىڭ ئالتۇن توپىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇنلۇق قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. كىشىلەر ئۇنى ھامان قېزىپ چىقىرىپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. مەرھۇم شائىرىمىز نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل بۇرۇن يېزىلغان «سېغىندىم»، «ئالدىدا»، «ۋۇلاقتەككۈرۈۋنىڭ ئۆلۈمى»، «تۈگىمەس ناخشا» غا ئوخشاش نۇرغۇن نادىر شېئىرلىرى ئۇزۇن يىل بوھتان چاپلانغان، بۇرمىلانغان، «ئوبزور» كالتىكى بىلەن دۇمبالانغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، يەنىلا خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقى، ۋاقىت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، تېخىمۇ جۇلالىنىپ نۇر چاچقانلىقى بۇ كۆز قارىشىمىزنىڭ دەلىلى.

ئۆز ئىجادىيىتىم داۋامىدا شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، تۇرمۇش چىنلىقى ۋە ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ھېسابلاشماي، ئالدىراپ ـ سالدىراپ قولۇمنىڭ ئۇچىدا يېزىپ «ئىتتىك بازارغا ئۆلگۈرتكەن» ياكى زورۇقۇپ يازغان بەزى شېئىرلىرىم ئەينى يىللاردا ئېھتىياج تۈپەيلىدىن گېزىتلەرنىڭ باش ئىستونىغا بېسىلغان بولسىمۇ، ئامما ئارىسىدا تەسىر قوزغىيالمىدى، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا مۇشتىرىلار تۈگۈل، مېنىڭمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن، تارىخنىڭ تاللىشىدىن ئۆتەلمىدى. تۇرمۇش

پۈرىقى قويۇق، ھاياتنى، خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، شېئىردىي پىكىر ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە يېڭى ھەم ئۆزگىچە يېزىلغان، جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان «باھار قوشاقلىرى»، «قارا كۆز يارىم»، «ياقۇت كۆزلۈك زەر ھالقا»، «سېغىنىش»، «ئەي جانان»، «سېنى كۈتىمەن»، «خوتەن قىزلىرى»، «يۈرىكىمنى بىلدىڭمۇ» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر، ناخشا تېكىستلىرىم خەلقىنىڭ ئارىسىغا كەڭ تارقالدى. بۇ ئەسەرلىرىمنىڭ بەزىلىرى خەلق تەرىپىدىن تۈزىتىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەندى. خېلى يىللار ئىلگىرى قوشاق-بېيىت، غەزەل شەكلىدە يازغان بەزى شېئىرلىرىمنى «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» ۋە «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» توپلاملىرىدا كۆرۈپ بەكمۇ ھاياجانلاندىم. «خىسلەتلىك قول» ناملىق داستانىم «تارىم»دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تىببىي خادىملارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسى كەڭ تىببىي خادىملارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ تەلىپى بويىچە داغدۇغىلىق چوڭ يىغىن ئېچىپ، بۇ داستانىم ئۈچۈن ماڭا بىرىنچى دەرىجىلىك خەلق مۇكاپاتى بەردى. ئەدەبىي ئەسەرنى مۇكاپاتلاش داۋامىدا ئاز كۆرۈلىدىغان بۇ ئەھۋال ھازىرغىچە مېنى ھاياجانلاندۇرۇپ، تەسىرلەندۇرۇپ، ئىلھاملاندۇرۇپ كەلمەكتە. شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆزىنىڭ تۆھپىكار پەرزەنتلىرىنى، شائىر، يازغۇچىلارنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ. شائىر ئۈچۈن خەلقىنىڭ باھالىشىدىنمۇ ئارتۇق ئوبزور، خەلقىنىڭ ئالقىشىدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات يوق.

1980-يىلى «قاداقچىغا قارىتىپ» ناملىق شېئىرىم «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەلۇم ناھىيىسىدە قانۇنىي دەۋاغا سەۋەبچى بولدى. تەخسىكەش قوشنىسىدىن بىزار بولغان بىرەيلەن بۇ شېئىرنى كۆچۈرۈپ، كونۋېرتقا سېلىپ، بىر كىچىك بالا ئارقىلىق ھېلىقى قوشنىسىغا كىرگۈزگەن. نەتىجىدە جېدەل تېرىلىپ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە قەدەر بېرىشقان. ھېلىقى تەخسىكەشنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ، خەلق ئارىسىدا باش كۆتۈرەلمەي قالغان. بۇ ئىش قانۇن ئورۇنلىرىدا ۋە خەلق ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھېلىقى كىشى بۇ خىل يامان ئىللەتتىن بەلگىلىك دەرىجىدە قول ئۈزگەن. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقىنىمدىن كېيىن، ئەسىرىمنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا تەسىر قوزغاپ، ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىمدىن خۇشال بولدۇم.

«نەگە پاتار ئۇنىڭ قەبرىسى» ناملىق شېئىرىم «تارىم» نىڭ 1988-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغاندىن كېيىن، يەنە شۇ ناھىيىدە «پالاننى يېزىپتۇ» دەپ غۇلغۇلا پەيدا بولۇپتۇ. شۇ ناھىيىگە بارغىنىمدا، ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن ھېلىقى نەپسانىيەتچى مېنى مېھمانغا چاقىرىپ: «بۇ شېئىرنى خەقلەر ماڭا دارىتىملاپ ئوقۇپ يۈرىدۇ. باش كۆتۈرەلمەي قالدىم. ھاجەتلىرىدىن چىقسام، بۇندىن كېيىن ئۇنداق شېئىرلارنى يازمىغان بولسىلا» دەپ، بۇ شېئىرىمنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىغا خېلى بەك تەگكەنلىكىنى، ئاممىنىڭ كۆزى ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى، ئەندىشىسىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئاقلايدىغان گەپلەرنى جىق قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى چوڭقۇر

ھېس قىلدىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ شائىرلىرىمىز يازغان ئەسەرلەرنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە دائىر مىساللارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ئون يىللىق ئىسلاھات داۋامىدا شېئىرىيىتىمىز سان ۋە سۈپەت جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان پاكىت. ئەمما شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ كۈتكەن تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا، شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى تېخى يۈكسەك پەللىگە يەتكىنى يوق. خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە شېئىرىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان، مەزمۇن، بەدىئىيلىك، ئۇسلۇب جەھەتتىن بوسۇش خاراكتېرىگە ئىگە نادىر شېئىرىي ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. شېئىرىيەت ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر ئاز ئەمەس. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھازىرقى مۇھىم مەسىلە سەمىمىيلىك، راستچىللىق بىلەن ئۆز ئەھۋالىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، پوچىلىق، ئىنكارچىلىق، كۆچۈرمىكەشلىك، بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، بىلىم، ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، باشقىلارنىڭ ئىلغار، پايدىلىق شېئىرىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىراسلىرىمىزغا ھەقىقىي تۈردە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، تۇرمۇشقا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنىگە، كەلگۈسىگە يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، شېئىرىيەتتە تېخىمۇ كۆپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، بۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش، ئۇلارنى روھلاندۇرۇش، ئىسلاھاتقا تۆرتكە بولۇش، خەلقىمىزنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. بۇ، ھەربىر ئىجادكارنىڭ دەۋر، خەلق ۋە ئەدەبىياتىمىز ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى.

ئەگەر بىز مەتبۇئات ۋە باشقا ھەرخىل سورۇنلار ئارقىلىق ئۆزئارا ھېسسىيات، پىكىر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىر ـ بىرىمىزنى قوللاپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى ھەققىدە ئورتاق ئىزدەنسەك، قەيسەرلىك، ئىجادچانلىق روھىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، رەڭمۇ رەڭ، مول ئىجادىي مېۋىلەرنى قولغا كەلتۈرسەك، مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتەلەيمىز. ھاياتتا يول كەڭ، ئىجادىيەتتىمۇ شۇنداق.

مەن بارلىق قەلەمداشلىرىم بىلەن بۇ يولدا بىللە ئالغا بېسىشنى، ئۆزئارا ھەمنەپەس بولۇشنى خالايمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## «پەتنىچى» دىكى چىنلىق مەنزىرىسى

يولداش زۇنۇن تاھىرنىڭ «پەتنىچى» ناملىق ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990- يىللىق 5 - سانىغا بېسىلىشى بىلەنلا ھەرخىل ئىنكاسلار پەيدا بولدى.

بۇ ھېكايىدە باشقىلار تېخى يازمىغان، لېكىن دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئىشلار دېتال قىلىنغاچقا، ھە دېگەندىلا كىشىگە يېڭىلىق پەيزى بەخش ئېتىدۇ. ئىمرەمزىنىڭ ھازىدار ئائىلىدە يانچۇقىدىن ھاراق چىقىرىپ «ئىچەيلى» دېيىشى، نەشىنى كومشىتىشلىرى كىتابخانغا شۇنچە چىن ۋە تەبىئىي تۇيۇلىدۇ. كىتابخان بۇ جەرياندا يەنە «ئىمرەمزە ئابدۇسوپۇراخۇننىڭ ئۆيىدە تۆت - بەش كۈن تۇرمىغىچە ھەرگىز كەتمەيدۇ، ئابدۇسوپۇراخۇن ئېپىنى كەلتۈرۈپ ئۇنى قوغلىۋەتمىگىچە قۇتۇلالمايدىغان بولدى» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ بولىدۇ، لېكىن ئىمرەمزىنىڭ ئېسىنى يىغىپ، ئابدۇسوپۇراخۇنغا 30 يىل ئىلگىرى قەرز ئالغان 300 يۈەن پۇلنى قايتۇرغانلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىنىڭ تازا ئادىل بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىمرەمزىنىڭ ھاراق بۇسى، نەشە تۈتۈنى ئىچىدىكى ۋۇجۇدىدىن ئادەمگەرچىلىكنىڭ چوغلىرى تېخى ئۆچمەي يېلىنجاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

ۋەقەلىك راۋاجىنىڭ كىتابخان تەسەۋۋۇرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇشى كىشى تاڭ قالغۇدەك دراماتىك توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىنى كۈچەيتكەن. ئىمرەمزىنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى بەك تۇيۇقسىز ئايان بولدى، لېكىن ئۇنىڭ 300 يۈەننى قايتۇرۇلىشىغا قانداق مۇقەررەرلىك يوشۇرۇنغان؟

سىياسەت قويۇۋېتىلدى. ئىسلاھاتنىڭ باھار شامىلى كىشىلەرگە بېيىش يولىنى ئېچىپ بەردى. بۇ — پاكىت. ئىمرەمزىنىڭ تۇرمۇشمۇ بۇ رېئاللىقتىن چەتتە قالمايدۇ. ھېكايىدە ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقى يېزىلمىغان بولسىمۇ، 30 يىلدىن بۇيان قايتۇرالمىغان قەرزنى ئەمدىلىكتە قايتۇرۇۋاتقانلىقىدىن ياخشى سىياسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تىرىكچىلىك يولىنى تېپىۋالغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئەسەردىكى 300 يۈەن ۋەقەسى توقۇنۇشنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ھۇلى بولۇش بىلەن بىللە ئىمرەمزىگە ئاخىرقى خاراكتېرىستىكا بېكىتىشنىڭ كوزىرى. 300 يۈەننىڭ ھالال پۇل ئىكەنلىكى تۇتۇق بولۇپ قالسا، ئىمرەمزىگە بولغان گۇمان دېگەندەك يېشىلمەي، كىتابخاننىڭ ئىمرەمزىگە بولغان ئەڭ ئاۋۋالقى جاھىل قارىشى يەنە باش كۆتۈرەتتى - دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن «ئوغرىلانغان پۇلمۇ نېمە؟» دېگەن يەنە بىر خاتا قاراش پەيدا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئاپتور شۇڭا پېرسوناژ تىلىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يوچۇقنى ئەتكەن ھەم ئىمرەمزىنىڭ سىدام روھىي دۇنياسىغا ئادەم تەسىرلەنگۈدەك ئىشىنەرلىك تۈس بەرگەن.

«... سىلى بىلمەيلا جېنىم ئۇكام، بېشىمغا نۇرغۇن دەرد كەلدى. تۇرمىدىمۇ ياتتىم، خاڭدىمۇ ئىشلىدىم، ئەمما ئوغرىلىق قىلمىدىم...»

ئاپتور ئەگەر مۇشۇ تۆت ئېغىز گەپنى ئىمرەمزىگە ئوخشاپ «دېگۈزەلمىگەن» بولسا، ئىمرەمزە خاراكتېرىنىڭ چىنلىقىغا دەز كەتكەن بولاتتى.

ھېكايىدە ۋەقەلىك چىنلىقىغا ئاساس سېلىش، پېرسوناژ خاراكتېرىنى پېرسوناژنىڭ ئۆز تىلى ھەم پائالىيىتى ئارقىلىق يارىتىش، «قوي كـۆز، بۇغداي ئۆڭ» دېگەنـدەك كونا قاتمال قىياپەت تەسۋىرلىرىگە ئېسىلىۋالماي، پېرسوناژلارنى ئـۆزىگە خاس ئىجادىـي تىل بىلەن تەسۋىرلەش كۆپ تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، بەزى يازغۇچىلىرىمىز ھېلىمۇ كونا سەنئەتـ دىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدۇ. يولداش زۇنۇن تاھىرنىڭ «پەتىچى» ناملىق بۇ ھېكايىسىدە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بۇنداق ئەھۋاللار يوق. شۇڭا كىتابخان ھېكايىدىكى ئىككى شەخسنىڭ جوزا ئۈستىدىكى سۆھبىتىدىن غايەت زور بەدىئىي چىنلىق مەنزىرىسىنى كۆرـ ىدۇ، بۇ ھېكايە كىشىنى ئىشەندۈرەلمەيدىغان ۋەقەلىكتىن، تولا دېيىلىپ «قېرىپ» قالغان تەسۋىرلەردىن خالى. ھېكايىنىڭ خاتىمىسىمۇ كىشىنى ئويغا سېلىپ، ۋەقەلىك ئىچىگە قايتائېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا مەن بۇ ئەسەرنى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىرگۈلى ھېسابلايمەن.

ئۈرۈمچىدىن ئابلىكىم ئۇبۇلھەسەنھاجى

## يەنە «سىزنى سۆيەتتىم» ھېكايىسى ھەققىدە

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 9 ـ سانىغا بېسىلغان «سىزنى سۆيەتتىم» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ، تۆۋەندىكىدەك تەسىراتقا كەلدىم:

بۇ مۇھەببەت ۋە ئىجتىمائىي ئەخـلاق تېمىسىدىكى ھېكـايە بىرلۇپ، سالام خەت شەكلىدە يېزىلغان. بۇ ھېكايىدە مۇرات بىلەن رۇقىيەنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەرـ ياندا باشتىن كەچۈرگەن مۇھەببەت سەزگۈزەشتىسى تەسۋىرلەنگەن. ھېكايەچىلىقىمىزدا بۇ تېمىنى يېزىشنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق تېما، ئەمما گەپ بۇ تېمىنى قانداق يېزىشتا. مېنىڭچە، بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى دەل مۇـ شۇ نازۇك مەسىلىدە ئاجىزلىق قىلغان. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتـ قان رۇقىيە بىلەن مۇرات مۇھەببەتكە تامامەن مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىـلە قىلىدۇ. ئاپتور تەرىپىدىن بەدىئىي سەھنىگە كۆپرەك چىقىرىلغان رۇقىيە كىتابخاننىڭ كۆز ئالـ دىدا ناھايىتى شاللاق، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان شەخـس سۈپىـ تىدە گەۋدىلىنىدۇ. مۇرات سەھرادىكى ھېلىقى تانسا كېچىلىكىدىن تارتىپ خېـلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە رۇقىيەگە جىسمانىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىلا ئويلايـدۇ. «دېرىزىـنىڭ سۇنۇق كۆزنىكىدىن مارىلاپ، سىزنى كۈتىدىغان ئىنتىزارلىق كۈنلەر يەنە باشلاندى. مەن ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى تاقەتسىزلىك بىلەن سىزنى كۈتەتتىم، بىراق ۋىسال پـەيـ تى زادىلا كەلمەيۋاتاتتى.» ھېكايىنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، مۇرات بىلەن رۇقىيە بىر سىـ نىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقداشلاردىن بولۇپ، ھەر كۈنى دېگـۇدەك بىر ـ بىرىـنى كـۆرۈپ تۇـ رۇش، «ۋىسالىلىشش» پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. لېكىن مۇراتنىڭ يۇقىرىقى سۆزىـدىن ئۇنىڭ رۇقىيەگە جىسمانىي جەھەتتىن ئېرىشىشنى ئالدىنقى ئورۇندا قويغانلىقى نامايان بولـىدۇ. ئاپتور مۇراتنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان بۇنداق بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيىسىگە بىرخىل گۈزەل ئەخلاق سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. توغرا، ئاپتور رۇقـىيە خاراكتېرىـدىكى يېڭىلىـك بىلەن مۇرات خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلارنى قىسمەن تەنقىدلەيدۇ، ئەمما بۇ تەنقىد ھېكاـ يىدىكى «مەن» نىڭ ئۆزىنى ۋىجدانەن ئازراق ئەيىبلىشى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. كىشىنى ئويـ غا سالىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، رۇقىيەمۇ ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىـتى بىلەن ۋۇجۇدىدىـكى

ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — قىزلىق ئىپپىتىنى مۇزەپپەرنىڭ تەلۋىلەرچە تام تېپىشلىرىگە تېگىشىۋەتكەندە، ھېچقانداق پىسەنت قىلمايدۇ. مۇرات رۇقىيەنىڭ بۇ ئىشىنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلىدۇ-دە، «مەھەللە سىرتىدىكى جىگدىلىك» تە ناتونۇش بىر ئايال بىلەن غەيرىي نورمال مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، بۇ قىلمىشىنى ئۆزىچە تېخى رۇقىيەدىن ئۆچ ئالغانلىق دەپ خۇشال بولىدۇ، رۇقىيە بىلەن مۇرات ئاشۇنداق بەسلىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى چەكلەيدىغان مەكتەپ ئىنتىزامىنى، ئەخلاق قاتارلىقلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار شۇغۇللانغان يۇقىرىقىدەك بۇزۇقچىلىق كىتابخانلاردا قانداقتۇر نورمال ھادىسىدەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، بۇ بەلكىم ھېكايىدە ئىپادىلەنگەن ئاپتور مايىللىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇشتىرىلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يەنىلا كەڭ ياشلار، ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، بۇ مايىللىقنىڭ ئاشۇ ياشلار ئارىسىدا بەلگىلىك يامان تەسىر پەيدا قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلاردا مۇھەببەت بولمايدۇ، دەپ قاراش ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھەببەتنى بەدىئىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەشكە چەك قويۇشقا ئۇرۇنۇش بىمەنىلىك، لېكىن شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئەخلاق تەربىيىسىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. جىسمانىي ھەۋەسلەر بىلەن شەھۋانىي تەلەپلەرنىڭ قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا چەك قويىدۇ. لېكىن «سىزنى سۆيەتتىم...» ھېكايىسىدە «قورسىقىم يۇمشاق قورسىقىڭىزغا تىرىلىپ قالدى»، «مەن كۆتۈرۈلگەن پۇتىڭىزنى تۇتۇۋالدىم. سىز ئۇستۇمگە يىقىلىپ چۈشتىڭىز ... تەگدى! كۆكسىڭىز، قورسىقىڭىز، قولىڭىز، پۇتىڭىز ... تەشنا لېۋىمگە تەگدى»، «ياتاقتىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى!»، «... ئايال رومىلىنى چۆرۈۋەتكەن بولۇپ، جىگدىلىك ئاستىدىكى نەم قۇمدا سوزۇلۇپ، چاتىرىقىنى كېرىپ ياتاتتى» دېگەندەك بىمەنە تەسۋىرلەرنى ئۇچرىتىمىز، كىچىككىنە بىر ھېكايىدا بۇنداق يالىڭاچ تەسۋىرلەرنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ بەدىئىي ئەسەردىن ئورۇن ئېلىپ، كەڭ تارقالغانلىقى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. جىسمانىي ھەۋەس بىلەن تەبىئىي تەلەپ ئادەم ۋۇجۇدىدىكى مەۋجۇت نەرسىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بەدىئىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، يۇقىرىقىدەك يالىڭاچلاشتۇرۇۋېتىلسە، ئەدەبىياتىمىزنى چاكىنىلاشتۇرۇپ، تېتىقسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، كىتابخانىنىمۇ بىزار قىلىدۇ، ئۇنداق ھەۋەس بىلەن تەلەپلەرنى يوشۇرۇشقا بولمىسىمۇ، ئەمما سىيلىقلاشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن. ئۇلار سىيلىقلاشتۇرۇلسا، ئۇنىڭغا بەلگىلىك ھېسسىيات ئامىلى سىڭىدۇ، ئۇ چاغدا قىپيالىڭاچلىقتىن خالىي بولغانىنىڭ ئۈستىگە، كىتابخانىنىمۇ ھېسسىيات ئارقىلىق جەلپ قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، بۇ ھېكايىدىكى شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن پاك مۇھەببەت ئامىللىرىنى ئانچە تاپقىلى بولمايدۇ. مۇراتنىڭ رۇقىيەنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىيات ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، ئۇنى مۇھەببەت دەپ ئاتاشمۇ بىر مەسىلە. دېمەك، ئاپتور بۇ ھېكايە ئارقىلىق پاك مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇش مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەزى ساغلام بولمىغان مۇناسىۋەتلەرنىمۇ لايىقىدا تەنقىدلىيەلمىگەن. ئېفېمىزم پرىنسىپلىرىغا يات بولغان بەزى تەسۋىرلەرگە يول قويۇپ، ھېكايىنى خېلى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەن. مېنىڭچە، ئىجتىمائىي ئومۇم نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ بىر خىل نورمال بولمىغان ئەھۋال. ئەدەبىيات سېپىمىز يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ياسىن نىيازغا ئوخشاش ياش ھەۋەسكارلارنى قىزغىن

قارشى ئالدۇ. ئەمما مەن ئاددىي كىتابخان بولۇش سۈپىتىمدە يولداش ياسىن زىليازىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدە نېمىنى يېزىش ئەمەس، بەلكى قانداق يېزىش، ئوبيېكتىنى قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسىنى كۆپرەك ئويلىنىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن، ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

ئۈرۈمچىدىن ئابدۇللا مەتقۇربان

## مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئىككى ئەسەر

مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 8 - سانىغا بېسىلغان شائىر ياسىن زىلالنىڭ «ئانا» ناملىق داستانىنى ئوقۇپ سۆيۈنۈپ كەتتىم:

تەپتى كۈچلۈك يالقۇنلاردا ئالتۇن تاۋلىنار،
ئالتۇندەك پاك، چىرىمەس روھ ۋىجدانىمغا رەڭ.
مىڭ يىللاپ زەر كۆمۈلسىمۇ ھامان يالتىرار،
زەر خىسلەتنى زەردەك ئەرگە ئانا بەردى دەڭ.

بۇ مىسرالارنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، ئەلۋەتتە. ئومۇمەن داستان سىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى بىزنىڭ ئانىمىز، بىزگە ئاق سۈت بەرگەن، بىزنىڭ ئازابلىرىمىز ئۈچۈن ياش تۆككەن، بىز ئۈچۈن تالاي - تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن، كۈندۈزلىرى ئېتىزدا ئىشلەپ، ئاخشىمى بىزگە مەززىلىك تاماق ئېتىپ بەرگەن، مېھىر - شەپقىتى تەڭداشسىز ئانا.

ئوتتۇز تۈننى ئايدەك قىلغان بولساڭ تولۇن ئاي،
قانچە گۈزەل بولۇپ كېتەر ئىدى بۇ دۇنيا.
نېچۈك چىداپ كەتتىڭ بىزنى قالدۇرۇپ ۋاي، ۋاي،
شۈكرى، ئايسىز تۈندە ئايدۇر بىزلەرگە ئانا.

شائىر بۇ مىسرالار ئارقىلىق ئانا ھەققىدە ناخشا ئېيتىدۇ. قەلبىمىزدىكى ئانىمىزغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى سۈرەتلەيدۇ. ئۇ:

كۆمگەن بولساڭ كۈمۈش نۇرغا ئوتتۇز تۈننى سەن،
ئېرىشەتتىڭ ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا.
شۇ چاغ ساڭا ئانام ئوخشاش باش قوياتتىم مەن،
يەتمەس مېھرىڭ ئانام مېھرى تولۇقلۇقىغا.

دېگەن مىسرالاردا ئانىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. شائىر بۇ ئەسەرگە يەنە بىر چۆچەكنى قىستۇرۇش ئارقىلىق داستاننى تېخىمۇ تەسىرلىك ھەم ھېسسىياتقا باي قىلغان. بۇ چۆچەك ئارقىلىق مۇھەببەت سەۋداسىغا ئايلانغان يىگىتنىڭ پەسكەش ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى تەسۋىرلەپ، ئانىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلىگەن.

لاپپىدىلا يورۇپ كەتتى زۇلمەتلىك دۇنيا،
ئانا ئۈچۈن يورۇق دۇنيا زۇلمەتتۇر ئەمما.
يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئانا
دېدى: ئوغلۇم، راست كۆردىمۇ كۆزۈڭ ئېيتقىنا؟!

...

قەسەم بەردى يىگىت قىزغا ئايدىڭ كېچىدە،
قىزنىڭ شەرتى: ئانىسىنى كۆزدىن يوقىتىش.
ـــ بەجا قىلاي، ـــ دېدى يىگىت، ـــ ئۈچ كۈن ئىچىدە،
مەيلى ۋىسال ئېلىپ كەلسە ئۇندىن قۇتۇلۇش.
توپا تولۇپ چىققان چاغدا تاكى گېلىغا،
ـــ توختا بالام! ـــ دېدى ئانا، ـــ سۆزۈمنى ئاڭلا،
خوش دەۋالاي، قىلىۋالاي مەن ساڭا دۇئا،
ساڭا بەخت، ئۆمۈر، تەۋپىق بەرسۇن ھەق - ئاللا.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شائىرنىڭ بۇ يەردە يېزىۋاتقىنى ئادەتتىكى بىر ئانا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ، مۇقەددەس ئانا!

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 6 - سانىغا بېسىلغان ياش ھەۋەسكار ئايبېك ئۆمەرنىڭ «مەن شۇنداق شائىر» ناملىق شېئىرىمۇ تىلىنىڭ ئاددىي، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن مېنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى.

ھازىر بىزدە شېئىر يازىدىغانلار بەك كۆپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، شېئىرىيىتىمىز تەقلىدچىلىك، شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. بىر ياخشى شېئىرنى ئوقۇپلا، ئارقىدىن ئىلھامى كېلىپ «شېئىر» يازىدىغان «شائىرلار» ھېلىمۇ بار. ئايبېك ئۆمەر ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرىدا ئاشۇنداق «شائىر»لارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ:

ئۆزگىلەر ئىشلەتكەن سۆزنى ئىشلەتتىم،
توغرا دەپ تونۇدۇم بولماي تەنقىدچى.
باغنىلا ماختىدىم، تاغنى كۆرمىدىم،
مەن شۇنداق شائىر ھەم شۇنداق تەقلىدچى.

روشەنكى، باشتىلا يېزىلغان بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەن بۇ شېئىرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ قارايمەن. چۈنكى مەنىمۇ «شۇنداق شائىر»لاردىن جاق تويغان كىتابخانلارنىڭ بىرى. شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، بۇ تېمىنى ئۇنچىۋالا جىق قۇرلارنى زايا قىلمايلا ئىپادىلىگىلى بولاتتى.

قىسقىسى، «مەن شۇنداق شائىر» ناملىق بۇ شېئىرنى شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر قامچا دېيىشكە بولىدۇ.

مەن ياسىن زىلال بىلەن ئايبېك ئۆمەرنىڭ تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا تىلەكداشمەن.

قاراماي بۇرغىلاش شىركىتىدىن ئىبراھىم نىياز
مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

نىنا ماتۋېيېۋنا (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# ئىسرەن شىيخى

(ھېكايە)

بوكورىۋ يەنە بىر ئۆيدىكى سافادا ئۇخلاۋاتاتتى. ھەر كۈنى سەھەردە تەكرارلىنىدىغان ئاۋازلار — مۇنچىدىكى سۇنىڭ شىرىلدىشى، ئايالى ۋە ئوغلىنىڭ پاراڭلىرى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

مەن چىقىپ كەتمەيمەن! — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا ئۆز-ئۆزىگە. ئاخشام ئايالىنىڭ ئۆزى بىلەن تاكاللاشقانلىقى ئۇنىڭغا بەكلا ھار كەلگەنىدى. ئەسلىدە ئۇ ئايالىنى ئالىي مەكتەپنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش بۆلۈمىدە ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇرۇۋالغان ھەمدە پىداكارلىق بىلەن ئۆينىڭ بارلىق ئېغىر ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئايالىدىن ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ياكى دىپلوم ئېلىش ئۈچۈنلا ئوقۇماي، بەلكى بىر يۈكسەك مەقسەت، يەنى كىشىلىك ھاياتتىكى بىرەر كونكرېت ھەمدە پايدىلىق ئىشنى بولسىمۇ تونۇش، چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇشنى تەلەپ قىلغانىدى.

ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئايالى ئوقۇشقا بېرىلىپلا كەتتى. بوكورىۋ ھەيرانلىق ۋە ھەتتا بىر ئاز قىزغىنىش بىلەن شۇنى بايقىدىكى، ئايالى ئەسلىدە ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ قەتئىي ئىرادە ۋە پەۋقۇلئاددە خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. ئايالى ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆت-بەشلەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ دەرس تەكرارلايتتى، ئاندىن ئوغلىغا بالىلار كىتابىنى ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشقا باراتتى. كەچتە، كۆپىنچە، كۇتۇپخانىدا ئۆگىنىش قىلاتتى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بوكورىۋ ئېيتىپ قويغان كەچلىك تاماقنى ئالدىراپ يەپلا ئۇخلاشقا ياتاتتى. تېلېۋىزور كۆرۈش، مېھمانغا بېرىش، بايرام، ئويۇن-تاماشا دېگەنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يىراق ئۆتمۈش بولۇپ قالغانىدى.

بىرقانچە كۈن ئىلگىرى، بوكورىۋ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان بىر كاماندىروپكىغا چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشۈۋىدى، بۇ دەل ئايالىنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى: شەيتان ئازدۇرغاندەكلا توغرا كېلىپ قالغىنىنى دېمەمدىغان، ئۇ بۇ چاغدا كاماندىروپكىغا چىقالمايتتى، يالغۇز ئوغلىنى — باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بالىسىنى تاشلاپ

كېتەلمەيتتى.
ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، تۈنۈگۈنكى
تاكاللىشىش ئۇلار ئارىسىدىكى بىرىنچى
قېتىملىق جېدەل ئەمەس ئىدى. يېقىندىن
بۇيان، بۇكوردۇ ئىززەت - ھۆرمەت تۇيغۇسى
پات - پاتلا قوزغىلىدىغان، بارغانسېرى ئاسان
ئاچچىقلىنىدىغان، سەپرا مىجەز بولۇپ قالدى.
ئۇ قالايمىقان بولۇپ كەتكەن ئۆيىنى يىغىش-
تۇرمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ قالاي-
مىقان قىلىۋېتەتتى. بۇلار بىلەن كىمنىڭ
كارى، ئۇ ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈ-
زۈشنىڭلا كويىغا چۈشتى، ئايالى تېخىمۇ
شۇنداق ئىدى. تازىلىق چېلىكى تاشقارقى
ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويۇلغانىدى.
ئايالى ھەر كۈنى ئۇنى ئەگىپ ئۆتەت-
تى - يۇ، ئۇنىڭغا زادىلا دىققەت قىلمايتتى.
قورسىقى ئاچقاندا، تۇڭلاتقۇدا نېمە بولسا
شۇنى يەيتتى. يەيدىغىنى كۆپ چاغلاردا بىر
پارچە بولكا، بىر ئىستاكان سۈتلا بولاتتى.
بۇكوردۇ ئاخىرى تاقەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ
سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، خوتۇنىغا «كۆرسەت-
مە» بېرىش، ئەقەللىيسى، ئۇنىڭ ئۆيگە
تولۇپ كەتكەن ئەخلەت ۋە پاسكىنىچىلىقىقا
بولغان دىققىتىنى قوزغاش، ئائىلىلىق ۋە ئايال
خوجايىنلىق ھېسسىياتىنى ئويغىتىش، ئۇنىڭغا
ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتقان-
لىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك ئىدى.
لېكىن، ئايالىنىڭ «كۆرسەتمە» گە بەرگەن
جاۋابى ئۇنىڭ مەڭزىگە مۇنداقلا سۆيۈپ
قويۇپ، چاڭىلدىغان ئاۋاز بىلەن:
— ۋاي جېنىم، ئۈچ يىلدىن بېرى
تاقەت قىلىپ كەلدىڭىز، ئەمدى غۇلچى
تۈگەپ غېرىچى قالدى، يەنە ئازراق تاقەت
قىلىڭ، بۇ قالايمىقانچىلىقلارغا ئۇنچىۋالا
تىت - تىت بولۇپ كەتمەڭ... مەن دۆت
ئىكەنمەن، بىرەر نەرسىنى 100 قېتىم
ئوقۇمىسام ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن، مېنىڭ
ئوقۇشۇم تۈگىگەندە، ھەممە قايتىدىن رەت-
كە چۈشىدۇ، بولامدۇ؟ — دېيىشلا بولدى.
ئەمما، بۇكوردۇ بۇ قالايمىقانچىلىقلارغا
داۋاملىق تاقەت قىلالمىدى. كىچىك ۋاقتى-
دىن باشلاپلا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئازغىنا
پاسكىنىچىلىقمۇ گەپ ئاڭلىماسلىق ۋە ئەقىل-
سىزلىكنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلاتتى. ئەمما،
ھازىر ئايالى ھەر كۈنى ناھايىتى كەچ
قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر
كۈنىلا شۇنداق ئوخشاش بىر خىلدا پەلتۇ-
سىنى سالماي ۋە ھەتتا ناھايىتى ئېغىر
بولغان ماتېرىيال سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە
ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا ناھايىتى تېزلىك
بىلەن ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلىگىلى
تۇراتتى. بۇ ھەممە ئىش ناھايىتى كۆپ،
خىلمۇ خىل ئىشلار بولماستىن، پەقەتلا
ئايال دوستۇمنىڭ ئۆيىدە تاپشۇرۇق ئىش-
لىدىم ياكى كۇتۇپخانا كىتابنى ئۆيگە ئېلىپ
كېتىشكە بەرمەيدىكەن، شۇڭا ئىلاجىسىز
كۇتۇپخانىنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئۆگىنىش
قىلدىم، دېگەنلەردىنلا ئىبارەت ئىدى. ئايا-
لى ۋاتىلداپ توختىماي سۆزلەپلا كېتەتتى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار دېيىش ھاجەتسىز،
كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان سۆزلەر ئىدى.
ئۇنىڭ مەقسىتى ئېرىنى ئېغىز ئاچقۇزماس-
لىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇكوردۇ
كۈندەشلىكنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى-
نى، ئۇنىڭ كونا ئىدىيەلەرنىڭ قالدۇقى
ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
ھەقتە زادىلا بىرەر ئاساسى يوق ئىدى.
ئەمما، بۇ ئىش ھەمىشە ئۇنىڭ كۆڭلىنى
بىئارام قىلاتتى، كۆرۈنۈشتە ئايالىنىڭ مۇن-
داق گەپ ئەگىتىپ ۋالاقلاشلىرىغا مۇمكىنقەدەر

خاتىرجەملىك بىلەن ئىنكاس بىلدۈرگىنى بىلەن قەلبىدىكى دەرد ۋە ئازابلىرىنى زادىلا يېنىكلىتەلمەيتتى.

بۇكورىۋ تۈنۈگۈنكى جېدەلدە ئۆزىنىڭ زادى نېمىشقا شۇنچە قاتتىق چېچىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل تۈنۈگۈنكى تاكاللىشىش ئۇنىڭغا مۇشۇنداق بىر مىنۇت تۇرۇۋېرىشمۇ ئۆزىگە بىر ئەسىرلىك ئازاب بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئايالى قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ كەچتە ئۆيگە سائەت توققۇز ياكى ئوندا قايتىپ كېلەتتى... تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئۆزىگە تونۇش ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلاپلا سافادا يېتىۋالدى ھەمدە قولىغا بىر گېزىتنى ئېلىۋالدى. ئەمما قېرىشقاندەك گېزىتنى تەتۈر تۇتۇۋالغانىدى. ئايالى ئۆيگە كىرىپلا دەرھال ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى سەزدى-دە، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇدۇللا قىلىپ:

— بۇكورىۋ، مەن ئۆگىنىشىمنى توختىتىپ قويۇشۇم كېرەكمۇ؟ لېكىن بۇ... — دېۋىدى ئۇ قوپاللىق بىلەن ئايالىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى. ئايالى جىم بولۇپ قالدى، ئەمما، ئۇ بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ، ئاغزىغا كەلگەن سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. ئايالى مۇنچىغا كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ياتىقىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن سەل تىنچلاندى، ئەمما، ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. يانىدىكى ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەربىر تىۋىشقا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ياتتى. ئۇ ئويلايتتى: مەن ئۇنى بوزەك قىلدىممۇ؟ قىلدىم. مېنىڭمۇ خىزمىتىم بار-دە. بۇ خىزمەت ئوخشاشلا مۇھىم، بۇ خىزمەتكە پۈتۈن تىرىشچانلىقىم ۋە ھەۋىسىم بىلەن بېرىلىۋاتقان تۇرسام، نېمىشقا ئۆز ئارزۇلىرىمنى قۇربان قىلىشىم كېرەككەن؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئايالىمنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ بەدەل كەتكەن بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ نەتىجىسى قانچىلىك بولار؟ ئۇ ناھايىتى كەلسە دىپلومغا ئېرىشىپ، لايىھەلەش ئورنىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە راھەتلىنىپ ئولتۇرار! ئەمما، مەن پەقەت راھەت، خاتىرجەم ئائىلە بولسىلا، ۋاپادار خوتۇنۇم ياخشى ياردەمچىم بولسىلا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن. ئىلمىي ئۇنۋان ئۈچۈن يازغان ماقالەم پۈتەي دەپ قالدى، ئەمما، ئۇنىڭ ماقالىنى گىرامماتىكا قائىدىسى بويىچە تۈزىتىپ چىقىشقا ياردەملىشىشكىمۇ ئايالىمنىڭ ۋاقتى يوق.

شۇ ئاخشىمى بۇكورىۋ بۇلارنى قايتا-قايتا ئويلاپ كەتتى. ئاندىن ئۇ پۈتۈنلەي تىنچلاندى ھەمدە ئەتىدىن باشلاپ بىر ئىش قىلماقچى، يەنى ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆز خوتۇنى— قانۇنلۇق ھەمراھىغا قارىتا بىر چوڭ ھەرىكەت ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئۇ مۇنداق كۈنلەردىن جاق تويدۇم، ئەمدى ھەقىقىي ئەركەك بولۇش ۋاقتى كەلدى، دەپ ئويلايتتى.

ئەمما... بۈگۈن ئايالى نېمىشقا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ؟ ئىشقا مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ! ئۇ قەستەن ساقلىقىم يوق ياكى يۈرىكىمدىن تويۇقسىز چاتاق چىقىپ قالدى دەپ تۇرۇۋالسۇنمۇ-يە؟ ياق، بولمايدۇ، بۇ سەممىيەتسىزلىك، ئالدامچىلىق.

ئاخىرى، ئىشىكنىڭ جالاق قىلىپ تاقالغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ قوپتى: خەت، ئۇ چوقۇم خەت تاشلاپ قويدى، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئەمما، خەت يوق ئىدى، ئاشخانىدا يۇيۇلمىغان بىر مۇنچە قاچا، تەخسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ھەي...

بۇكورىۋ مۇنچىغا كىردى. ئۇ دېموكراتىك گېرمانىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان چىش پاستىسىدىن پاستا چىقىرىپ چىشىنى چوتكىلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدا قىرتاقىراق تاتلىق تەم پەيدا بولدى. ئۇ چىشىنى چوتكىلىغاچ كېيىنكى قەدەمدىكى ھەرىكەت پىلانى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى: ئاۋۋال ئوبدان ياسىناي، يەنى كىشىلەر دائىم ئېيتىدىغاندەك ئوبدان پەرداز قىلاي، ئاندىن چىقىپ كېتەي. نەگە باراي؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم، كۆزۈمگە نە كۆرۈنسە شۇ يەرگە باراي! ئەلۋەتتە، ۋاقىت ئۇزۇن بولماسلىقى كېرەك! ئەڭ بولمىغاندا، بىر مەھەل بولسىمۇ مەيلى. ئىرتتا كەچ كىرگىچە يۈرۈشۈم كېرەك، ئەگەر ئۇ ئازلىق قىلسا، يەنە بىر كېچە، توپتوغرا بىر كېچە ئۆيگە قايتماسلىقىم كېرەك. شۇنداق بولسۇن، خالىغان بىرەر يەردە بىر كېچە قونۇپ، كېچىدە ئەمەس، ئەتە ئەتىگەن ئۆيگە قايتىپ، خوتۇنىنىڭ ئىچىنىڭ تىتىلداپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقاي.

ئۇ ھېچنېمىنى يىغىشتۇرماي، ھەممە نەرسىنى ئۆز پېتىچە تاشلاپ قويماقچى بولدى. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن بىر ۋاراق قەغەز تۇشقىچە خەت يېزىپ، كېچىدىن بۇيانقى ئويلىرىنى بايان قىلدى، خەتنىڭ ئاخىرىدا: «قاچان قايتىپ كېلىشىم ئېنىق ئەمەس» دەپ يازدى. بىردەم ئويلىنىپ، بىردىنلا يەنە «ساڭا تولۇق ئەركىنلىك بەردىم» دەپ قوشۇپ قويدى.

بۇكورىۋ ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان سۇس كۆل رەڭ سوكنو پەلتوسىنى، پەلتوسى بىلەن ئوخشاش رەڭدىكى يۇمشاق باشلىقىنى كىيىپ، خۇددى بىر بويتاق قىياپىتىدە ئۆيدىن چىقتى. ئۆيدىن چىقىۋاتقان پەيتتە ئوغلىنى ئويلىدى: كېرەك يوق، ناھايىتى بالا بىر ۋاق چۈشلۈك تاماق يېيەلمەيدىغان بولدى، بۇنى ئانىسىمۇ بىلىپ قالسۇن!

ئۇ تاكسى ماشىنا بېكىتىدە بىر قارارغا كېلەلمەي بىردەم مېڭىپ يۈردى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بارىدىغان يېرى يوق، ئۇ دەرس ئۆتىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇش باشلىنىشىغا يەنە تېخى بەش كۈن بار ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بوپتۇلا، شەھەر مەركىزى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەي. ئۇ باشقىلارغا ئەتىگەندە ئىشى يوق چۆگىلەپ يۈرگەن ساياھەتچى ياكى چەتتىن كەلگەن كىشىدەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن، قەستەن ناخشا ئاھاڭىغا ئىسقىرتىپ ماڭدى. ئۇ ئالدىدىن كېلىۋاتقان ئاياللارغا دىققەت بىلەن سەپسالدى (ئۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى)، يەنە ماگىزىنلارنىڭ كۆرگەزمە دېرىزىلىرى ۋە كىتاب بوتكىلىرى ئالدىدا توختاپ، ئۇلارغا قاراپ چىقتى. كۈز كىرىپ قالغاچقا دېڭىز تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەمخۇش ھاۋا ئۇنى تىڭدۇراتتى. دېڭىز قىرغىقىدا، بۇكورىۋ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىر پارچە «تېز يۈگۈرۈش» لاتارىيە بېلىتى سېتىۋېلىپ، بىراقلا 25 رۇبلى ئۇتتۇۋالدى، ئەمما، بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ھەيران بولۇپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تەلەيلىكلىكىگە ھەمىشە تولۇق

ئىشەنمەيتتى، شۇنداقتىمۇ خۇشال بولدى.

ھازىر بۇ پۇلنى ئەھمىيەتلىك بىرەر ئىشقا خەجلەش كېرەك ئىدى: پاراخوتقا ئولتۇرۇپ بىر قېتىملىق ئۈچ سائەتلىك بولغان دېڭىز ساياھىتى قىلىش ياكى قەھۋەخانىغا كىرىش كېرەك، ياكى ياخشى ئاشخانىسى بار كىنوخانىغا كىرىپ كىنو كۆرۈش، ياكى شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىقتا ئېچىلغان ئاشخانىغا بېرىش كېرەك، ئۇ يەرنىڭ تاماق-قورۇمىلىرى بەك قىممەت بولسىمۇ مەيلى. زادى بولمىسا، ماگىزىنىدىن بىرەر گالىستۇك ئالسىمۇ ياكى كېپىنەك قىسقۇچ ۋە ياكى بىرەر قەلەم ئالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. شۇنداق-تە، بۇ پۇلنى خەجلەشكە ئورۇن دېگەن كۆپ.

ئۇ خوتۇنىنى ئويلىمىدى، چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ قەلبى يېڭىچە بىر ئەركىنلىك ھېسسىياتى بىلەن تولغانىدى. ئەمما، ھەقىقەتىنى ئېيتقاندا، بۇ ئەركىنلىك كۆپرەك مەنىسىز، زېرىكەرلىك ئەركىنلىككە ئوخشايتتى. بىراق، ئۇ بۇلارنى ئويلاشنى خالىمايتتى...

باغچىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا كىيىملىرى كونا ئىككى قىز ئولتۇراتتى. ئۇ ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق باشقىچە بىرەر غەرەز يوق ئىدى. بىر قىز سومكىسىدىن ناچار بىر قاپ تاماكا ئالدى، يەنە بىرسى قاپىقىنى تۈرۈپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بۇكوردۇقا قاراپ قويدى، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سۆزگۈچلۈك ئۇزۇن تاماكىسىغا قاراپ قويدى.

ئەگەر ئۇلار ئېغىز ئېچىپ سوراپ قالسا، ئۇلارغا بېرەي. ئۇ سېخىلىق بىلەن ئاشۇ نىيەتكە كەلدى. ئەمما، ئۇ ئىككى قىز ھەتتا ئۇنىڭدىن سەرەڭگىمۇ سورىماي، ئۆزلىرىنىڭ كىچىك سومكىسىدىن سەرەڭگە ئاختۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا، ئىزىدىكى بەلگىسى يىرتىلىپ كەتكەن چوپانچە ئىشتان ۋە ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن ئىككى يىگىت كېلىپ، قىزلار بىلەن بۇكوردۇنىڭ ئارىسىدا گۇپپىلا قىلىپ ئولتۇردى. ئارقىدىنلا قىزلارنىڭ قىزغىن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يىگىتلەر، سىلەردە ياخشى تاماكا ۋە سەرەڭگە بارمۇ؟

بۇكوردۇ مەيۈسلۈك بىلەن ئۆزىنىڭ 40 ياشقا كىرىپ قالغانلىقىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى. 40 ياش قېرىغانلىق ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما، ياشلىقمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا نېمە دېيىش كېرەك؟ ئېھتىمال بۇ يەردىكى مۇھىم نەرسە ياشتا ئەمەس، بەلكىم باشقا نەرسىدۇر؟ لېكىن، ئۇ زادى نېمە؟

بۇكوردۇ ئۇ يەردىن قوپۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىر بوتۇلكا كۇۋاس سېتىۋالدى، بىر ماروژنا يېدى، تاۋار ئېلانلىرىنى كۆردى، ئائىلىسى ئۈچۈن سوغىغا كۆچۈرۈلگەن بىر تەشتەك گۈل زاكاز قىلدى، ئۇ بۇ گۈلنىڭ ئىسمىنى ئۇقمايتتى. پەقەت خېلى بۇرۇنلا ئايالىنىڭ ئۆيىگە مۇشۇنداق گۈلدىن بىر تەشتەك قويۇش ئارزۇسى بارلىقىلا ئېسىدە ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ گۈلنى كېيىن ئالسىمۇ كېچىكمەيتتى، ئەمما، ھازىر ئالسا ئايالىنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى. ئۇ ئىستانسىدىكى تۆمۈريول بىلەن مەيدانىنى ئايرىپ تۇرىدىغان رېشاتكا يېنىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ، ئالدىدىن يالت-يۇلت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يېشىل ۋاگونلارغا تىكىلدى، ۋاگونلارنىڭ

ئاق پەردە تارتىلغان دېرىزىسىدىن
يولۇچىلارنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا
ئۇلارغا مەسلىكى كەلدى، شۇنىڭ بىلەن
ئۆزىنى، تېخىمۇ غەمكىن
ھېس قىلدى. ئۇ ئەگەر ھازىر
مەنمۇ ئاشۇ ۋاگوندا چىقىۋالغان بولسام
نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، لېكىن
نەگە بارىمەن... دېگەنلەرنى خىيالىدىن
ئۆتكۈزدى.

ئۇ سائىتىگە قارىدى، ئوغلىنىڭ مەك-
تەپتىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.
ئۇ چوقۇم ئاۋۋال ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرى-
شى،قازاننى ئېچىپ ئۇنىڭ قورۇق تورغانلىقىنى
كۆرۈپ، كەمپۈت، مۇراببالارنى ئېلىپ
يېيىشى، ئاندىن بۇ ئاز تېپىلىدىغان ئەر-
كىنلىكتىن خۇشال بولۇپ، چوقۇم باشقا
باللار بىلەن قاراڭغۇ چۈشكىچە ئويناپ،
دەرسلىرىنى تەكرارلاشنى بىر ياققا چۆرۈپ
تاشلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئوغلىنىڭ
تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش
ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش بوكورىۋنىڭ مەسئۇلى-
يىتى ئىدى.

ئەمما، ئوغلى خېلى ياخشى چوڭ بول-
دى: ئۇنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى ياخشى،
ناھايىتى تىرىشچان، دېيىشكە بولاتتى. ئۇ
يىغلاشنىلا بىلىدىغان دىتسىز باللاردىن
ئەمەس، مۇستەقىل ياشاش روھىغا ئىگە بالا
ئىدى. ئوغلىنى تەربىيىلەش جەھەتتە بوكو-
رىۋ بىلەن خوتۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ-
قاچان ئوخشىمايدىغان پىكىر بولۇپ باق-
قان ئەمەس. بۇ يەنىلا خوتۇنىنىڭمۇ ھازىر
تەربىيە ئېلىۋاتقانلىقىدىن-دە. مۇنداق دېيىش
بىر ئاز مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەنلىك بولامدۇ
نېمە؟ ئۇنداق بولمىسا، ئوغلى نېمىشقا
ھەمىشە قانداقلا ئىش بولسا ئاۋۋال ئانىسى-

نى ئىزدەيدۇ؟ ئۇنىڭغا ئۆز ھالىنى، خۇشال-
لىقى ۋە قايغۇسىنى ئېيتىدۇ؟ بالا تېخى
كىچىك - تە، كىچىك بولغاندىن كېيىن
ئانىسىدىن ئايرىلمايدۇ - دە!

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى. بوكورىۋ
بىر كىنوخانىنىڭ قەھۋەخانىسىغا كىردى.
ئۇ بۇ يەرگە زادىلا كېلىپ باقمىغان، راس-
تىنى ئېيتقاندا، ئۇ شەھەردىكى باشقا ئاش-
خانىلارغىمۇ ئاساسەن كىرىپ باقمىغان. ئۇ
ئىختىيارسىز خورسىندى: مەنىسىز،
مەززىسىز ياشاپتىمەن! كۆڭۈل ئېچىش،
ھۇزۇر-ھالاۋەت كۆرۈشنىمۇ بىلمەيدىكەن-
مەن، پەقەت ئائىلە، ئىشقا بېرىش، ئائىلى-
گە قايتىشنىلا بىلىدىكەنمەن. مۇنداق كېتى-
ۋەرسەم، ئۆزۈمگە بارمايدىغان ماكچىيىپ كەتكىدەك-
مەن... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، قىلچە ئىككى-
لەنمەي قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ،
لىق ئادەم ئولتۇرغان، ئىچى دىمىق بولۇپ
كەتكەن بىر چوڭ خانىغا كىردى. ئەسلىدە
كوندۇزى قەھۋەخانىلاردا تاماقنى خېرىدار
ئۆزى ئېلىپ يەيتتى. ئۇ نېمىشقا بۇلارنى
ئويلاپ كۆرمىگەندۇ؟ خانىدىكى دىمىق ھاۋا
تەسىرىدە ئۇ تەرلەپ كەتتى. ئىختىيارسىز
ئۆز ئۆيىنىڭ ئازادە ئاشخانىسىنى ئېسىگە
ئالدى. ئۇ بۇ يەردە ساق 40 مىنۇت ئۆرە
تۇردى، ناھايىتى تەمسىز ئېتىلگەن قىزىل-
چا شورپىسىنى ئىچتى، گۆشى سەل پۇراپ
قالغان گۆش نان ۋە ناھايىتى ناچار مۇراب-
با يېدى، ئۇنىڭ ئاناناس مۇراببىاسى ياكى
ئەمەسلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ بۇ
يەردىن تېززەك چىقىپ كېتىپ ئەركىنرەك
نەپەس ئېلىش ئۈچۈن، ئالدىراشلىق بىلەن
سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئەمما، ئىشىك ئالدى-
غا بارغاندا، بىر ئايال قاتتىق ۋارقىراپ
ئۇنى تىرختىمىۋالدى:

— گراژدان، ئىشلىتىپ بولغان قاچا-قۇچىلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ، بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەس! — بۇكورىۋنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى-دە، دەرھال ئارقىغا قايتىپ ئىشلەتكەن تەخسىلەرنى ئېلىپ، پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىپ قويدى.

— بۇ ئۆيىڭىز ئەمەس! — بۇكورىۋ ئۇ ئايالنىڭ ئاۋازىنى دورىدى، — لېكىن ئۆيدە مېنىڭ ھەممە ئىشنى قىلىدىغانلىقىمنى، ھەممىنى يىغىشتۇرىدىغانلىقىمنى كىم بىلسۇن! — ئۇ بۇلارنى ئويلاپ كۆرمىگەن، بۇ جان ئالغۇر مەسئۇلىيەت مۇشۇ يەردىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا چاپلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ كوچىغا چىقىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى-دە، روھى چۈشكەن ھالدا ئويغا چۆكتى: قالغان يېرىم كۈننى ۋە بۈگۈن كەچنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن؟ سىرتتا قونۇپ قالسام قانداق بولار؟ ياخشىسى، بالدۇرراق ئۆيگە قايتىپ كېتەي! ياق، ھازىر تېخى بولمايدۇ!

ئۇ ئەركىن قەدەم بېسىپ بىر مەركىزىي ماگىزىنغا كىردى. خۇددى بىر نەرسە ئىزدەيدىغاندەك ھەممە پەشتاختىلارنى ئايلىنىپ چىقتى. دەسلەپتە ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىر قۇتا ئەرەب ئەتىرىسى ئالماقچى بولدى، لېكىن ئارقىدىنلا نىيىتىدىن يېنىپ، يەنىلا خوتۇن ئۆزى ئالسۇن، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۈچ قاپ ئىسىم كارتوچكىسى سېتىۋېلىپ، ماگىزىندىن چىقتى. «ئالماس» ئۈنچە-مەرۋايىت دۇكىنى ئالدىدا! ئەۋرىشكە دېرىزىلىرىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زىننەت بۇيۇملىرىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ مۇنداق قىممەتلىك ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە زىننەت بۇيۇملىرىغا ئەزەلدىن ھەۋەس قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئايالىمۇ شۇنداق. ئۇ ئايالىنىڭ بۇ نەرسىلەرگە قىزىقمىسىمۇ، ئەمما، ھەرقانداق كىيىمنى ئۇزۇنغىچە ناھايىتى پاكىز، چىرايلىق كىيىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ھەمىشە شۇنچە يارىشىملىق، مودا كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئويلىدى.

«ھەقىقەتەن ياخشى خوتۇن، — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز-ئۆزىگە قىزغىن مېھىر بىلەن، — ئۇ ئۇنداق ئەركە-نايناق، تەنتەك خوتۇنلاردىن ئەمەس».

ئۇ ئىلگىرى ئۆزى ھەر قېتىم ئىمتىھان بەرگەندە، ئايالىنىڭ ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۆزىنى ئوبدان دەم ئالدۇرىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۇنداق چاغلاردا ياكى يېزىلارغا، چوڭلارنىڭ يېنىغا باراتتى ياكى يىراقتىكى ئاراللارغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ كېلەتتى. بۈگۈنكى كۈندە نەدىمۇ ئۆينىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئېرىنى سىرتقا يالغۇز چىقىپ ئويناپ كېلىشكە ئەۋەتىدىغان خوتۇنلار بولسۇن! مۇشۇلارنى ئويلاپ بۇكورىۋنىڭ قەلبىدە ئىختىياسىز بىر يېقىملىق پەيدا بولدى.

ئۇلار كېلەر يىلى يازدا بۇلغارىيەگە بېرىشنى پىلانلىغانىدى. بۇكورىۋ ئۇ يەرگە بىر قېتىم بارغان بولغاچقا، يەنە بارغۇسى يوق ئىدى. ئەمما، ئايالى ھېچنەگە بېرىپ باقمىغان، شۇڭا ئۇنىڭ بېرىشى ئۈچۈنلا ئۇ بىللە بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ھەي، بىچارە! ئۇنىڭ ئوقۇشى تېزرەك تۈگىسە بولاتتى! ئۇ يېقىندا ئايالىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ بېلىدىن تارتىپ سىلىكىپ تۇرۇپ، خۇشاللىق بىلەن:

— قارىڭا، خېلىلا ئورۇقلاپتىمەنمۇ؟ نېمىدېگەن ياخشى! مانا بۇ زىلۋا بوي! —

دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمما، ئو-
رۇقلاۋېرىپ، مەگىز سۆگەكلىرى چىقىپ قال-
سىمۇ ياخشى بولمايدۇ - دە!

تويۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتتى. بۇ-
كورىۋ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، خۇددى سەر-
گەرداندەك بىر ئائىلىنىڭ ئىشىكىنىڭ لەم-
پىسى ئاستىغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە
ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەم - ئەندى-
شە ۋە يالغۇزسىراش ھېسسىياتى پەيدا بولدى.

ئۇنىڭ بۈگۈن 2 - قېتىم ئامەتى كې-
لىپ، ئىككى قىسىملىق بىر كىنونىڭ
بېلىتىنى ئالدى. يامغۇرلۇق كۈندە بۇنىڭدىن
باشقا نېمە ئىش قىلغىلى بولسۇن! نېمىلا
بولمىسۇن، كىنوخانىنىڭ ئىچى ئىسسىق ئىدى،
ئۇيقۇ كېلىپ قالسا ئازراق كۆز يۇمۇۋېلىشقىمۇ
بولاتتى. كىنو باشلاندى، بۇ يەنىلا ھېلى-
قىدەك ئائىلە ماجىراسى ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن فىلىم ئىدى: ئەر باش قەھرىمان
خوتۇنى بىلەن ئاشنىسى ئوتتۇرىسىدا قات-
راپ يۈرۈپ، زادى قايسىسى بىلەن بىرگە
ئۆتسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي
بىئارام بولاتتى.

«ئەگەر مەن ئاشۇنداق ئەھۋالغا
دۇچ كېلىپ قالسام، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ
ۋە يەنە دەرھال ئايالىنى خىيالىغا كەلتۈر-
دى، ــ ئەلۋەتتە، ئۇ تېپىۋالغان بىرەر
ئەر يوق، بۇ ماڭا بەش قولدەك ئايان،
ئەمما، كىم بىلىدۇ،... خوتۇنلار دۇنياسى
ئىچىدىكى ئىشلارنى بىلمەك تەس!»
ئەگەر ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي،
تويۇقسىز باشقىچە بولۇپ قالسىچۇ؟ ئەگەر
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئاشنى-
سى بارلىقىنى بىلىپ قالسىچۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە
ئۆزىگە زەربە بولىدۇ. ئەمما، قانداقلا بول-
مىسۇن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىمۇ ھەرگىز
سالپى - سایاق تۈرمۇش يولىغا كىرىپ كەت-
سە بولمايدۇ. ئۇ ئۆيىنى تاشلاپ چى-
قىپ كېتىدۇ ياكى خوتۇنىنى ئۆيدىن قوغ-
لاپ چىقىرىدۇ، خالاس. بولدى، بۇ نېمە-
دېگەن قورقۇنۇچلۇق ئىش - ھە! بۇنىڭ
ئۈچۈن قەيسەر ئىرادە بولۇشى كېرەك...

كىنو تۈگىدى. بۇكورىۋ كۆڭۈم پەر-
دىسىگە ئورالغان كوچىدا ئاستا ماڭماقتا.
ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى خۇددى ئىسسىقراق
بىر بۇلۇڭ ئىزدەپ يۈرگەن لالما ئىتقا ئوخ-
شاپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئېھتىمال،
شۇ تاپتا خوتۇنىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش يال-
غۇزلۇق ۋە ئىچ پۇشقى تارتىۋاتقاندۇ!
ھازىر ئەمدى يەنە ئاشخانىغا كىرىش مۇم-
كىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ يەر ھازىر ئادەم
بىلەن تولغا، بوش ئورۇن يوق ئىدى. ئۇ
كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆرە تۇرۇپ، بېلىق
گۆشىدە ئېتىلگەن مانتا يېيىشكە باشلى-
دى، ئۇ بوش كېكىرىپ قويدى. ئاندىن
يەنە باچىدىكى ھېلىقى تونۇش ئۇزۇن
ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ يې-
نىغا باشقا ئادەم كېلىپ ئولتۇرمىدى، بىرەر
ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشمىدى.
500 مىڭ نوپۇسى بولغان بۇ شەھەردە
بىرەر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشمەي-
ۋاتاتتى.

ئۆيگە قايتىش كېرەكمىكىن؟ ئۇ قات-
تىق ھېرىپ كەتكەنىدى. ئەمما، يەنىلا
ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇپ، بىرەر يېرىم سا-
ئەتتىن كېيىن ئۆيىگە قايتماقچى بولدى.

قاراڭغۇدا باغچىدا ئولتۇرۇۋاتقان
بۇكورىۋنىڭ كاللىسىغا نېمە ئۈچۈندۇر
تويۇقسىز غەلىتە خىياللار كېلىشكە باشلى-
دى. ئۇ يەردىن ھۆل ئىرەن شاخلىرىنى
تېرىپ ئېلىپ گۈل شەكلىدە قىلىپ تىزدى.

ئايالى بۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى.

بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بۇكورنىۋ توختاپ، ئۆز ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قارىدى. ئۆي قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئايالى چوقۇم ئۆزىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋېرىپ، ئاچچىقى كېلىپ ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك. ئايالى ئۆيگە كېلىپ (تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئۇ چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى) بالىنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بەردى. ئاندىن ھېلىقى خەتنى كۆردى... ئېھتىمال، ئۆيگە كىرىپلا خەتنى كۆرگەندۇ، دىلى ئازار يەپ يىغلاپ تاشلىغاندۇ، ئۇغۇ خوتۇنىنىڭ يىغلاپ باققىنىنى كۆرمىگەن. ئەمما، خوتۇن ھەر قانچە ئىرادىلىك، قەيسەر بولسىمۇ، چوقۇم ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەي، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى. شۇنداق، ئۇنىڭغا مۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك ئىدى. ئايالى ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ، خىزمىتى بار، قارايدىغان بالا بار. ئۇ مۇشۇنداق ئەلىتە ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بولار ئۇنىڭغا قانچىلىك چوڭ بېسىم بولغاندۇ-ھە!

ئۇ پەلەمپەيدىن ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيەي، ئۇنىڭغا ئاتايىتەن ئېلىپ كەلگەن ئىرەن شېخى گۈلدەستىسىنى كۆرسىتەي. ئۇ خۇش بۇي پۇراپ تۇرغان بۇ چىرايلىق ئىرەن شېخىنى كۆرسە چوقۇم خۇش بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى خاتىرجەم، خۇشال ھالدا ئۇيقۇغا كېتىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇ ئىشىكنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىردى ھەمدە سىيلاشتۇرۇپ يورۇپ كىچىك لامپۇچكىنى ياندۇردى. كارىۋاتلار بوش ئىدى، ئۈستەلدە ئۆزى قويۇپ قويغان خەت ئېچىلماي شۇ پېتى تۇراتتى.

— ئاپا سىزمۇ؟ — يان ئۆيدىن ئوغلىنىڭ ئۇيقۇلۇق توۋۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇخلا بالام، مەن كەلدىم، ئاپاڭ ھازىرلا كېلىدۇ! بۇكورنىۋ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەرھال ھېلىقى خەتنى ئېلىپ پۇرلەپ يانچۇقىغا سالدى. ئەڭ چىرايلىق بىر نەچچە تال ئىرەن شېخىنى تاللاپ لوڭقىدىكى گۈللەرنىڭ ئارىسىغا سانجىپ قويدى-دە، ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى...

(«مەشھۇر ئەسەرلەردىن زوقلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىلى 3-سانىدىن)

قادىر راخمان تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر قىسىم مەشھۇر زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتكە جياڭ زېمىن، چياۋ شى، سۇڭ پىڭ، لى رۇيخۇەن، لى تېيىڭ، دىڭ گۇەنگېن، ياڭ بەيبىڭ، ۋېن جياباۋ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى شيايەن، ليۇ بەييۇ، ياۋشۆيىن، ۋاڭ مىڭ، لى دېلۇن، جاڭ گۇاڭنيەن، گۇەنخۇا، ۋېي ۋېي، چېن روڭ، ليۇ چاڭيۇ، دۇڭ شۆۋېن قاتارلىق ئەربابلار قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا جياڭ زېمىن «ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش — ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرگە قويغان تەلىپى. مەن كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئاممىغا، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دادىل ئىجاد قىلىشىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلۇغ دەۋرىمىزگە، ئۇلۇغ مىللەتلىرىمىزگە مۇناسىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى تىرىشىپ يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى تەلىپىنى قاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىنغا قاتناشقان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنى، فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى قانداق قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى پالقۇنلۇق رېئال تۇرمۇشقا چۆكۈشكە يېتەكلەش، ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە پىكىر قىلدى، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا قىلغان غەمخورلۇقىغا تەشەككۈر بىلدۈردى.

△ ئالدىنقى يىللاردا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ يامرىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى چۆكۈردىغان، ئىنكار قىلىدىغان گەپ - سۆزلەر ئاۋۇپ قالغانىدى. ئاقىۋەتتە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىنكار قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەنىدى. «بارچە ئېقىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان «ماۋزېدۇڭ

ھادىسىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالە مانا شۇنداق
زەھەرخەندە ماقالىلەرنىڭ بىرى. بۇ ماقالىدە
بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىئالىزملىق قاراشلىرى ئار-
قىلىق ئېلىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىزملىق
ئىنقىلابى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ھەمدە
پرولېتارىياتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرى
ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىنغان. بۇ بۇرژۇئاچە
ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ قەبىھ ھال-
دا راۋاجلانغانلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى.

يېقىندا ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇ-
رۇش مەسىلىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئې-
چىلدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى مۇنداق ھې-
سابلىدى: ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدى-
يىسىگە قانداق باھا بېرىش، ماۋزېدۇڭ ئەدە-
بىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك
ئورنىدا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق ناھايىتى
مۇھىم پرىنسىپلىق مەسىلە. بۇ ئەدەبىيات -
سەنئەت ئىدىيىسى توغرىسىلىق ئېلىپ بېرىلغان
كۆپ قېتىملىق تالاش - تارتىشلارنىڭ مەركىزىي
نۇقتىسى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا بىزنىڭ
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەش
ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ھالقىلىق نۇقتىسى بو-
لۇپ كەلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
ئۈچۈن، جەزمەن ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرى-
يىسىنى، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدى-
يىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.
بۇنى ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەن-
ئىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان. بۇ زور پرىن-
سىپلىق مەسىلىدە قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىل-
غان ھالدا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-
لىرى ۋە كەلگۈسىدىكى نەتىجىلىرى ھەققىدە
سۆز ئاچقىلى بولمىغىنىدەك، ماۋزېدۇڭ ئەدە-
بىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى
چەتكە قايرىپ قويۇپ، جۇڭگودىكى يېڭى دېموك-
راتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەن-
ئىتىنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرى ۋە گۈللىنى-
شىدىن، پارلاق ئىستىقبالىدىن سۆز ئاچقىلى
بولمايدۇ. پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەر-
كىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان،
يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى مەركە-
زىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماۋزېدۇڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەسلى قى-
ياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، سوتسىيالىستىك
ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ را-
ۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يولداش دېڭ
شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماۋزېدۇڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش،
ئۇنى تەدبىقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا بىر
قاتار بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ماۋزېدۇڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك
ئورنىدا چىڭ تۇرۇشتا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى
ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. ماۋزېدۇڭ ئەدە-
بىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك
ئورنىنى قوغداش، دائىم تەكىتلەش كېرەك.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا چىڭ
تۇرۇش، ئاندىن ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەمەلى-
يەت داۋامىدا چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىيەت داۋا-
مىدا راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بىز ماركسىزم-
لىق ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشى، ماۋزېدۇڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلى-
كىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليو-
رۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر قولدا تەرتىپكە
سېلىشنى، بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى چىڭ
تۇتۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە ئۈز-
لۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

△ مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى ياش
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى يىغىنى

1991-يىلى 3-ئاينىڭ 7-كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چاقىرغان بۇ يىغىنغا ھەر مىللەتتىن بولغان 500 گە يېقىن ۋەكىل قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بىر قولدا تەرتىپكە سېلىشنى، بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ زاپاس كۈچلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

كۆلىمى زور، ۋاقتى ئۇزۇن، دائىرىسى كەڭ، تۈرى كۆپ، ۋەكىللەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى كىچىك، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ بولۇش بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىكى بولدى.

يولداش لى رۈيخۇەن تېلېفون بېرىپ، يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى تەبرىكلىدى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار بىلەن كۆرۈشكەندە قىلغان سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلدى.

جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىن مۇخەن «سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1991-يىلى 2-ئاينىڭ 12-كۈنى 1990-يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بىرلەشمىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى يىغىندا بىر يىللىق خىزمەتلەرنى ئەترابلىق خۇلاسىلەپ، 1991-يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«بىز بىر ئىلمىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بەرگەن يوليورۇقىنىڭ، يەنى «مۇقىملىقنى ئەستە تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىققا يېتىش، تەرەققىياتنى كۆزلەپ، قۇدرەت تېپىشنى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە بىر قولدا داۋاملىق تەرتىپكە سېلىشنى، بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت، يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ مۇقىملىقىنى، ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يامۇل ئىستىلىنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، جەمئىيەتكە، ئاساسى قاتلامغا، بىرلەشمىمىزنىڭ ئەزالىرىغا يۈزلىنىشىمىز لازىم. قانداق قىلغاندا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە يەنىلا بىزنىڭ يېڭى بىر يىلدا مۇھاكىمە قىلىدىغان مۇھىم بىر تېمىمىز.

1991-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۇلۇغ پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق بايرام كۈنى. 1992-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى — ماۋ جۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ داغدۇغىلىق بايرام كۈنى. بۇ ئىككى ئۇلۇغ بايرام كۈنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۆپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى پارتىيىگە، خەلققە تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.»

△ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى 1991-يىلى 2-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۈرۈمچىدە باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن چاي زىياپىتى ئۆتكۈزدى.

چاي زىياپىتىگە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى يىغىندا سۆز قىلىپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1990-يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1990-يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قەتئىي قارشى تۇرۇش، مەنىۋى ئەخلەتلەرنى قىلچە ئىككىلەنمەي تازىلاش ھەم ئامىمىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش، يەنى بىر قولدا تەرتىپكە سېلىشنى، بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم، دېگەن يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىپ، ئۆز خىزمىتىدە بىر مۇنچە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىرىنچىدىن، ئۆتكەن يىلى 2-ئايدا سانجىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 43 نەپەر ئەزاسىنى تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى. يىغىندىن كېيىن يازغۇچىلار جەمئىيىتى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتى قارمىقىدىكى 7 ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ 1987-يىلدىن 1990-يىلغىچە بولغان 3 يىللىق ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت نىشانىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ژۇرناللارنىڭ ساغلام نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى ۋە تۈرتكە بولدى. ئىككىنچىدىن، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆتكەن يىل بىر تەرەپتىن تۈزەش، يەنە بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلىنغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئەسەر مەنبەسى سېلىكىپ قالغان ئەھۋال تەدرىجىي ئوڭشالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 1990-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ مۇكاپاتلانغان بىر يىل بولدى. مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ھازىرقى زامان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى مۇكاپاتى پائالىيىتىدە «تارىم»، «شۇغىلا»، «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرناللىرى «باغۇەن» مۇكاپاتىغا، 3 نەپەر ئوبزورچى مۇنەۋۋەر ئوبزورچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باھالاشتا 15 ئاپتورنىڭ ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى يازغۇچى ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا، بەش يازغۇچى ئەدەبىيات ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، ئىككى تەرجىمان مۇنەۋۋەر تەرجىمان مۇكاپاتىغا) ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئوبزور، تەرجىمە ئەسەر ۋە مۇھەررىرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 22 ئەدەبىي ئوبزور، 37 تەرجىمە ئەسەر، 21 مۇھەررىر مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەزالىرىدىن خاۋ گۇەنجۇڭ، رەخىم قاسىم، دۇ شىڭفۇ، جاڭ دېيى، مۇھەممەت باغراش، جاڭ شىرۇڭ قاتارلىق 8 يولداش ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خادىمى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇكاپاتلاش، تەقدىرلەش، شەرەپلىك نام بېرىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، باھالاش، تاللاش جەريانىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتى نۇرغۇنلىغان جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۈچىنچىدىن، ئۆزۈندىن بۇيان ھەل بولماي ئېسىلىپ كېلىۋاتقان كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ كەسپىي ئۇنۋان مەسىلىسى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ھەل قىلىندى. 9 يازغۇچىغا بىرىنچى دەرىجىلىك، 21 يازغۇچىغا ئىككىنچى دەرىجىلىك، 4 يازغۇچىغا 3- دەرىجىلىك يازغۇچى ئۇنۋانى بېرىلدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى يەنە ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان 20 نەپەر توختاملىق كەسپىي يازغۇچى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، توختامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىغىنلىرىنى ئېچىپ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش بازىلىرى قۇرۇپ تۆۋەنگە بۆزلىنىشىگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك يېزىشىغا تۈرتكە بولىدى. بۆلتۈر يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە 128 ئەزا قوبۇل قىلىندى. ھازىر جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەزالىرى 859 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى 70% نى ئىگىلەيدۇ. 103 كىشى مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. بۇنىڭ 65% ىنى ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىگىلەيدۇ. ئۇندىن باشقا ئۆتكەن يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەش، «تارىم مۇكاپاتى» تارقىتىش، «تارىم» ئەدەبىيات فوندى قۇرۇش، ھەرقايسى ژۇرناللارنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆگىنىش كۇرسى، كىچىك كۆلەملىك مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە يازغۇچىلار جەمئىيىتى يېقىندىن ياردەملەشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يازغۇچىلار جەمئىيىتى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا 20 كىشىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى، ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى، سىرتتىن كەلگەن 15 يازغۇچىنى كۈتۈۋالدى.»

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى سىياسىي باشقارمىسى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 1991- يىلى 3- ئاينىڭ 8- كۈنى ئۈرۈمچىدە «8- مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىنىڭ 81 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چاي زىياپىتى ئۆتكۈزدى. چايغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن جاڭ گۈيتىڭ، قەييۇم تۇردى، شاكەن ئوڭالباي، مەھەممەت شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن قاتارلىق يولداشلار، بىرلەشمىگە قاراشلىق ھەرقايسى جەمئىيەت ۋە بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى، بىرلەشمىدىكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئايال ئاپتورلار بولۇپ 100 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىنرائاي ھۈسەيىن قاتارلىق يولداشلار سۆز قىلدى. شائىرەلەر شېئىر ئوقۇدى.

△ شائىر تۈمۈر داۋامەتنىڭ «يۈرەك ناخشىسى»، «يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى 1989-1990- يىللىرى ياپونىيىدە ياپون تىلىدا نەشىر قىلىندى. ئۇنىڭ «دوستلۇق كۈيى» ناملىق شېئىرى سوۋېت قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە چىقىدىغان «كوممۇنىزىم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1990- يىللىق 26- دېكابىر سانىغا بېسىلدى. ئۇنىڭ يەنە بىر مۇنچىلىغان شېئىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە چىقىدىغان «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات - سەنئىتى»، «قازاق ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن تونۇشتۇرۇلدى.

△ يېقىندا شەندۇڭنىڭ جىنەن شەھىرىدە ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مەملىكەت بويىچە 60 تىن ئارتۇق ئالىم ۋە

نەزەرىيە خادىمى قاتناشتى.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى مۇنداق ھېسابلىدى: ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقى مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. ماركسىزم سۇبيېكتلىققا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ماركسىزمچى كلاسسىك يازغۇچىلار ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىسىدە سۇبيېكتنىڭ ئورنى ۋە رولىنى تەكىتلىدى. ئەمما مەلۇم بىر مەزگىل ئىچىدە، ئىنتايىن سول ئىدىيەۋى ئېقىم ۋە مېتافىزىكىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىمىز ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزدە سۇبيېكتلىققا سەل قارالدى. شۇڭا ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى كۈچەيتىش تامامەن زۆرۈر ئىدى. بىراق «ئەدەبىي ئوبزور» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ليۇ زەيفۇنىڭ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقى» نەزەرىيىسى ماركسىزملىق ئىز بىلەن ماڭمىدى، ئۇ ئىدىيە جەھەتتە نەزەرىيەۋى ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا يامان تەسىر بېرىپلا قالماستىن، سىياسىي جەھەتتىمۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يەل بېرىش رولىنى ئوينىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەسىرىنى تازىلاش زۆرۈر.

ليۇ زەيفۇنىڭ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقى» نەزەرىيىسى سۇبيېكتىپ ئىدىئالىزملىق ئەدەبىيات قارىشى. ئۇ سۇبيېكتنى مەنىۋى سۇبيېكت ۋە ئەمەلىي سۇبيېكت دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، مەنىۋى سۇبيېكتنى ئەمەلىي سۇبيېكتتىن ئۈستۈن قويۇپ، ئەمەلىي سۇبيېكتنى مەنىۋى سۇبيېكت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن مەنىۋى سۇبيېكتقا مۇتلەق مۇستەقىللىك ۋە ئوبيېكتىپنى بەلگىلەيدىغان، ھەممىنى تىزگىنلەيدىغان چەكسىز كۈچ - قۇدرەت بېرىۋەتتى. ئۇ مەنىۋى سۇبيېكتنىڭ بۇنداق ھەل قىلغۇچ كۈچ - قۇدرىتىنى رېئاللىقتا ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئامال - چارىسى يوق، ئۇنى پەقەت ئەدەبىياتتىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلىش زۆرۈر، دېدى. مانا بۇ سۇبيېكتنى ھېچقانداق يۆلەك - تايانچىسى يوق، يەككە - يېگانە، سۇبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل مەنىۋى ساھەگە، ھېچقانداق رېئال ئاساسىمۇ، ئوبيېكتىپ مەزمۇنىمۇ يوق نوقۇل ئوي - خىيالنىڭ مەنىۋى بەلگىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىق. مۇنداق سۇبيېكت رېئاللىقتا زادىلا مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ تامامەن بىر خىل سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزملىق پەلسەپەۋى ئويدۇرما. مۇنداق سۇبيېكت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، دەپ تەرغىب قىلغانلىق، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئىنكاس نەزەرىيىسىنى ھەمدە دەۋر، جەمئىيەت، سىنىپنىڭ يازغۇچىغا بولىدىغان چەكلىمە - شەرتلىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىنىپىلىكى، ئىجتىمائىيلىقى ۋە دەۋرچانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق.

ليۇ زەيفۇنىڭ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقى» نەزەرىيىسى تارىخىي ئىدىيالىزملىق قاراشنى كەۋدىلىك تەرغىب قىلدى. ئۇ «ئادەمنىڭ ئەركىن ماھىيىتى» ھەققىدە ئابستراكت ئىنسان تەبىئىتى ئارقىلىق تارىخنى كۆزىتىپ، «ئادەم — غەيرىي ئادەم — ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى» دېگەندەك ئابستراكت تارىخىي فورمۇلىنى تەرغىپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل رېئال جەمئىيەتنى «ئەركىنلىك» تىن مەھرۇم، «كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە تولغان»، «ياتلاشقان» جەمئىيەت دەپ ئاتىدى، رېئال جەمئىيەتنىڭ يېتەكچى ئالاھىدىلىكى — «سۇبيېكتلىقنىڭ يوقالغانلىقى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلاردىن ئەدەبىياتتا «ئۆزىگە قايتىش»، «ئەركىن تاللاش»، «ئۆزىنى كۆرسىتىش»، «ئادەمنىڭ ئەركىن،

ئومۇمىيۈزلۈك بولمىغان مەۋجۇتلۇق شەكلىدىن قۇتۇلۇش» نى تەلەپ قىلدى.

لېۋزەيفۇ ئابستراكت ئىنسان تەبىئىتىنى چىقىش قىلىپ، ئابستراكت ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئەدەبىياتنىڭ بايرىقى قىلىپ «مۇھەببەت» ئارقىلىق «سوتسىيالىزمنىڭ ياتلىشىشى»نى تۈگەتمەكچى، «كۆز يېشى ئەدەبىياتى» ئارقىلىق سوتسىيالىستىك رېئاللىقنى تەنقىد قىلماقچى بولدى.

لېۋزەيفۇنىڭ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپلىقى» نەزەرىيىسى غەيرىي ئىدراكچىلىق تۈسىگە ئىگە. ئۇ غەيرىي ئىدراكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆزىنى ئىپادىلەشنى تەرغىب قىلدى، جىنسىي تەلەپنى ئەدەبىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، دېدى. يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئەدەبىياتتىكى رولىنى كۆپتۈرۈپ، غەيرىي ئاڭلىقلىقنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ بىلىشنى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سەزگۈچانلىقىنى غەيرىي ئىدراكلاشتۇرۇشنى، ئۆزىنى سۆيۈشنى چىقىش قىلغان «مۇھەببەت ئۈچۈن مۇھەببەت»نى، «نېمە ئۈچۈن سۆيىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان مۇھەببەت» دېگەندەكلەرنى تەرغىب قىلدى.

يىغىنغا قاتناشقانلار مۇنداق ھېسابلىدى: «لېۋزەيفۇ ھادىسى» بىزگە قاتتىق ساۋاق بەردى. بىرىنچىدىن، بىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە جەزمەن ئېتىبار بېرىشىمىز، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشتەك ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىك نۇقتىسىدىن ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك، نۆۋەتتە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە تەۋرەنمەستىن قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىشەنچلىك ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلارنى تېرىشىپ تەۋرەنمەس ۋە سەگەك ماركسىزمچىلارغا ئايلاندۇرۇشىمىز، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا، ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئوبدان چېنىقتۇرۇشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى تەدبىقلاپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشىمىز، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

Δ 80- يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەدەبىيات ماھىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىكى نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى. يولداش ۋاڭ مېڭنىڭ بىرمۇنچە ماقالىلىرى، بولۇپمۇ «ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ مەنبەسى»، «ئەدەبىيات دېگەن بۇ شەيتان» دېگەن ماقالىلىرى ئەدەبىياتنىڭ كۆپ مەنبەچىلىك نەزەرىيىسىگە ئائىت ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر ئىدى. بۇ نەزەرىيە ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى نەزەرىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىگە زىيان يەتكۈزدى، يېقىندىن بۇيان گېزىت-ژۇرناللاردا ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، يولداش ۋاڭ مېڭنىڭ بۇ نەزەرىيىسى تەنقىد قىلىنىدى.

ۋاڭ مېڭ مۇنداق دېگەنىدى: «ئەدەبىيات خۇددى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ يەككە-يېگانە، بىر خىللا ماھىيەتلىك ئەمەس». كونكرېت ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ھەم «بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى»، ھەم «بىر خىل ھاياتلىق ھادىسى». شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى بىر مەنبەلىك ئەمەس، «ئۈچ مەنبەلىك ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىنىڭ بىرلا مەنبەسىنى بىلىپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەنبەلىرىنى بىلمەسەك بولمايدۇ»، «مەن سېنى يەۋېتىمەن ياكى سەن مېنى يەۋېتىسەن» دېگەنلەر بىلەن ئازراق شۇغۇللىنىپ، «ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تار ئەدەبىيات قارىشىنىڭ ئۆزگىلەرنى چەتكە قېقىشىنى

بۇزۇپ تاشلاش كېرەك». دېمەك، ئەدە-
بىياتنىڭ ماھىيەتلىك مەنبەسى بىرلا دەيدى-
غان ھەرقانداق قاراش «بىرلا سۆزدە چەك
تۇرۇۋالىدىغان تار رامكىدىن باشقا نەرسە ئە-
مەس». ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىنىڭ كۆپ مەن-
بەلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشلا تەشەب-
بۇس قىلىشقا بولىدىغان «چۈشىنىشلىك پوزى-
تسىيە». شۇڭلاشقىلا «ئەدەبىيات ئۈستىدە
كۆپ تەرەپلىك ئىزدىنىش ئېلىپ بارغىلى بو-
لىدۇ.» «مېنىڭچە، ئەدەبىيات ھەققىدىكى ھەر-
خىل چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق
ئاساسى بار، ئەمما ھەممىسى ئوخشاشلا ئادەم-
نى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.» مەسىلەن، «ئەدەبى-
يات ـ ئەقلىي ئويۇن»، «ئەدەبىيات ـ بىرخىل
نوقۇل شەكىل»، ئەدەبىيات «تۇرمۇش بىلەن
مۇسابىقە قىلغۇچى»، «ئەدەبىيات ـ يازغۇچىنىڭ
چۈشى»، «ئەدەبىيات ـ تۇرمۇش دەرسلىكى».
ھەتتا «ئەدەبىيات چوڭ تەرەت» دېگەنلەر-
نىڭ ھەممىسىنىڭ «ئاساسى بار، ئەمما ھەم-
مىسى ئوخشاشلا ئادەمنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.»
يۇقىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، يولداش ۋاڭ
مىڭ بۇ يەردە «ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ مەنبەسى»
ئۈستىدىلا ئەمەس، كۆپ مەنبەسى ھەققىدە
سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇ بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئە-
دەبىياتنىڭ ماھىيىتىنى چەكسىز، قاياققا تارت-
سىلا بولىۋېرىدىغان ساھەگە ئايلاندۇرۇپ قويماقچى.

يولداش ۋاڭ مېڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك
نەزەرىيىسى ئالدى بىلەن ماركسىزم ۋە مارك-
سىزملىق ئەدەبىيات قارىشىغا بولغان گۇمان
ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان.
ئاندىن ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسە
ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي رېئاللىقنى
ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى، يازغۇچىنىڭ ئۆز
ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە مەسئۇل
ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. ئۇنىڭ كۆپ
مەنبەلىك نەزەرىيىسى غەرب ئەدەبىيات

ئىدىيەۋى ئېقىملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇئەييەن-
لەشتۈرگەن ۋە تەرغىب قىلغان.

△ شائىرنىڭ شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تۇرمۇشقا چوڭقۇر
چۆكۈش تېمىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى،
كۆپچىلىك ئاممىغا يېقىنلىشىش، تۇرمۇشقا
يېقىنلىشىش، ئەمەلىيەتكە يېقىنلىشىش شو
ئارى ئاستىدا، تۇرمۇشقا چۆكۈش مەسىلىسىنى
كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە قىلدى. ئۇلار مۇنداق
ھېسابلىدى: ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈ-
رۈش، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەسەرلەرنى
يارىتىشتا تۇرمۇشقا چۆكۈش مۇھىم رول ئوينايـ
دۇ. بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ياشا-
ۋاتىمىز. مۇشۇ ئۇلۇغ ئىسلاھات دەۋرىنى ئە-
كس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلاھات دەۋرىدىكى
جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنى چۈشىنىش كېرەك.
ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى،
يالقۇنلۇق تۇرمۇشقا چۆكۈپ، خەلق بىلەن
تەقدىرداش بولغاندىلا، دەۋر روھى روشەن
ئىپادىلەنگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتقىلى
بولىدۇ. تۇرمۇشقا چۆكۈش نەزەرىيە مەسىلى-
سىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت مەسىلىسى
ھېسسىيات مەسىلىسى. تارىختىن بۇيانقى
داڭلىق ئەسەرلەر دەۋر روھىنى ئىپادىلى-
گەنلىكى، چىنلىققا سادىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا
شۆھرەت قازانغان. چىنلىق يازغۇچىنىڭ مەيدانى-
دىن، تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسىدىن كېلىدۇ.
يىغىندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى-
نى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئۇيۇشتۇرۇشتا
ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ چاقى-
رىق بىلەنلا قانائەتلەنمەي كۆپرەك ئەمەلىي
خىزمەت ئىشلىشى، تۈۋەن بىلەن دائىم مۇنا-
سىۋەتلىشىپ ئىمكانىيەت يارىتىشى، كونكرېت
تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى، ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەت خادىملىرىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى
ھەل قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم


تۇرمۇش ۋە ئاپتور








شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «يۈرەك ناخشىسى»، «يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق شېئىر توپلاملىرىنىڭ مۇقاۋىسى.



《塔 里 木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1991 - يىل 5 - سان (363 - سان)، 41 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1010／I　　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 _ 1010 / I
本刊代号：58－66 定　价：1.40 元　　ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن
邮政编码：830000 :پوچتا نومۇرى